# قەشقەر ئەدەبىياتى

AltunOq

2

1984

# قەشقەر ئەدەبىياتى

1984 - يىل 2 - سان

14 - يىل نەشرى

AltunOq

قەشقەر ۋىلايەتلىك

ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت ئىشخانىسى

# بۇ ساندا


مەنىۋى بۇلغىنىشنى تازىلاش ئۈچۈن «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «قەشقەر گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇن - لارغا يېزىت-ژۇرناللارنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ چىقتى ... (خەۋەر) ........ 1
ئارمىنىغا يەتكەن قىز ........ (ھېكايە) ........ ماھىگۈل پەخىردىن 3
ئەيىپكار ........ ( » ) ........ دىلبەر قەييۇم 10
ئانا قەلبى ........ (نەسىر) ........ ئادالەت ھېيىبۇللا 22
چوپانلار قەلبى ........ (شېئىر) ........ ئاتىكەم زەمىر 26
پەزىلەت ........ (ھېكايە) ........ فەلىبە مۇھەممەت 27
ئىككى شېئىر ........ ئاتىكە مىرەخمەت 30
شېئىرلار ........ تۇنىسا ھەسەن 31
ئىككى غەزەل ........ مۇكەررەم ئەبەيدۇللا 33
ئىككى شېئىر ........ ئىبادەت ئىمىن 35
ئىككى شېئىر ........ زۆھرا فوپۇر 36
ئىككى شېئىر ........ سوپىيە ئىشان 37
ئىككى شېئىر ........ تۇنىسا ئوسمان 38
ئىككى شېئىر ........ تاگىنۇر مامۇت 40
شېئىرلار ........ رەشىدەم سەيىت 41
ئىككى شېئىر ........ رىزۋانگۈل ھۈسەيىن 43
باغۋەن بولسام ........ (شېئىر) ........ ئازاتگۈل روزى 44
قار ۋە چېچەك ........ (شېئىر) ........ مۇنەۋۋەر ئابدۇقادىر 44
ئىككى شېئىر ........ نۇرىمان ناسىر 44
ۋەتەن ........ (شېئىر) ........ بەلقىز تۇرسۇن 45
بەخت - مېھنەت قوشكېزەك ........ (شېئىر) ........ دىلبەر ياقۇپ 46
ئىككى شېئىر ........ بۇۋىسارەم 46
كۈمۈش قىزلار سوھبىتى ........ (شېئىر) ........ راھىلە مەھەممەت 47
ۋەتەن - مىنىڭ بەختىمدۇر ........ (شېئىر) ........ مۇكەررەم كامىل 48
قىز ئوقۇغۇچىلار شېئىرلىرى ........ 48
بىر نومۇرنىڭ قىممىتى ........ (ھېكايە) ........ سەيىت زۇنۇن 52
قەۋرىستانلىقتا ........ ( » ) ........ ئابلىمىت سابىر 64
ھايات سەھىپىسىدىن تامچىلار ........ (نەسىر) ........ مۇھەممەت سىدىق تومۇرى 76
گۈلجامال ........ (ھېكايە) ........ ئېلىمجان ئابىخان 82
سايراء بوز تورغاي ........ (نەسىر) ........ ئابدۇقادىر تاش 90
بۈركۈت بىلەن قۇچقاچ ........ (مەسەل) ........ ئۆمەرجان روزى 92
ۋەتەن مۇھەببىتى ........ (شېئىر) ........ مونىرە رىشات 92
ئوپال ئۆرنەكلىرى ........ (شېئىر) ........ تۇردى سامساق 93
يۇرتۇم ........ (شېئىر) ........ سايىت سادىق 94
يېزا ئىلھاملىرى ........ ( » ) ........ ھوشۇر ئىبراھىم 95
باھار تۇيغۇلىرى ........ (سېكىل) ........ ئابدۇرىشىت سەلەي 99
بىرسەيپۇڭ توغرىسىدا ھېكايە ........ (ھەجۋى ئوچېرك) ........ نۇر مەھەممەت ئېركى 101
ئىككى شېئىر ........ ئابلىز ھەلەمدىن 106
ئۇستازىم بىلەن ........ (شېئىر) ........ مۇھەممەت روزى 107
ياشلىقىم ........ (شېئىر) ........ مەۋلان 108
ئانا ھەققىدە داخشا ........ (شېئىر) ........ ئابدۇرېھىم ھەسەن 109
خەلقىم ........ (شېئىر) ........ يالقۇن ئۆمەر 110
«قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئاياللار تەربىيىسىگە دائىر مەزمۇنلار توغرىسىدا ... (ماقالە) ........ ماخمۇت زەيدى 112
سەلەي چاققان لەتىپىلىرى ........ 115
خىسلەتلىك گۈل ........ (چۆچەك) ........ ئابدۇراخمان ئۆمىن تۇزگەن 121
تۇتاش قەلبلەر ........ (داستان) ........ ئابلىمىت ھاجى 123

# مەنىۋى بۇلغىنىشنى تازىلاش ئۈچۈن «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «قەشقەر گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلار گېزىت - ژورناللارنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ چىقتى

يېقىندا بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، «قەشقەر گېزىتى»، «يېپەك يولى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى، «يەكەن گېزىتى» قاتارلىق ئورۇنلار پارتىيە 12 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئاكتىپ ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن، يېقىندا بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى گېزىت - ژورناللارنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈردى، مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىپ، ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى قوللاندى.

«4 كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ۋىلايىتىمىزدە چىقىدىغان گېزىت - ژورناللار ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش، 4 ئاساسىي پرىنسىپنى تەشۋىق قىلىش، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىلىرى ۋە قەھرىمان - نەمۇنىچىلارنى تەشۋىق قىلىش، پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئاساسىي ئېقىمى توغرا، نەتىجىسى چوڭ بولۇپ، خەلقنى تەربىيىلەش، خەلقنى رىغبەتلەندۈرۈش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى. لېكىن، گېزىت - ژورناللاردا ئوخشىمىغان دەرىجىدە بەزى مەسىلىلەرمۇ ساقلاندى. ئۇنىڭ ئاساسلىقى - بەزى ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىكى چېچىلاڭغۇ، بوشاڭ بولۇپ، گېزىت - ژورناللارنى تەكشۈرۈش ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتمىدى، بەزىلىرىنىڭ تەھرىر كۈچى ئاجىز بولۇپ، تەھرىرلەش - تەكشۈرۈش تۈزۈمى مۇكەممەل بولمىغاچقا، گېزىت - ژورناللارنىڭ سۈپىتى بىر قەدەر ناچار بولدى. بەزى ئەدەبىيات - سەنئەت ژورناللىرى جەمئىيەتتىكى بۇرژۇئازىيىچە ئەركىنلەشتۈرۈش قاتارلىق خاتا پىكىر ئېقىملىرىنىڭ تەسى-

AltunOq

رىگە ئۇچراپ، ئىدىيىۋى مەزمۇنى ساغلام بولمىغان، ھەتتا ئېغىر خاتالىقى بار بەزى ماقالە ۋە ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. ساقلانغان مەسىلىلەرگە قارىتا، ھەر قايسى ئورۇنلار ياخشىلاش تەدبىر-لىرىنى تۈزۈپ چىقتى. بەزىلىرى مۇۋاپىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، گېزىت - ژورناللاردا كۆرۈلگەن خاتا كۆز قاراشلارنى ئېنىقلاپ چىقىپ، تەنقىت ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىتنى قانات يايدۇردى.

ۋىلايەت بويىچە گېزىت-ژورناللارنى تەكشۈرۈش-تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىدىن خۇلاسە قىلىش يىغىنىدا، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى يولداش ۋاڭ ۋېنچى بۇندىن كېيىن گېزىت-ژورنال خىز-مىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈستىدە ماۋۇ تەلەپلەرنى قويدى: (1) پارتىيىنىڭ گېزىت - ژورنال خىزمى-تىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش. ئالاقىدار پارتىيە تەشكىلاتلىرى گېزىت - ژورنال خىزمىتى-نى پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسى خىزمەتتىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر خىزمەت قىلىپ تۇتۇپ، رەھ-بەرلىكنى ھەقىقى تۈردە كۈچەيتىش، كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىش لازىم. (2) گېزىت-ژورنال خادىملىرىغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىش. گېزىت - ژورنال خادىملىرىنى نەزە-رىيە ئۆگىنىش، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن- سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىشكە ئەستايىدىل ئۇيۇشتۇ-رۇپ، توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزي كومىتېتى بىلەن سىياسى جەھەتتە قەتئى بىردەك بولۇش لازىم. (3) تەكشۈرۈش ئۆتكىلىنى چىڭىتىش. ھەر دەرىجىلىك گېزىت-ژورناللار ما-قالە تۈزۈش-تەكشۈرۈش ۋە تەكشۈرتۈش تۈزۈمىنى چىڭىتىپ، ئۇنى قەتئى داۋاملاشتۇرۇش لازىم. يېڭى مەنىۋى بۇلغىنىشنى قەتئى توسۇش ھەمدە باشقا خاتالىقلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن تىرىشىپ ساقلىنىش كېرەك. (4) تەھرىرلىك ئاپاراتى ۋە تەھرىر خادىملارنى تولۇقلاش. ھەر بىر گېزىت - ژورنال تەھرىر بولۇمىدە پارتىيىۋىلىكى كۈچلۈك، كەسپىي ئىقتىدارىمۇ بار مەلۇم ساندا پارتىيىلىك تايانچلارنىڭ بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەمدە نىسپى مۇقىملىقنى ساقلاش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، تەھرىر قوشۇنىنىڭ ئىدىيە، تەشكىلى، كەسپىي قۇرۇلۇشىنى تىرىشىپ كۈچەيتىپ، مۇھەررىر، مۇخبىر-لارنىڭ ئىدىيە، كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۇستۇرۇپ، گېزىت - ژورنال سۈپىتىنى يەنىمۇ يۇقۇ-رى كۆتۈرۈش لازىم.

شياۋچۇەن

(«قەشقەر گېزىتى» دىن ئېلىندى)




( ھىكايە )

ماھىگۈل پەخىرىدىن

ئۇ قىز مېنىڭ كوڭلۈمگە بەكمۇ يېقىپ قالغان ئىدى. كۈندۈزى ئويۈمدىن، كېچىسى چۈشۈمدىن چىقمايتتى. خاتىرەمدە ئۆچمەس ئىز قالدۇرغىنى ــ ئۇنىڭ سۈدەك كېتىۋاتقان نوۋەنىڭ زىناقلىرىدىن مېھر شەربىتى تامچىپ تۇرغان ئاناردەك مەڭىزى، جىنەستە لىۋى، ئويماق ئاغزى، چاقماق كىرپىكى بىلەن زىننەتلەنگەن قاپ ـ قارا كوزلا ئەمەس، بەلكى شوخ بۇلبۇلدەك كۈيى، چاقماقتەك سوزى، تال چىۋىقتەك ئېگىلىپ ئۇسسۇل ئوينىشلىرى، ھەسرەت ئىچىدە ئۈمىت بىلەن قاراشلىرى ئىدى.

ــ ئاپا، كارامەت ياخشى ئۇسسۇل چىقتى. چاققان چىقىپ كورۈۋېلىڭ.

ئۇ يىلقىمكى ئۆيدە ماتېرىيال كورۈۋاتاتتىم. ئوزەممۇ ناخشا ـ ئۇسسۇل خۇمارى بولغاچقا، بالىلارنىڭ سوزىنى ئاڭلاپلا، تېلېۋىزوربار ئۆيگە چىقتىم. تېلېۋىزوردا پايپاك گۈللۈك سۈتتەك يېپەك رەختتىن كەڭ كۆلۈچ كوينەك، تەتىللادىن ئۈستىنىغا ھەم كەلگەن جىلىتكە كەيگەن زىلۋا بىر قىز پىقىراپ ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. ئۇ ئىككى تەرەپكە " شاخ تاشلاپ "، ئەۋرىشىم بىلىكىنى ناز بىلەن ئىگىپ، پىرىرىدە ئايلاندى-دە، ئىككى قولىنى كوكرىگىنىڭ ئۈستىدە ئۇچراشتۇرۇپ، بويىنىنى لىك ـ لىك ئاتاتتى. قىز گەۋدىسى ئىكرانىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

مەن ئالدىراپ قىزىمدىن سورىدىم:

ــ بالام، بۇ قىزنىڭ ئىسمى نېمىكەن؟

ــ خۇرشىدەم.

ــ خۇرشىدەم قەيەرنىڭ ئارتىسىكەن؟

ــ ئېنىق ئاڭلىيالمىدۇق.

ــ ھەي، ئېسىت، نېمىشقا ئۇزەم بولمىغىنىم؟ ـ دېدىمەن ئوز ئوزۈمگە، ـ خۇرشىدەم··· توغرا، چاتاق يوق، چوقۇم شۇ قىز!

ئۇ قىز يەنە بىر لەپەر ئوينۇنلىدى. بالىلار خوشاللىقتا توختىماي چاۋاك چېلىشاتتى. مەنمۇ ئوزەمنى باسالماي " ئۇرە چاۋاكنى " دەپ ئۇلارغا قوشۇلۇپ كەتتىم.

ئارىدىن ئۇزۇن ئوتمەي خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئايرۇپىلانغا ئولتۇرۇپ قەشقەرگە قاراپ ماڭدىم. ھاۋارايىدا ئوزگىرىش بولۇپ قالغاچقا يول ئۈستىدىكى شەھەردە قونۇشقا توغرا كېلىپ قالدى. مېھمان كۈتۈشكە ئورۇن-

لىشىپ بولۇپ، بىر سەپەردىشىم بىلەن شەھەر
مەنزىرىسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلغىلى سىرتقا
چىقتۇق. دوقمۇشتىكى كىملوپىنىڭ ئالدىدا ئادەم
مىغ ـ مىغ قىلاتتى. ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمە-
كىنىڭ تالالانغان نومۇرلىرى قويۇلماقچى
ئىكەن. بىزمۇ بىلەت ئېپىلىپ قالسا ئەجەپ
ئەمەس دەپ بىر ياقىدا تۇراتتۇق. كۆڭلىمىز-
دىكىنى بىلدىمۇ-قانداق بىر ياش كېلىپ:

— سىلە ئويۇن كورمەكچىمۇ؟ مەندە ئىككى
بىلەت بار ئىدى، زورۇر ئىشىم چىقىپ قالدى.
خالىساڭلا كورۇپ چىقىڭلار، مېنىڭمىغۇ خۇرشى-
دەمنىڭ ئۇسۇلىنى يەنە بىر كورگۈم بار
ئىدى، ـ دېدى.

" خۇرشىدەم " دېگەن ئىسىمنى ئاڭلاپ،
باشقا بۇنداق ئاتلىق ئادەم يوقتەك چوقۇم شۇ
قىز دەپ كىسىپلا ئويلىدۇم. بىز كۇتۇلمىگەن
ئامەتتىن خوش بولۇپ، ئۇ ياشقا رەخمەت
ئەيتىپ زالغا كىردۇق. ئويۇن باشلاندى. خېلى
كوپ نومۇرلار ئوينۇلۇپ بولدى. سەھنىگە
تولا تەلمۇرۇپ كوزۇم تېشىلدى. خۇرشىدەم
ئاتلىقنىڭ قارىسى كورۇنمىدى.

تاجىرەڭ خاكىجۇ دۇخاۋىسىدىن تىكىلگەن
زەرنەقىشلىك پەردە لىپ ـ لىپ ئېچىلىپ، بىر
دەستە گۇل كوتۇرۇپ ئالغان ئىلانچى يەنە
سەھنىگە چىقتى.

— ھازىرقى نومۇرىمىزدا داپ ئۇسۇلى
« يېڭى دەۋر شاتلىقى»، خۇرشىدەم ئىشلىگەن،
ئوزى ئورۇنلايدۇ.

« ئانا مېھرى » دېگەن ناخشىنىڭ سېھرى
كۈچى بىلەن تىمتاس بولۇپ كەتكەن زال بىر-
دىنلا جانلىنىپ كەتتى.

— ھەر نىمە بولسا خۇرشىدەمنىڭ ئۇسۇلى-
نى كوريدىغان بولدۇق.

— ئاتايىن شۇنى دەپ كىردۇق ئەمەسمۇ
بۇ ئويۇنغا.

ئۇ ئۇياندىن، بۇ بۇيانىدىن سوزلەيتتى.

مەن دەرھال كوز ئەينىكىمنى سۇرتىۋېتىپ،
بوينۇمنى ئامالىنىڭ بىرىچە سوزۇۋۇراق سەھنى-
گە تەلمۇردۇم. خۇرشىدەم، دەل كوزۇمنى تې-
گىپ قويىسىمۇ تونۇپ ئالىدىغان ھىلىقى خۇر-
شىدەم، داپچى يىگىتنىڭ " تاك ـ تاك " چې-
كىپ چىلىشىغا جور بولۇپ، ئىككى ئورۇم چې-
چىنى ئالدىغا سوزۇلغان قولىنىڭ بارماق
ئارىسىغا قىستۇرۇپ، بىر قولىنى ئوتىغا چىلىق
دوپپىسىنىڭ ئارقىسىغا رىتىم بىلەن يېنىك
تەككۈزۈپ، جىلۋىلىك تەبەسسۇم بىلەن سەھنى-
گە چىقتى. ئۇ گاھ سىرىلمىغا دەسسەيتتى. گاھ
قۇيۇندەك چورگىلەيتتى. گاھ ئۇيان ئوتۇپ،
گاھ بۇيان ئوتۇپ، بارلىق تاماشىبىنلارنىڭ
قەلبىنى شادىيانە ھاياتنىڭ لەززىتىدىن ئور-
تاق ھوزۇرلاندۇراتتى. گوش ۋە قېنى ناخشا ـ
ئۇسۇل بىلەن يۇغۇرۇلغان ئۇيغۇر تاماشابىنى-
لىرىنىڭ ئۇزۇندا سوزۇلغان گۈلدىراس ئال-
قىش سادالىرى ئىچىدە ئۇ « توھپىكار قىز »
دېگەن ئۇسۇلنى باشلىۋەتتى.

مەن ئەتە بۇ شەھەردىن يۇرۇپ كېتىدىغان
بولغاچقا، خۇرشىدەم بىلەن كورۇشۇش ئۇچۇن،
سەھنىگە چىقتىم. ئارتىستلار كىيىملىرىنى ئال-
ماشتۇرۇپ، گىرىملىرىنى تازىلاۋاتاتتى. خۇر-
شىدەم بىر چەتتە سەنئەت ئۆمىكىنىڭ مەسئۇل-
لىرىدىن بىرى بولۇشى مۇمكىن، بىر كىشىگە
يىغلاپ ئەھۋال ئەيتىۋاتاتتى.

— ھۆسەيىن ئاكا، نىمىشقە خەلق بىزنى
شۇنچە قەدىرلەيدۇ، ئالقىشلايدۇ؟ لېكىن ئۇلار...

كوز يېشى ئۇنىڭ مىڭ يېرىدىن توكۇلەت-
تى. ئۇنىڭ بۇ قىياپىتى سەھنىدىكى بىلەن
پۈتۈنلەي ئىككى دۇنيا ئىدى.

— خۇرشىدەم، سىزگە نىمە بولدى؟ ئوزى-
ڭىزنى توختىتىۋېلىپ سوزلەڭا.

مەن ئارقىدا بولغاچقا، خۇرشىدەم كۆرمىگەن
ئىدى. كۆڭلى پەرىشان قىزغا ئۇچرۇشۇپ ئو-
ڭايسىزلاندۇرۇپ قويماي دەپ بىر ياقتا تۇ-
رۇپ تۇردۇم. ئۇ كوز يېشىنى سۇرتۇپ سوزىنى
باشلىدى.

× ×

خۇرشىدەم رېپتىسىيىدىن قايتىپ كەچلىك
ئويۇنغا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. توساتتىن
چاي باغىقى كېلىپ قالىدى. كوڭۇلچەك قىز
گەپ - سوزسىز بارماسلىقنى بىھورمەتلىك
دەپ بىلىپ، ئۇزۇرخالىق قويغىلى باردى.

- كىلىڭ، كىلىڭ، كىلىڭ خۇرشىدەم. ئو-
زىڭىززە كىچىك بولغان بىلەن ئادىمىگەرچى-
لىگىڭىز چوڭ جۇمۇ، مانا ۋاقتىدا كەپسىز،
تۇنسا، ھەي تۇنسا، قاراڭ كىم كەلدى!؟

ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئارىپ بولۇمىنىڭ
مۇئاۋىن باشلىغى ئومەر ئىلى گويا دۇنيادا
بار گەپنى ئۇزىلا قىلمۇپلىشقا تۇغۇلغاندەك،
خۇرشىدەمگە سوز بەرمەي ئويگە ئەكىردى.
ئويدە ئەر - ئايال بىر نەچچە مېھمان ئول-
تۇراتتى.

- مەن تونۇشتۇرۇپ قوياي، - دېدى ئو-
مەر ئىلى گىلىنى قىرىپ يوتۇلۇپ، - بۇ مەن
سىلەرگە ئاللاقاچان ئېيتقان سورۇنىمىزغا ھوسۇن
قوشقۇچى تالانتلىق ياش ئارتىست خۇرشىدەم.
بۇ قېتىم ئېلىپ بېرىلغان كورەكتە مۇنەۋۋەر
ئىجادىيەتچى ۋە ئۇسۇلچى بولۇپ باھالاندى.

- ئومەر ئىلىكا. سىز...

خۇرشىدەم ۋىلايەتلىك سەنئەت ئومىكىنىڭ
سەنئەت سىنىقىدا ئەلا نەتىجە بىلەن ئوتۇش
پۇتتۇرۇپ ئومەكتە قېپ قالغان ئىدى. ئۇ
پېشقەدەملەردىن ئۆگىنىپ تىز ئىلگىرىلىدى.
ۋىلايەت بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان بۇ قې-
تىملىق سەنئەت كورىگىگە ئوز مېھنەت تەر-
دىن گۇلدەستە تۇتۇش ئۇچۇن، «يېڭى دەۋر
شاتلىغى»، «توھپىكار قىز» دىگەن داپ ئو-
سۇلىنى جىددى ئىشلەشكە كىرىشتى. ئۇ ئىدا-
رىدىمۇ، ئويدىمۇ، كېچىسىمۇ، كۇندۇزىمۇ شۇ-
نىڭ بىلەن بەنت ئىدى. بىر كۇنى تۇن نىس-
پى بولغاندا خۇرشىدەمنىڭ ئانىسى (ئۇلار
ناھىيىگە يوتكۇلۇپ كىلىۋالغان ئىدى) "دوم-
تىر - دومتاك-تاك، دۇمتىردىردۇم - دۇمتاك..."
دىگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ قىزىمنى، قارا بېسىپ
قالغان ئوخشايدۇ دەپ چىقىۋىدى، خۇرشى-
دەم ئاغزىدا داپ چېلىپ، كىيىم جاۋىنىنىڭ
ئەينىكىگە قاراپ، لايىھىلەنگەن ئۇسۇلنىڭ
ھەركەتلىرىنى نەپىسلىككە كوتۇرۇۋاتاتتى.

- كېپىنەك قىزىم، تۇتىيا قىزىم. تامىغى
دۇمتىردىر، ئۇيقۇسى دۇمتاك - تاك قىزىم.
يات يېتىپ، سەھەر قوپسىلا خېنىم. تاڭ ئې-
تىپ كەتمىسۇن يەنە.

- تاڭ ئاتسا ئاتمامدۇ، ئاپا. قاراڭغۇلۇققا
كىم خۇشتار. ئەجەپ ئويدان كىرىپسەن ئاپا.
مەيەرگە كەلگىنە، مەيەرگە.

خۇرشىدەم ئانىسىنى تارتىپ ئەكىلىپ كىرىس-
لوغا ئولتۇرغۇزۇپ:

- ھە، ئاپا، سەن تاماشىبىن بولۇپ ماڭا
پىكىر قىلغىن جۇمۇ، - دېدى. ئونىڭ كوزىدە
ئۇيقۇدىن ئەسەر يوق ئىدى. چىرايىدىن
كۇلكە تىمىپ تۇراتتى.

- بالام، نىمانچە خوشالسەن، چارچىمى-
دىگەمۇ؟

- ئاپا، دەۋر خوشال، ئەل خوشال؛ ئەل
خوشال، مەن خوشال. نىمىشقا چارچايمەن؟

- ۋاي شىتىلە قىزىم، ۋاي ئەقلى بار قى-
زىم. قېنى ئۇسۇلۇڭنى ئوينىۋەر، كوزۇم
سەندە...

خۇرشىدەمنىڭ ئۆزى ئىشلەپ ئويناپ چىق-
قان ئۇسسۇللىرى كورەك جەريانىدا كوپ ئال-
قىشقا سازاۋەر بولۇپ، مۇنەۋۋەر ئىجادىيەت-
چى ۋە ئۇسسۇلچى بولۇپ باھالاندى. لېكىن

قويدى.

— بۇياق باشلىقنىڭ ياش سەپدىشى، خىز-
مەتتە قابىل سەلىمجان.



ئۆزى تېخى قانائەت ھاسىل قىلمىغان ئىدى.
باشقىلارنىڭ ئۇچۇرۇپ سوز قىلىشىنى ياق-
تۇرمايتتى.

— بۇ سىڭلىمىز ئارتىست بولغان بىلەن يۈ-
زى بەك توۋەن، بەك كەمتەر. ھە، سىڭلىم بۇ
مېھمانلارنىمۇ سىزگە تونۇشتۇرۇپ قوياي. بۇ-
ياق يۇقۇرىدىن خىزمەتلەرنى كوزدىن كوچۈ-
رۇشكە كەلگەن باشلىق تۇرغۇن كوجاك.

ئۇ «كو»نى ئىچىدە پەسرەك ئەيتىپ، «جاك»-
نى ئالاھىدە تەلەپپۇزدا ئەيتتى. ئوتتۇرا
ياشلىق، سىمىزغىنا بىرەيلەن ئورنىدىن يې-
رىم تۇرۇپ خۇرشىدەمگە باش لىڭشىتىپ

يىگىرمە سەككىز ياشلاردا دىقماق، كەپكى-
سىنى سىڭايان كەيگەن بىرەيلەن ئورنىدىن
دەس تۇرۇپ سالام قىلدى. خۇرشىدەم ئۇنىڭ
ساچقاننى بازلىغان مۇشۇكتەك قارىشىدىن
سەسكىنىپ، خۇددى تىكەننىڭ ئۇستىدە ئول-
تۇرغاندەك ئوڭايسىزلاندى. ئۇ تۇنسا ئا-
چامغا ياردەملىشەي دىگەننى بانا قىلىپ ئاس-
تا ئاشخانا ئويگە چىقىۋالدى.

— خۇرشىدە قىز، بولدى. بىزنىڭ خوتۇن
خېلى چاققان. ئوزى ييتىشىدۇ. سىز مېھمانلار
بىلەن بىرگە بولۇڭ، — دىدى ئوۋەر ئىلي
ئارقىسىدىن چىقىپ.

Altunoq

— ئۆمەر ئېلىمكا، كەچۈرىڭلار. خەۋىرىڭىز باردۇ. بۈگۈن بىز يەنە ئويۇن قويىمىز. مەن ئاتايىن شۇنى دەپ قويغىلى كەلگەن. ماڭا رۇخسەت قىلىڭ...

— ھەي ئەنسىرىمەڭ، مەن ئۆمەككە ئادەم ئەۋەتىپ خەۋەر قىلىپ قويىمەن. سەل كېيىن قالسىڭىزمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق.

— ياق، ئۆمەر ئېلىمكا. بۇ تەشكىلسىزلىك بولىدۇ.

خۇرشىدەم مېڭىشقا ئالدىرايتتى، ئۆمەر ئېلى ئىشىكنى كەڭ ئېچىپ تۇرۇپ، يول بەردى.

— ئۆمەر ئېلىمكا. راستىنلا ئۆتۈنۈپ قالاي. مېنى زورلىماڭ.

— خۇرشىدەم، سىزنى خېلى دىت ئۇقىدۇ، دەپ ئالاھىدە چاقىرغان تۇرسام، ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ دەپ نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ باھالاشتىن ئۆتۈپ بولدىڭىزغۇ، مېھمانلار ئۇسۇلىڭىزنى كۆرۈشكە تەشنا. ئۇلار سەھەرلەپ قايتماقچى. راسا پەيزىڭىز بىلەن كۆڭلىنى بىر ئالمامسىز؟ زىيىنى بولماس بەلكىم...

— ئويۇن كۆرگىسى بولسا مانا بېلەت. كۆلۆپ يىراق ئەمەس.

خۇرشىدەم ئويىدىكىلەرگە دەپ ئېلىپ قويغان بېلەتنى ئۆمەر ئېلىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ سىرتقا ماڭدى. ئۆمەر ئېلى ھويلىغا چىقىپ يەنە توستى. ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ كانىدەك يېپىشىپلا ئالدى. ۋاقىت بارغانچە تىز ئۆتۈۋاتقاندەك ئىدى. سائەت ئىستىرىلكىسىنىڭ چىك - چىك ئېڭىشى خۇرشىدەمنىڭ يۈرىكىنى چىم - چىم چاققاندەك ئىچىشتۇراتتى.

— خۇرشىدەقىز. سىرتقا چىقىۋاپسىزغۇ! ئۆيگە ئىلتىپات قىلىپ ساھىپجامالىڭىز بىلەن سۈرۈنىمىزنى خۇرشىدەك يورۇتۇپ، خۇش ئاۋازىڭىز، شوخ ئۇسۇلىڭىز بىلەن يۈرەكلەرنى ئويناتۇپ، ئايرىلساقىدۇ تامغىمىزنى چېكىپ قالغىدەك ئىز قالدۇرمامسىز؟

مېھمان سەلىمجان ئويىدىن چىقىپ خېلىدىن بېرى ئويلىنىپ تەستە تىزدۇۋالغان سۆزىنى گويا كىتاپ ئوقۇغاندەك بايان قىلدى.

— كەچۈرىڭ، مەندە ئۇنداق بىڭسى يوق!...

خۇرشىدەمنىڭ نېمە ـ نېمىلەرنى دېگىسى بار ئىدى. ۋاقىت زىغ بولۇپ قالدى.

— ئۆمەر ئېلىمكا، — قاراپ تۇرۇپ تەشكىلسىزلىك قىلدىمىغا يۈزىڭىز چىدامدۇ؟ يولداشلار ئالدىدا، تاماشىبىنلار ئالدىدا نېمە دەپ جاۋاپ بېرىمەن، سەھنەنى تاشلاپ ئائىلىۋى سورۇنغا كەتتىم دەمسەم، ۋىژداندا ئازاۋىغا قالمامدىمەن؟!

— ئۇ يەرگە بېرىڭ، بۇ يەردە تۇرۇڭ، بەربىر ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاچىسىز ـ غۇ؟ ئارتىست دېگەن شۇدە...

— توغرا، بىز سەنئەتكارلار خەلقىمىزنىڭ چاكىرى، خەلق كۆيگەنگە كۆيىمىز، خەلق سۆيگەننى سۆيىمىز. لېكىن قايسى بىر شەخسنىڭ دىدىگى ئەمەس، شۇنداقلا بەزىلەرنىڭ خالىسا چېكىسىگە گۈل قىلىپ قىستۇرغان، خالىسا زورلۇق ئامبۇرىدا قىسىدىغان ئويۇنچۇغىمۇ ئەمەس!

خۇرشىدەمنىڭ سەۋرى قاچىسى تولغان ئىدى. ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالمىغان بولسا، نېمە بولۇشتىن قەتئىي نەزەر يەنە ئىككى ئېغىز گېپىنى قىلمۇۋالاتتى. ئۇ كوكرىكىنى كۆتىرىپ، تاق - تاق دەسسەپ سىرتقا چىققىنىدە، ۋېلىسىپىتىگە مىنىپ ئارقا - ئالدىغا قارىماي ئوچقاندەك كلۇپقا يۈگۈردى...

ھۆسىيەن ئاكا خۇرشىدەمنىڭ بايانىنى ئاڭلاپ، بەزىلەرنىڭ يولسىزلىقىغا غەزەپلىنىپ، خۇرشىدەمنىڭ دىل ئازارى يېگەندىمۇ ئۇسۇلنى ھەر ۋاقىتتىكىدىن ياخشى ئوينىغانلىقىدىن مەمنۇن بولدى.



— مەن بىر سەنئەتچى، شۇنداققۇ ھۆسىيەن ئاكا؟ — دېدى خۇرشىدەم ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ، — ئۆز بۇرچۇمنى بىلىشىم كېرەك-تە. بىزگە مۇھەببەتلىك نەزىرىدە ئىنتىزارلىق كۆزلىرى بىلەن قاراپ ئولتۇرغان تاماشىبىنلارنىڭ ئالدىدا ھەممىنى ئۇنۇتۇپ كېتىمەن. ئەگەر مەن ئويناۋاتقان ئۇسۇلۇمنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتمىسەم، خەلققە قانداق بەدىئىي زوق بەخش ئېتەلەيمەن؟

— ياخشى ئېيتتىڭىز، سىڭلىم! ھەقىقەتەن سىز دەسلەپكى ئۇسۇللىرىڭىزدا ھەممىمىزنىڭ ھەسسىياتىمىزنى كۈنسايىن گۈللىنىۋاتقان دەۋرىمىزنىڭ چەكسىز گۈزەل مۇھىتىغا باشلاپ كىرىپ، ئورتاق ئىپتىخارلىق ساداسىنى ھاسىل قىلدىڭىز. كېيىنكى ئۇسۇللىرىڭىزدا تۆتتە زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ھەر قايسى سەپلىرىدە پىداكارلىق بىلەن ئىشلەۋاتقان ئاچا — سىڭىللارنىڭ شانلىق ئوبرازىنى كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلەندۈردىڭىز.

مەن خۇرشىدەمنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ، كۆرۈشمەستىنلا سوھبەتكە ھەمدەم بولدۇم. خۇرشىدەملەر بۇرۇلۇپ قاراپ قالدى.

— ھورنىسا ئاچا! — دەپ ۋاقىرىۋەتتى ئۇ، كۆزىنى ئۇگىلىۋېتىپ، — چۈشۈممۇ، ئوڭۇممۇ — بۇ؟ ۋاي راست سىزمۇ، ئاسماندىن چۈشتىڭىزمۇ؟

ئۇ مېنى شۇنداق چىڭ قۇچاغلىۋالدىكى ئۈستىخانلىرىمدىن قاس چىڭ كەتكەندەك بولدى. بۇندىن توققۇز يىل بۇرۇن بويىنۇمغا ئېسىلىپ يىغلىغان چېغىدىكىدەك مەڭزىنى مەڭزىمگە چىڭ ياقتى.

1975 — يىلى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ناھىيىلەرگە باردۇق. بىز ئايلانغان ئون نەچچە ناھىيىنىڭ ئىچىدە خۇرشىدەمدەك قىزنى ئۇچراتمىغان ئىدۇق. خۇرشىدەم ئون بىر

ياشلاردا بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدى- كەن. ئۇنىڭ ھوسنى ھېچقانداق گىرىمسىز سەھنىگە چىقسىمۇ پۈتۈن زالنى نۇرلاندۇرۇ- ۋەتكىدەك ئىدى. دۇتتار بىلەن ناخشا ئوقۇسا، ھەر قانداق كىشى تەبىئەتنىڭ ئۇنىڭغا قىل- غان سېخىيلىقىدىن ھەيران قالاتتى. پۈت-قو- لى ئۇسۇلغا قايماقتەك كېلەتتى. بىز بىركو- رۇپىلا خېرىدار بولدۇق. لېكىن كېلىشمەسلىك تۇغۇلدى. ناھىيىدىن ئۇنى "شىۋجىڭجۇيىچىنىڭ قىزى" دەپ ھەرگىز رەسمىيەتنى بىجىرىپ بەرگىلى ئۇنىمىدى. تالاش - تارتىش بىر قانچە كۈنگە سوزۇلدى. ئۇ كۈنلەردە بىز يە- نىلا نائىلاج كەلدۇق. ئايرىلىش ۋاقتىمىزدا ئۇ بىزگە ئېسىلىپ يىغلاپ:

—مەن ناخشا - ئۇسۇلنى يەيدىغان ئامە- غىمىدىنمۇ ئەلا كورىمەن. ئىخلاسىمۇ ئارتىست بولۇپ چۈشەيمەن. مېنىڭمۇ سەنئەت كىيىملى- رىنى كىيىپ سەھنىگە چىقىدىغان كۈنلىرىممۇ بولارمۇ؟- دەپ يۈرىكىمىزنى ئەزگەن ئىدى. بىز قايتقاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق شۇ قىزنىڭ پارىڭى بولۇپ تۇردى. كېيىنچە مەن باشقا ئورۇنغا يوتكەلدىم. لېكىن بۇ ئوماق قىز يە- نىلا خاتىرەمدىن كەتمىدى...

— ھورىنسا ئاچا، — دېدى خۇرشىدەم مې- نى قويۇۋېتىپ، قوللىرىدىن قاس چىقىرىپ بىرنى چوكىلەپ، — كورىدىڭىزمۇ؟ مەن خەلق سەنئەتكارى بولدۇم، ئارمانىمغا يەتتىم.

— توغرا، — دېدىم مەن ئۇنى قايتىدىن يۈ- رۈگۈمگە بېسىپ، — شوخ كېپىنەك بوستاننى تېپىپتۇ، گۈللەر ئارا ئەركىن يايراپ ئارزۇ - ئارمانىغا يېتىپتۇ.

## ئاپتور ھەققىدە

ماھىگۈل پەخرىدىن: 1981 - يىلى «قەشقەر ئەدەبى- ياتى» ژورنىلىنىڭ 5 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «نورا- نەم» ناملىق تۇنجى ھېكايىسى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەلگەن. 40 ياش. ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ئىكىساق يېزىسىدىن، 1951 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە باش- لانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ۋە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە، 1960 - يىلدىن 1967 - يىلغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ خەنزۇ تىلى تەييارلىق سىنىپىدا ۋە بېيجىڭ سىفەن داشۆينىڭ تىل - ئەدەبىيات پاكولتېتىدا ئوقۇغان. 1968 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە قاغىلىق ناھىيىسىدە ئىشلىگەن. ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك 6 - ئوتتۇرا مەك- تەپتە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلى- مەكتە.





# ئەپچىكار

(ھېكايە)

دىلبەر قەييۇم

پەللەمپەيدىن يۈگۈرگەندەك تېزلىك بىلەن چىققان ياش يىگىت مۇئاۋىن ۋالىي كېرىمنىڭ ئىشخانىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى - دە، ئوڭ قولىنى مەيدىسىگە ئېلىپ كۆكرەك قەپىزىنى كۈچ بىلەن باستى. ئۇ شۇ ئارقىلىق تىنىمسىز تىپىرلاپ، توختاۋسىز ھەركەت قىلىۋاتقان دەرتلىك يۈرىكىنى تىنجىتماقچى بولاتتى.

ئۇنىڭ ھەر بىر تىنىقى ئاغزى بىلەن بۇرنىنى قوشۇپ ئۇرۇۋالغان توق بوزرەڭ يۇڭ شارپا ئىچىدىن ھاسىراپ ئاران - ئاران چىقاتتى.

يىگىت شۇ ھالەتتە بىر پەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئىشىكنى يەڭگىلگىنە چەكتى. ئىشخانا ئىچىدىن چىققان "كىرىڭ!" دېگەن گەپتىن كېيىن، ئۇ، ئۆزىنىڭ ئىشىكنى قانداق ئېچىپ كىرگەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدى.

ئۇنىڭ بىر جۈپ ئوتلۇق كۆزى "مېنىڭ بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلگىنىمنى مۇشۇ كۆزلىرىمدىنلا ئېيتىپ بېرەلەيدۇ" دېگەندەك ۋالىغا جىمجىتنە تىكىلگەن ئىدى.

گەپ - سۆزسىز ئۆزىگە تىكىلىپ ئۆرە تۇرغان بۇ يىگىتتىن ۋالىي سەل غەلىتىلىك ھېس قىلدى بولغاي، ئۇنىڭ باش - ئايىغىغا بىر قۇر قاراپ چىقتى.

يىگىت ئۈچىسىغا يەلكىلىرى دولىسىدىن ئېشىپ چۈشكەن، يېڭىنىڭ ئۇزۇنلىقىدىن قولىنىڭ بارماقلىرى كۆرۈنمەي قالغان كاستيۇم، قارا يۇڭ رەختتىن شىم كىيىۋالغان بولۇپ، پەس پاشنىلىق مېغىزرەڭ توپلىيى شىمىنىڭ كەڭ پۇشقاقلىرى ئاستىدا كۆرۈنمەي قالغان ئىدى. 8- ئاي، ھاۋانىڭ چىدىغۇسىز ئىسسىق بولۇشىغا قارىماي بېشىغا كىيىۋالغان يوغانراق سوكنو شەپكىسى قۇلىقىنىڭ تۈۋەندىكى يېرىمىنى قوشۇپ ئاغزى - بۇرنىنى ئۇرۇۋالغان يۇڭ شارپىسى بىلەن خۇددى ھەجۋى رەسىمگە ئوخشاپ قالغان ئىدى.

- ئولتۇرۇڭ، - دېدى ۋالىي ئۇنىڭغا قاراپ سالماقىنە.

يىگىت سۆزسىز كېلىپ ساپاغا چۆكتى.

- ھە، نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭىز؟ - سورىدى ۋالىي ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي تۇرۇپ. يىگىت ئاغزى، بۇرنىنى ئۇرۇۋالغان شارپىنى ئاستا ئېلىپ يېنىغا قويدى ۋە شىمىنىڭ يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى چىقىرىپ شەپكىسىنى قولىغا ئالدى - دە، مۇنچاق - مۇنچاق تەرتامچىلىرى ئېقىۋاتقان پېشانىسىنى، ئاندىن بويۇنلىرىنى سۈرتتى. ئۇنىڭ قولى گەدىنىگە تېگىش بىلەنلا قاتتىق چۆچۈپ كەتكەندەك بولدى - يۇ، دەرھال بېسىقىغا چۈشتى. ئۇنىڭ

چىرايلىق ياسىتىلغان چاچلىرىدىن ھازىرلا سەتراچخانىدىن چىققانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

يىگىت گەرچە يىگىرمە تۆت ياشلاردا بولسىمۇ، كوسىراق بولۇپ تېخىچە ساقال ـ بۇرۇتى خەت تارتمىغاندەك كۆرۈنەتتى، ھەتتا قىرىدۇرغان ساقال-بۇرۇتىنىڭ ئىزناسىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ قېشى قارا، يۈزى يۇمۇلاق، مەڭزىلىرى قىزىل بولۇپ، كوسىلىقى بىلەن قوشۇلغاندا چىرايلىق قىز بالىغىلا ئوخشايتتى.

ئۇ تەرلىرىنى سۈرتۈپ بولۇپ، شەپكىسىنى ئاۋايلاپ كەيدى-دە، چېكىلىگىنى تۈۋەنرەك چۈشۈرۈپ قويدى، ئاندىن ۋالىغا قاراپ:

— مەن «ئەيىپكار»ئەمەسمىدىم ۋالى، — دىدى ئىنتايىن تەمكىنلىك بىلەن، — ئالدىلىرىغا نىمە ئۈچۈن كەلگەنلىگىم ئۆزلىرىگە ناھايىتى ئېنىق!

ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى قىز بالىنىڭ ئاۋازىدەك زىل چىقاتتى.

— ئۇكام، — دىدى ۋالى سەل جىددىيلىشىپ، — نىمە ئۈچۈن كەلگەنلىگىڭىزنى بىلسەم، سىزدىن سورىماس ئىدىم. گېپىڭىز بولسا ئوچۇق ئېيتىۋېرىڭ، سىزنى كىم ئەيىپكار دىدى؟ نىمە ئۈچۈن ئەيىپكار بولۇپ قالدىڭىز؟ سۆزلەڭ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ئېنىقلاپ كۆرۈشىگە تاپشۇرىمىز.

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئىشىك چېكىلدى ۋە ئارقىدىنلا ئېگىز بويى، قارامتۇل كەلگەن، گەۋدىسى ئالدىغا سەل ئېگىلىپ تۇرىدىغان كاتىپ كىرىپ كەلدى. كاتىپ يىگىتكە پەرۋاسىز بىر قاراپ قويۇپ، ۋالىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئاغزى ئوچۇق بىر كونۋېرتنى ئىككى قوللاپ ۋالىنىڭ ئالدىغا قويۇپ ئېيتتى:

— بۇ يەنە ئوتكەنكى خەتلەرنىڭ داۋامى ئىكەن، ئۆزلىرى كۆرۈپ بېقىشقا تېگىشلىكتەك تۇرىدۇ.

— يەنە نامسىزمۇ؟

— ھەئە.

— ئەگەر ئۇلارنىڭ گېپىنىڭ پاكىتى بولسا ئىسمىنى ئاشكارا يازسا بولمامدۇ؟ — دىدى ۋالى نارازى بولغان قىياپەتتە.

— كېيىن ئاشكارا بولۇپ قالسا دۈشمەنلىشىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلسا كېرەك.

— نامسىز يېزىلغان خەتتىكى گەپلەرنى نەگە بېرىپ، كىمدىن تەكشۈرگىلى بولىدۇ؟

— بولىدۇ، بولىدۇ، ئالدى بىلەن ئۆزلىرى ئورۇنلاشتۇرسىلىرى.

كاتىپ بۇ گەپلەرگە جاۋاپ بېرىۋاتقاندا، ئىككى قولىنى ئىككى يېنىغا تاشلاپ، يەلكىسىنى سەل قىسىپ، تۇمشۇقلىرىنى ئۇششلاپ تۇرغاچقا، كىشىگە خۇددى سوراقچى ئالدىدىكى جاۋاپكارنى ئەسلىتەتتى.

كاتىپنى كۆرۈپ چىرايى ئوڭۇپ، كۆزىدىن ئۇنىڭغا بولغان نەپرەت ئۇچقۇنلىرى چاچراۋاتقان يىگىت ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ ”پىسىڭىدە» كۈلۈپ قويدى. يىگىتتىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرگە ھېچ كىم دىققەت قىلمىدى.

كاتىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، يىگىت ئۈزۈلۈپ قالغان گەپنى داۋاملاشتۇردى:

— مەنمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئالدىغا خۇددى ئۆزلىرى ئېيتقاندەك مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەندەك بىر «ئەيىپكار»، ئۈستىدىكى ئىشلارنى ئېنىقلاپ كۆرۈشىنى تەلەپ قىلىپ كەلدىم.

— بولىدۇ، سۆزلەڭ، — دىدى ۋالى ساپاغا يۆلىنىپرەك ئولتۇرۇپ.

يىگىت سۆزلەشكە تەمشەلدى-يۇ، بىراق گېلىنى بىر نەرسە سىقىۋالغاندەك ھالسىراپ كەتتى. ئۇ ساپادىن سەل مىدىرلاپ قويۇپ ئوزىنى رۇسلىۋالغاندەك قىلدى ـ دە، ۋالىغا تىكىلىپ تۇرۇپ تىترەك ئاۋاز بىلەن ئېيتتى:

— مېنىڭ ئىسمىم مۇنەۋۋەر!

— نېمە دېدىڭىز؟ قايسى مۇنەۋۋەرسىز؟

— ئاۋۇ ئالدىلىرىدىكى خەتتە يېزىلغان مۇنەۋۋەر.

— ۋوي، سىز نېمە دەۋاتىسىز؟ — ھەيران بولغىنىدىن ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالغان ۋالى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى.

— شۇنداق، مەن ئەشۇ نامىسىز خەتلەردىكى مۇنەۋۋەر، — ئۇ ۋالىغا قاراپ ئوتتۇنۇش ئاھاڭى بىلەن ئېيتتى، — سىلە مېنىڭ دىمەكچى بولغانلىرىمنى تەپسىلى ئاڭلاپ بولغىچە ئىشخانىغا كىرگەن ھەر قانداق ئادەم مېنى ئوغۇل بالا دەپ تونۇپ تۇرسا.

ۋالى ئۆز ئورنىدا لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ھەيرانلىق، ئېچىنىش تۇيغۇسى گىرەلىشىپ كەتكەن كۆزلىرى مىدىرلىماستىن بىر نۇقتىغا — ئالدىدا ئولتۇرغان ئوغۇلچە ياسىنىۋالغان مۇنەۋۋەرگە تىكىلگەن ئىدى.

شۇ چاغدىلا ۋالى ئۇنىڭ قۇلىقىدىكى ئالتۇن ھالقىسىنىڭ ئورنى بولغان تۆشۈكنى كۆردى.

"بىچارە قىز، — ئويلىدى ۋالى ئىچىدە، — شارپا بىلەن قۇلىقىنىڭ يېرىمىنى، ئېغىز — بۇرۇنلىرىنى ئورىۋېلىشى شۇنىڭ ئۈچۈن ئىكەندە!» ئۇ ھېسداشلىق قىلغان ئاھاڭدا ئېيتتى:

— سۆزلەڭ، سىڭلىم، سۆزلەڭ. ھەممىنى تولۇق سۆزلەڭ!...

مۇنەۋۋەر كۆزىدە لىغىلداپ تۇرغان ياشنى تەستە توختىتىۋېلىپ سۆزلەشكە باشلىدى.

× × ×

مۇنەۋۋەر ئۆز كەسپىنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان ياش ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئۇنىڭ يۇرىۋاتقان يىگىتى رۆزى خەلق دوختۇرخانىسىدا بولۇپ، كېسەللەرنىڭ ئازاۋىنى يەڭگىللىتىش، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش ھەر بىر تىببى خادىمنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى ئىكەنلىكىنى ئەڭ ياخشى چۈشىنىدىغان تىرىشچان دوختۇر ئىدى. ئۇلار ئىككىسى ئۆزئارا ئۇچراشقاندىمۇ، مۇنەۋۋەر مەكتەپتىكى ئوقۇتۇش ئىشلىرى، ئۆزىنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈش پىلانى، سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەتتى. رۆزىمۇ ئۆزى مەسئۇل بولغان كارۋاتتىكى كېسەللەر توغرىسىدا، ئۇلاردىن نەچچىسىنىڭ ساقايغانلىقى، نەچچىسىنىڭ ئېغىر ئەھۋالدا ئىكەنلىكى، بولۇپمۇ يېزىدىن كەلگەن كېسەللەرنىڭ ئەھۋالىنىڭ كىشىنىڭ ئىچىنى سىيرىلىغىدەك دەرىجىدە ئىكەنلىكى، كېسەلنىڭ يېڭى باشلىنىشىدا دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنمەي، ئىسسىقلىق — سوغاقلىق قىلدۇق دەپ ئولتۇرۇپ، ئېغىرلاشقاندا ئېلىپ كېلىنىدىغانلىقى، داۋالاش بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇشنىڭ ئۆز — ئارا ماسلاشمايدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك قىزىرىپ، يۈزلىرى ئېسىلىپ كېتەتتى. مۇنەۋۋەر رۆزىنىڭ مۇنداق ئەل سۆيەرلىكىدىن بەكمۇ مەمنۇن بولاتتى ھەم ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىلھام بېغىشلايدىغان سۆزلەرنى قىلىشقا تىرىشاتتى.

بىر كۈنى مۇنەۋۋەر دەرستىن چۈشۈشىگە بىر خىزمەتدىشى ئۇنىڭغا رۆزىدىن تېلېفون كەلگەنلىكىنى، ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن تومەن دەرياسى بويىدا ئۇنى كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

مۇنەۋۋەر مەكتەپتىن يېنىپ بەلگىلەنگەن جايغا كەلگەندە، رۆزى ئۇنى ئاللىقاچان كۈتۈپ ئولتۇرغان ئىدى.

ئۇلار ئىككىسى تەكشى ئۆسكەن يېشىل قىياقلار ئۈستىدە يانمۇ — يان ئولتۇرۇشتى.

— بۈگۈن سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغۇ—

نۇم دېدى،ـ روزى گەپ باشلاپ،ـ دوختۇرخانا
رەھبەرلىگى. بۈگۈن مېنى چاقىرىپ شاڭخەيگە
ئىككى يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىشنى
قارار قىلغانلىغىنى ئۇقتۇردى. مەن بۇنىڭغا
خوشاللىق بىلەن قوشۇلدۇم. بىراق، سىزنىڭ
پىكىرىڭىزنى ئالمايلا قوشۇلۇپ قويدۇم.

ئۇ بىر خىل رىتىمدا ئېقىۋاتقان گىلەرەڭ
سۇدىن كوز ئۈزمەي ئولتۇرغان مۇنەۋۋەرگە
كوزىنىڭ قۇيرىغىدا قاراپ داۋام قىلدى:

— ئەلۋەتتە، سىزنىڭمۇ قوشۇلىدىغانلىغى-
ڭىزغا ئىشىنىمەن – دە!ـ ئۇ مۇنەۋۋەرنىڭ دو-
لىسىغا يەڭگىلىغىنە ئۇرۇپ قويدى.

— شۇنداق،ـ دېدى مۇنەۋۋەر ئۇنىڭغا قا-
راپ ئىللىقىنە كۈلۈمسىرەپ،ـ مەن ئەلۋەتتە
قوشۇلىمەن. بۇ سىز ئۈچۈن ئېيتقاندا ئوز
كەسپىڭىزنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۇرۇشنىڭ
بىر ياخشى پۇرسىتى ئەمەسمۇ؟

— بىراق،ـ دېدى روزى ئايىغى ئاستىدىكى
يېشىل قىزىل قاقلارنىڭ قولىغا چىتىقىنىنى يۇلۇپ
ئولتۇرۇپ،ـ 10ـ ئايدا توبىمىز بولماقچى ئىدى-
غۇ...

مۇنەۋۋەر قاقاخلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— قىزىق ئىكەنسىز،ـ دېدى روزىنى جەينى-
گى بىلەن نوقۇپ تۇرۇپ: بۇ 10ـ ئايدا بول-
مىسا ئىككى يىلدىن كېيىنكى 10ـ ئايدا بول-
سا، نېمە بوپتۇ؟ تويىنىڭ تورى قېرىپ قالات-
تىمۇ – يە؟ سېغىنىش، كۈتۈش ئىلكىدە ئوت-
كەن ئىككى يىل كوزنى يۇمۇپ – ئاچقىچىلىك
ئوتۇپ كېتىدۇ. مەن سىزنى: „بىلىنمەيدۇ
يىراقلىق، سەن سېغىنساڭ، مەن كۈتسەم“ –
دېگەن ناخشىنى ئوقۇپ ئۇزۇتۇپ قويىمەن،
قانداق؟

ئۇ روزىنىڭ كوڭلىنى تىنجىتىش ئۈچۈن
شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ-
نىڭ ھەممىنى ئىزھار قىلالايدىغان بىر جۈپ
كوزىدىن ھىجران ئازاۋى ئەكس ئېتىپ تۇ-
راتتى.

— مەن سىزدىنمۇ تولۇق خاتىرجەم،ـ دېدى
روزى چوڭقۇر تىن ئېلىپ،ـ بىراق، ئاتا – ئانى-
ڭىز ئىككى يىلغىچە......

ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتىۋەتتى.

— ئۇنداقتا ناھايىتى خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇلار ئوز قىزىنىڭ قەلبىنى چۈشىنىش-
كە قادىر ئادەملەر!

روزى مۇنەۋۋەرنىڭ يۇمشاق قولىرىنى
ئالقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ تۇرۇپ ئۇنى ئەن-
دىلا كورۇۋاتقاندەك تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ
قېنىق كىرپىكلىك قوي كوزلىرىدە رازىمەنلىك
ئىپادىسى ئۇچقۇندا يىتتى...

ھېلىلا بىر خىل رىتىمدا ئېقىۋاتقان تۇمەن
دەرياسى بىردىنلا قىرغاقلارغا ئۇرۇلۇپ، ئۇ-
نىڭ سەپىرىگە ئاق يول تىلەپ دۇئا قىلىۋات-
قاندەك شاۋقۇن سېلىشقا باشلىدى.

× × ×

روزى كېتىپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن مۇ-
نەۋۋەرنى مەكتەپكە بىرسى ئىزدەپ چىقتى.
ئۇ ئوتتۇرا بوي، موكا يۈز، مۈزدۈزنىڭ
كوۋىسىدەك يوغان بۇرنى ئورۇق يۈزىنىڭ يېرى-
مىدىن كوپرەكىنى ئىگەللىگەن، ھەرە چېقى-
ۋالغاندەك قىزىرىپ تۇرغان قاپاقلىرى ئاس-
تىدىكى گازىردەك كوزلىرى پۈتمىگەن جارا-
ھەت ئېغىزىدەك كورۈنىدىغان ئادەم بولۇپ،
ئۇ ئوزىنىڭ روزىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ئە-
مەت ئىكەنلىگىنى، ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللى-
مىندە ئىشلەيدىغانلىغىنى، روزىدىن خەت-خە-
ۋەر بار – يوقلىغىنى مۇنەۋۋەردىن ئۇزۇتۇپ
بېقىش مەقسىدىدە چىققانلىغىنى ئېيتتى.

مۇنەۋۋەر ئەمەت دېگەن بۇ ئادەمنىڭ ئەت-

بۇ ئاتىتا ئېلان قىلىنغان نەرسىلىرىنى ئانچە – مۇنچە ئوقۇغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى كۆرمىگەن ئىدى. چۈنكى ئۇ روزىنىڭ دوستلىرىدىن بىرىنىمۇ تونىمايتتى ھەم تونۇشنىمۇ خالىمايتتى. روزىمۇ ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭغا بىرەر دوستىنى تونۇشتۇرۇپ قويغىنىمۇ ئەمەس ئىدى. شۇڭا مۇنەۋۋەر بۇ كىشىگە ئانچە ئېتىۋار بېرىپمۇ كەتمىدى.

— روزىدىن تېلېگىرام كەلدى. ساق – سالامەت شاڭخەيگە چۈشۈپتۇ، – دېدى ئۇ ئىسقىملا قىلىپ.

— ھە... ئاڭلاق بولسا ناھايىتى ياخشى، مەن قايتاي، – دېدى ئەمەت ۋېلسىپىتىنى توغرىلاپ مىڭىشقا تەمشىلىۋېتىپ ۋە قوشۇپ قويدى، – مېنىڭ ياتىقىم مەكتەپ ئىچىدە، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە چىقىپ ئولتۇرۇپ كېرەرسىز، چۈنكى روزى ماڭىدىغان چاغدا سىزنى ماڭا ئالاھىدە تاپىلىغان ئىدى. ئاغىنىدارچىلىقنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن سىزنى قوغداش بۇرچىمىز – دە!

ئۇ گەپنىڭ ئاخىرىنى يۇقىرىراق ئاۋازدا ئېيتتى – دە، مۇنەۋۋەرگە باش لىڭشىتىپ قويۇپ ۋېلسىپىتكە مىندى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەمەت مۇنەۋۋەرنى پات – پات ئىزدەپ تۇرىدىغان بولدى. ئۇ ھەر قېتىم مۇنەۋۋەرنى ئىزدەپ مەكتەپكە چىققاندا، ئۇنىڭغا تاشكەنت باسمىسىدىكى رومانلارنى ئالغاچ چىقاتتى ۋە بىر قېتىم:

—روزىدىن ئەدەبىي كىتابلارنى بەك سۆيۈپ ئوقۇيدىغانلىقىڭىزنى ئاڭلىغان ئىدىم، – دەپ قويدى ۋە مۇنەۋۋەرنىڭ كىتابلارنى كۆرۈپ كۆڭلىدەك ئېچىلىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ.

دېمىسىمۇ بىرەر كىتاپ تاپقاندا ئاش – نان يېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدىغان مۇنەۋۋەر ئەمەتنىڭ يېڭى – يېڭى كىتابلار بىلەن تەمىنلەپ تۇرغىنىدىن خېلى خوشال بولۇپ يۈردى.

روزىنىڭ كەتكىنىگىمۇ مانا سەككىز ئاي بولۇپ قالدى. بۇ جەرياندا ئۇلار ئۆز – ئارا ئالماشتۇرغان خەتلىرىدە روزى ئۆزىنىڭ گۈزەل شاڭخەي ھەققىدىكى تەسىراتلىرىنى، خۇاڭپۇجياڭ دەرياسى بويىدا تۇرۇپ، تۆمەن دەرياسىنى، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇلۇغ دىيارنى، ئاتا – ئانىسىنى بەكمۇ سېغىنغانلىقىنى، شۇنداقتىمۇ ھەممىگە بەرداشلىق بېرىپ، ۋەتەننىڭ – خەلقىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاش ئۈچۈن، تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى يازاتتى. مۇنەۋۋەرمۇ ئۇنىڭغا: ھەر بىر ئوقۇشاق ئىشلارغا قەدەر، ھەتتا ئەمەتنىڭ ئۆزىنى ئىزلەپ تۇرغانلىقى، قانداق كىتابلارنى ئەكىلىپ بەرگەنلىكى قاتارلىقلارنىمۇ يېزىپ ئۈلگىرەتتى.

روزى بىر قېتىم مۇنەۋۋەرگە يازغان خېتىنىڭ ئاخىرىدا:

"مۇنەۋۋەر، ئەمەت ئۆز كەسپىدە ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچىلاردىن بىرى. ئۇنىڭ يېزىقچىلىق جەھەتتىكى بىلىمىمۇ خېلىلا مول. ھەتتا بەزى ئەسەرلىرى كىتاپخانلارنىڭمۇ ئالاھىدە دىققەت – ئېتىۋارىنى قوزغىغان. بىراق ئۇنىڭ ئۆزىدە يازغىنىدا ئىپادىلەنگەندەك پەزىلەت يوق! ئۇنىڭ پەقەت يازغان نەرسىلىرىنىلا ئوقۇشلا كۇپايە، ئۆزى بىلەن ئارىلاشقۇچىلىكى يوق، سىز ياش، جەمئىيەتتىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ مۇھىت ئىچىگە يېڭىلا قەدەم قويىۋاتىسىز، ئىشلار ھەرگىزمۇ ئۆز يولى بىلەن مېڭىپ سىزنىڭ رايىڭىزغا باقمايدۇ. سىزنىڭ نىمىنى ئويلاپ، نىمىگە قىزىقىدىغانلىقىڭىزنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، سىزگە ھېسداشلىق قىلىپ، سىزنىڭ رايىڭىزغا باققاندەك تۇيۇلىدۇ. ئەمما ماھىيەتتە سىزنى ئۆزىنىڭ رايىغا بېقىندۇرۇشقا ئېلىپ بارماقچى بولىدۇ. مۇشۇ نۇقتىنى چۈشەنمەسلىكىڭىزنىڭ ئۆزى ئىنتايىن خەتەرلىك! مەن سىزنىڭ

بۇ جەھەتتە ھۇشيار بولۇشىڭىزنى ئۈمىت قىـ
لىمەن. سىزدە داۋاملىق رازۋېتچىكلارنىڭكىدەك
بىر جۈپ ئوتكۇر كوز بولسۇن!...» دەپ يازـ
غان ئىدى.

مۇنـەۋۋەر بۇ خـەتـنـى ئـوقـۇپ بـولۇپ:
" روزىـنىـڭ ھـەممە ئادەمگە ئىشەنمەي يا ـ
شايدىغان مىجەزى بار ـ دە! بولمىسا بۇ ئەـ
مەت خېلى تۈزۈك ئادەمدەك قىلىدىغۇ؟» دەپ
ئويلىدى ۋە ئارقىدىنلا: "ياق، مەن تېخى ئەـ
مەتنى چۈشەنمەيمەن، روزى ھەر قانداق گەپـ
نى ئويلىماي قىلمايدۇ، مەن ئۇنىڭ گېپى بىـ
لەن ئىش قىلسام، زىيان تارتمايمەن، ئەمەتـ
نىڭ ھەممە كىتابلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىپ، بۇنـ
دىن كېيىن كىتاب ئېلىپ كەلسە ئالمايمەن "
دېگەنلەرنى كوڭلىدىن ئوتكۈزدى.

× × ×

يېقىنقى بىر قانچە ئايدىن بۇيـان روزىـ
دىن خەت كەلمىدى. مۇنەۋۋەر بۇكۈنلەرنى ئىنـ
تايىن بىئارامليق ئىچىدە ئوتكۈزۈشكە باشلىـ
دى. ئۇنىڭ كەينى ـ كەينىدىن يازغان بىـر
نەچچە پارچە خېتىمۇ ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ
كەتتى. ئۇ روزىنى " ئاغرىپ قالدىمىكىن"دەپ
ئويلىغان بولسىمۇ، كەينىدىنلا بۇ ئويىدىن ئوـ
زى قورقۇپ كېتەتتى. ئۇ ھەر كۈنى ئورنىدىن
تۇرغاندا كېچىچە قانداق چۈش كورگەنلىگىنى
ئەسلەيتتى. مەكتەپكە تىزراق چىقىشنـى، شـۇ
كۈنكى پوچتىنى كۈتۈشنى ئويلايتتى.ھەتتا يېـ
شىل سىرلىق ۋېلسىپىت مىنگەن پوچتالىيـۇنـ
نىڭ مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا پەيدا بولىـ
دىغان ۋېجىككىنە گەۋدىسىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن توـ
لىمۇ قىممەتلىك بولۇپ كەتكەن ئىـدى. ئـۇ
پوچتالىيۇننىڭ ئالدىغا قانداق تىزلىك بىـ
لەن يۈگۈرۈپ بارغان بولسا، ئەكسىچە ئېغىرـ
لىشىپ كەتكەن ئايا قلىرىنى يوتكىيەلمەي قايـ
تا تتى.

بۈگۈن 2 ـ سائەتلىك دەرستىن چۈشكەن مۇـ
نەۋۋەر مەكتەپ ئوقۇتۇش بىناسى ئالدىدىلا پىشـ
قەدەم پوچتالىيۇن بىلەن ئۇچرىشىپ قالـدى.
ئۇ ئەمدىلا ۋېلسىپىت جازىسىدىن بوشىتىۋاتـ
قان خەت ـ چەكلەرنى ئىما قىلىپ تۇرۇپ:
ــ كەل قىزىم، كەل. بۈگۈن كۆلىسەڭمۇ دەيـ
مەن. چۈنكى مەن بۈگۈن شاڭخەيدىن كەلدىمـ
دىدى چاقچاق قىلىپ.

مۇنەۋۋەرنىڭ كوزلىرى شاتلىقتىن چاقناپ
كەتتى. ئۇ پوچتالىيۇنغا رەھمەت ئېيتىشنىمۇ
ئۇنتۇپ، مەكتەپ پۇتبول مەيدانىنىڭ يېنىدىكى
بىدىلىككە قاراپ يۈگۈردى.

كونۋېرت خېلىلا توم ئىدى. شۇڭا مۇنەۋۋەر
خەت يازمىغانغا ئۇزۇن بولۇپ قالغاچقىدىمەكـ
چى بولغان گەپلەر يىغىلىپ قالغان بولۇشى
مۇمكىن دەپ ئويلاپ، تەقەززالىق بىلەن كونـ
ۋېرتنى ئاچتى. 8 ۋاراق بولغان بۇ خـەتنىڭ
ئەڭ ئۈستىدىكى بىر ۋاراقىلا مۇنداق يېزىلـ
غان ئىدى:

"مۇنـەۋۋەر ، سىزگە ئىمىلەرنى يېزىشىمنى
ئوزەممۇ بىلمەيۋاتىمەن. ئەمدى ئىممىـۇ دىـ
مەي بەرىبىر ئارتۇقچە بولار. چۈنكى سىزكىـ
چىك بالا ئەمەس. ئوز تۇرمۇش يولىڭىزدا نىـ
مىنى ۋە كىمنى تاللىۋېلىشنى ياخشى بىلىسىز.
سىزمۇ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولغانلىقىـ
ڭىز ئۈچۈن، ئەمەت بىلـەن ئىككىڭلار ئارىسىـ
دا بۇ كۈتۈلمىگەن باغلىنىش مەيدانغا كەلگەن
بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭ نىمە ئۈچۈن بۇنـداق
يازغانلىقىمنى سىزگە ئەۋەتكەن خەتلەردىن بىـ
لىۋالارسىز.

سىزگە بەخت يار بولسۇن.

روزى

«1980 .4 .28

بۇ خەتنى ئوقۇپ بولۇپ مۇنەۋۋەرنىڭ بېـ
شىدا چاقماق چېقىلغاندەك بولۇپ كەتتى. ئۇـ

نىڭ ئىنتىزارلىق ئىلكىدە كۈتكەن خېتى ئاخىر مۇشۇ بولدىمۇ؟! ئۇ ئۆزىنى تەستە تۇتىۋېلىپ ئاخىرىدىكى خەتلەرنى ئوقۇپ چىقتى.

نېمە دېگەن دەھشەت! نېمە دېگەن قورقۇنچاۋۇق!

ئىمزاسىز يېزىلغان بۇ 6 پارچە خەت گەپلەرنىڭ ئۇنداق - مۇنداق قويۇلۇشىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ھەممىسى ئوخشاشلا بىر مەزمۇندا بولۇپ: روزى شائىخەيگە كەتكەندىن بۇيان مۇنەۋۋەرنىڭ ئەمەت بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ كەتكەنلىكى، ھەتتا مۇنەۋۋەرنىڭ نەچچە قېتىم ئەمەتنىڭ ياتىقىدا قونۇپ قالغانلىقى ۋە يەنە ئېغىزغا ئالغىلى بولمايدىغان رەسۋا ئىشلار يېزىلغان بولۇپ، ئاخىرىدا خەت يازغۇچىنىڭ بۇ ئىش بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز ئادەملەردىن ئىكەنلىكى، پەقەتلا روزىنىڭ قولىدا داۋالىنىپ، ئۇنىڭ غەمخورلىقىغا مۇيەسسەر بولغانلىقى، روزى بىلەن مۇنەۋۋەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىشتىن خەۋىرى بولغانلىقى ئۈچۈنلا روزىنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ ئۇنى ۋاقىپلاندۇرۇپ قويۇشنى توغرا تاپقانلىقى ئەسكەرتىلگەن.

ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ ھەيكەلدەك قېتىپلا قالغان مۇنەۋۋەر دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ ھوشىنى يىغىپ، قولىدىكى خەتنى قاتلاپ يانچۇقىغا سالدى. ئۇنىڭ بۇلاقتەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان كۆز ياشلىرى ئاناردەك مەڭىزلىرىنى بويلاپ تۆۋەنگە سىرغىپ، توق كۆلرەڭ سارجا چاپىنىنىڭ مەيدىسىگە سىڭىپ كېتىۋاتاتتى. تەكشى ئوسكەن پاقلان بىدىلەر كىشىگە ھوزۇر بېغىشلايدىغان مايئايلىرىنىڭ غۇر - غۇر شامىلىدا ئاستا يەلپۈنۈپ، ئۇنىڭ غۇبارسىز قەلبىگە تەسەللى بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— بۇ قانداق ئىشتۇ؟-يول بويى ئويلىدى مۇنەۋۋەر،-روزى بىلەن ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ بۇ پىتنە-پاسات ئۇرۇغىنى چاچقان كىمدۇ؟ روزىمۇ باشقىلارنىڭ چېقىمى بىلەنلا ماڭا ئىشەنمەي مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش قارارىغا كەپتۇ،-دېدى ئۇ ئىچىدە روزىدىن رەنجىپ،-بوپتۇ كېيىن چۈشەنگەندە ئۆزىنىڭ توغرا قىلمىغىنىغا پۇشايمان قىلىپ قالار...”

مۇنەۋۋەر گەرچە ئۆزىنى بەزلەش ئۈچۈن شۇنداق ئويلىسىمۇ بۇ ئادالەتسىز ئىش، پەسكەشلىك بىلەن ئويدۇرۇلغان ئىغۋا ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېيتقۇسىز ئازاپلايتتى

”روزىدىن ئاغرىنىشمۇ توغرا ئەمەس،-دېدى ئۇ بىردەم ماڭغاندىن كېيىن ئۆز ئۆزىگە پىچىرلاپ، -ئۇ بىر ئوغۇل بالا تۇرسا، يۈرىۋاتقان قىزى ھەققىدىكى مۇشۇنداق ئىپلاس گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇپ قانداقمۇ چىدىشى مۇمكىن؟ مەن ئۇنىڭغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ خەت يازاي. ياق! ئۇ مېنىڭ گېپىمگە ئەمدى ئىشەنمەيدۇ. مەن ئەمەت بىلەن كۆرۈشۈپ بۇ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتاي؛ بەلكى ناھەق قارىلىنىۋاتقىنىم ئۈچۈن، ئۇمۇ ماڭا ھېسداشلىق قىلار. بۇ گەپلەرنىڭ يالغان ئىكەنلىكى ھەققىدە روزىغا ئەمەت خەت يازسۇن.”

مۇنەۋۋەر گەرچە ھازىر ئەمەتنى كۆرۈشنى، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلۈشۈشنى خالىمىسىمۇ، مۇشۇ گەپنىڭ ئىغۋا ئىكەنلىكىنى روزىغا چۈشەندۈرۈش ئۈچۈنلا چىشىنى - چىشىغا بېسىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشۈم كېرەك، دەپ ئويلىدى.

قېرىشقاندەك يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان ئەمەتمۇ مۇنەۋۋەرنى ئىزدەپ چىقمىدى. شۇڭا بۈگۈن دەم ئېلىش كۈنىدىن پايدىلىنىپ مۇنەۋۋەر ئەمەتتىن ئالغان كىتاپلارنى ئېلىپ، ئۇنى

ئىزلەپ دارىلمۇئەللىمىنگە چىقتى. ئۇ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن ئەمدىلا كىرىشىگە بۇندىن بىر يىل ئىلگىرى مۇنەۋۋەر ئىشلەيدىغان مەكتەپتە پىراكتىكانت بولغان سۇلايمان بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇلار تېچلىق سوراشقاندىن كېيىن، مۇنەۋۋەر ئۇزىنىڭدىن ئەمەتنىڭ ياتىقىنى سورىغان ئىدى، سۇلايمان ئۇنى ياتاقنىڭ ئالدىغىچە باشلاپ باردى.

مۇنەۋۋەر ئەمەتنىڭ ياتىقىغا كىرىپ كەلگەندە، بىرى بىلەن ئولتۇرۇپ نىمىلەرنىدۇ يېزىۋاتقان ئەمەت چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ مۇنەۋۋەرگە ئولتۇرۇشقا ئورۇن كورسۇتۇپ بولغىچە، ھېلىقى كىشىمۇ شىرە ئۈستىدىكى يېيىلىپ كەتكەن قەغەز-قەلەملەرنى يىغىشتۇرۇپ ئۇلگۇردى.

— بۇ مېنىڭ دوستۇم، — دىدى ئەمەت ھېلىقى كىشىنى تونۇشتۇرۇپ، — ۋالى مەھكىمە كاتىباتى بولۇمىدە. بۇ ئاداشنى «كاتىپ» دىگەندىن كورە ۋالىنىڭ ئاغزى، قۇلىغى دىگەن تۈزۈك.

ئۇلار ھەر ئىككىلىسى تەڭلا كۇلۇشۇپ كەتتى. ئاندىن ئۇ كاتىپقا قاراپ ئېيتتى:

— سەن مۇنەۋۋەرنى تونۇيسەنغۇ دەيمەن.

— مۇنەۋۋەر خانىمنى تونۇيمىز...، — دىدى، كاتىپ ھىجىيىپ، — ھەممە ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئىككى تال چېچى بىلەن «مۇنەۋۋەر چاچ» دىسە كىم تونىمايدۇ. ھى... ھې... ھى...

ئېچىشقان يەرگە تۈز قۇيغاندەك بولغان بۇ گەپ مۇنەۋۋەرنىڭ تېخىمۇ جېنىغا تەگدى. شۇڭا ئۇ:

— خاتا ئويلاپسىز كاتىپ، — دىدى زەردە بىلەن، — ھازىرغا قەدەر ھېچ كىم مېنى «مۇنەۋۋەر چاچ» دەپ ئاتاپ باققىنى يوق! ھەممە ئادەم تونۇپ كەتكەندەك كىشىلەرنىڭ كوزىگە كوپ چېلىقىپ كەتكەنمۇ ئەمەسمەن!

— رەنجىمەڭ، — دىدى ئەمەت مۇنەۋۋەرگە قاراپ خىجىل بولغاندەك، — بۇ ئاغىنەم سەل چاقچاقچىراق.

— شۇنداقتىمۇ چاقچاق دىگەن يولىدا بولۇشى كېرەك — تە! بەزى ھاللاردا چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن چاقچاقمۇ شۇ كىشىنىڭ ئوزقىممىتىنى پەسلەشتۇرىدۇ، خالاس.

كاتىپ بىلەن ئەمەت بىر - بىرىگە «لىپ» قىلىپ قارىشىپ قويدى ۋە كاتىپ خوشلۇشۇپ چىقىپ كەتتى.

كاتىپنى ئۇزۇتۇپ كىرگەن ئەمەت توك ئوچىغىنى يېقىپ، چاي دەملەشكە تۇتۇش قىلىۋىدى، مۇنەۋۋەر ئۇنى توسۇپ قويدى.

— چاينى قويۇپ تۇرۇڭ ئەمەت. سىز بىلەن بىر ئىش توغرىلىق سوزلەشكىنى چىققان ئىدىم.

ئەمەت ئاستا كېلىپ مۇنەۋۋەرنىڭ ئۇدۇلىدىكى كارۋاتقا ئولتۇردى. مۇنەۋۋەر ئۇنىڭغا روزىدىن كەلگەن خەت ۋە قوشۇپ ئەۋەتىلگەن ئالتە پارچە خەت ھەققىدە تەپسىلىي سوزلەپ بەردى.

— توۋا...—دىدى ئەمەت ھەيران بولغان قىياپەتتە، —ئادەملەردىكى ماۋۇ ئىچى تارلىقنى. سىز بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا پەقەت ئاكا - سىڭىللىك مۇناسىۋەتتىن ئوزگە نىمىمۇ بولسۇن؟!

ئۇ مۇنەۋۋەرگە ئېچىنغاندەك بېشىنى سەل - پەل چايقاپ قويدى ۋە ئارقىدىنلا جىددىي سوردى:

— ھېلىقى 6 پارچە خەت سىزدە بارمۇ؟

— بار.

مۇنەۋۋەر دەرھاللا سومكىسىدىن خەتلەرنى ئېلىپ بەرمەكچى بولدى-يۇ، بىراقنا ھايىتى سەت قويۇلغان بەزى گەپلەردىن نومۇس قىلىپ توختاپ قالدى.

— مەن كورۇپ باقسام بولامدۇ؟

— بولاتتى، بىراق ئېلىپ چىقماپتىمەن.

— ھە، ئۇنداق بولسا بوپتۇ. ئەمەت بىر دەم تۇرۇۋېلىپ سورىدى، — ئالتە پارچە خەتنىڭ ھەممىسىنى بىر ئادەم يېزىپتىمۇ؟

— ياق. ئالتە پارچە خەتنىڭ يۈچۈركىسى ئالتە خىل.

— ھە......، — دېدى ئەمەت بىر نەرسىدىن قانائەت ھاسىل قىلغاندەك بولۇپ ۋە قوشۇپ قويدى، — خاتىرجەم بولۇڭ مۇنەۋۋەر، مەن ئەيىنەن ئەھۋالنى روزنىغا يازىمەن. ئىش چوقۇم ئوڭشۇلۇپ كېتىدۇ...

مۇنەۋۋەر ئەمەتنىڭ ياتىقىدىن خېلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك بولۇپ قايتىپ كىردى، ئەتىسى چۈشتىن كېيىن مەكتەپ مۇدىرى مۇنەۋۋەرنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ ئۇن نەچچە پارچە كونۋېرتنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ تۇرۇپ ئېيتتى:

— يولداش مۇنەۋۋەر، مەن ئەركىشى بولغۇنۇم ئۈچۈن بۇ خەتلەردە يېزىلغان مەسىلىلەر ئۈستىدە سىز بىلەن يۈز — تۇرانە سۆزلىشىش ئانچە مۇۋاپىق بولمايدىكەن، خەتلەرنى ئوقۇپ چىقىپ ئۆزىڭىزدە قانچىلىك مەسىلە بارلىقىنى يېزىپ تاپشۇرۇڭ.

باش — ئاخىرى يوق بۇ گەپتىن گاڭگىراپ قالغان مۇنەۋۋەر قولىنى ئاستا خەتلەرگە ئۇزاتتى.

ئاھ!... قىسمەت، بىچارە قىزنىڭ پېشانىسىگە يەنە نىمىلەرنى پۈتمواتىدىغانسەن؟!

خەتتىكى بەزى ھاقارەتلەر ئوتكەندە روزى قايتۇرۇۋەتكەن خەتلەردىكى گەپلەر بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بۇ خەتلەرمۇ ھەممىسى نامسىز ئىدى، ئوخشىمايدىغان يېرى: "مەكتەپ ئەۋلات تەربىيەلەشتىن ئىبارەت مۇھىم، ئۇلۇغ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇن بولۇپ، بۇنداق ئورۇندا مۇنەۋۋەردەك ئەخلاقى جەھەتتە چىرىكلەشكەن ئادەمنىڭ ئىشلەش سالاھىيىتى يوق! ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا — ئانىسىمۇ بۇ ئوقۇتقۇچىدىن ئىنتايىن نارازى! قاتتىق چارە كۆرۈشنى تەلەپ قىلىمىز» — دېگەندەك گەپلەر يېزىلغان ئىدى.

ئۈستى — ئۈستىلەپ كەلگەن بۇ ئېغىر ئەلەمدىن يۈرىكى يېرىلغىدەك بولۇپ كەتكەن مۇنەۋۋەر يىغلىغان پېتى مۇدىر ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتى.

ھەش — پەش دېگىچە بۇ گەپلەر ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا ئېغىزدىن — ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرۈشكە باشلىدى.

بەزى ئوقۇتقۇچىلار: "مۇنەۋۋەر ئۇنداق قىز ئەمەس، ئۇنىڭ ئائىلە تەربىيىسىمۇ بەك ياخشى، ئۆزىنىڭ ياشلىقىغا قارىغاندا تىرىشچان، سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۇنىڭدىن بەك رازى ئىكەن" دېيىشسە، بەزىلىرى: "ھېلىقى گېپى چىققان ئەمەت دېگەن كۈندە دېگۈدەك ئۇنى ئىزدەپ چىقىپ يۈرگەن ئەمەسمىدى، مۇنەۋۋەرنىڭ ئوتتۇردىغان دەرسلىرىنىمۇ شۇ ئەمەت تەييارلاپ بېرەرمىش، ئەيىپ ئۆزىدە بولمىسا، گەپ دېگەن بىكاردىن چىقمايدۇ — دە! قىز بالا تۇرۇپ ئۇنىڭ ياتىقىغا نېمە دەپ چىقىدۇ زادى؟!" دېيىشەتتى، بولۇپمۇ: "ۋاي، بۇ كېيىن چىققان مۈڭگۈزنىڭ ھالىنى كۆرۈڭ، ھازىر قولاقنى پوش دېمەيدىغان بولۇپ كەتتى، تېخى بەزى سىنىپتىكى يۈزسىز ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ تەشكىلىگە بىزنىڭ ئەدەبىيات دەرسىمىزنى مۇنەۋۋەرخانىم بەرسۇن، دەپتىمىش" — دەپ غىدۇراپ يۈرۈيدىغانلارنىڭ ئېغىزىگى تۇت چىشلىق بولۇپ كەتتى، ھەممىدىن بەك مۇدىرنىڭ ئايىلى تەتۈر قارايدىغان بولۇپ قالدى.

مۇنەۋۋەر بىر نەچچە قېتىم مۇدىر بىلەن بۇ

ئىش توغرىلىق سوزلەشمەكچى بولۇپ كىرگەن بولسىمۇ، مۇدىر قانداقتۇ بىر ئىشلارنى باھانا قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن سوزلىشىشنى رەت قىلدى،

" كوتىرەلمەسەڭ ساڭگىلىتىۋال " دىگەندەك بىرەر ئايدىن كېيىن مەكتەپتە: " مائارىپ ئىدارىسىغا مۇنەۋۋەر ھەققىدە بىر مۇنچە نامسىز خەتلەر كەلگەن ئىكەن، شۇڭا مەكتەپكە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى چىقىپتۇ" دىگەن گەپلەر پەيدا بولدى، لېكىن بۇ خىزمەت گۇرۇپپىسىدىن ھېچكىممۇ مۇنەۋۋەر بىلەن سوزلىشىپ باقمىدى.

بىر ياخشى نىيەتلىك ئوقۇتقۇچىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن مۇنەۋۋەر مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنى ئىزدەپ كىردى، ئۇ باشلىققا ئەھۋالىنى ئەمدىلا ئېيتىشقا تەمشىلىۋىددى، باشلىق ئۇنىڭ ئۈستى - بېشىغا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، دەرھال بېرىپ يېرىم ئوچۇق تۇرغان ئىشىكنى يوغان ئېچىۋىتىپ كېلىپ:

— بۇ ئەھۋاللارنى ئىگەللەشكە مەخسۇس خىزمەت دۇيى چىقارغان. شۇلارنىڭ ئىگەللىگەن ئەھۋالىغا قاراپ بىر نىمە دەيمىز، شۇڭغىچە خاتىرجەم ئىشلەپ تۇرۇڭ، — دىدى.

ئۇمىتسىزلىك ئىچىدە قايتىپ كېلىۋاتقان مۇنەۋۋەر ئويىگە قايرىلىدىغان كوچا ئېغىزىدا كاتىپ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

—مۇنەۋۋەر خانىم، —دىدى كاتىپ ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ بوشراق ئاۋاز بىلەن، — پۈتۈن ئەھۋالىڭىزدىن خەۋەر تاپتۇق، روزىمۇ ۋاپاسىزلىق قىلىپ سىزنى تاشلىۋېتىپتۇ، مەكتەپتىمۇ كۆڭلىڭىز تەس بولۇپ قاپتۇ، شۇڭا مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئەمەت ئوغۇل بالىچىلىق قىلىپ سىز بىلەن توي قىلماقچى بولدى... قانداق؟ بۇنىڭغا نىمە دەيسىزكىن؟ گەپ " ھورى ئىچىدىلا " تۇگەيدۇ، بولمىسا ئىشنىڭ ئاخىرىنى تەسەۋۋۇر قىلماق قىيىن... شۇنىمۇ ئېيتىپ قويايكى: ھازىر كېرىم ۋالىغا سىز توغرىلىق كەلگەن نامسىز خەتلەر ئاز ئەمەس......

كاتىپ مۇنەۋۋەرنىڭ كوزىگە مەغرۇر تىكىلدى ۋە يەنە كورەڭلىك بىلەن داۋام قىلدى:

— بىز پەقەت سىزگە ئىچىمىزنى ئاغرىتىپلا شۇنداق قىلىۋاتىمىز. سىزگە جەمئىيەتتە يۈز - ئابروي لازىمدۇر ؟

— يۈز-ئابرويىمغا نۇقسان يېتىدىغان ھېچ ئىش قىلغىنىم يوق! — دىدى مۇنەۋۋەر غەزەپ بىلەن، — پەقەت — ئىغۋا ھېچ قاچان ھەقىقەت ئالدىدا پۇت تېرەپ تۇرالىغان ئەمەس! مېنىڭ جېنىمدىنمۇ بەكرەك ئاسراپ كەلگەن پاك ۋىژدانىم ھامان بىر كۈن ھەقىقەت ئالدىدا گۇۋالىقتىن ئوتىدۇ! ئىچى قوتۇرلارنىڭ نومۇسسىزلارچە توقىغان توھمەتلىرى ئۇلارنى چوقۇم جان ھەلقۇمىدىن بوغىدۇ!

مۇنەۋۋەر شۇ گەپلەرنى دىدى - دە، "تاق-تاق" دەسسىگىنىچە كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالغان كاتىپ ھوقۇشنىڭكىدەك كوزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئۈزمەي چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى.

مۇنەۋۋەر ئويىگە كىرگەندىن كېيىنمۇ كاتىپنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ زادىلا ئارام بەرمىدى.

" ئەمەت ئوتكەن كۈنى شۇنداق ياخشى گەپلەرنى قىلغان ئىدى، —دىدى ئۇ ئوز - ئوزىگە پىچىرلاپ، — نىمە ئۈچۈن ئەمدى كاتىپ بۇنداق دېيىشكە پېتىنالىدۇ ؟ ئەگەر ئۇلار راستىنلا شۇنداق مەسلىھەت قىلىشقان بولسا، نىمە ئۈچۈن ئەمەت روزىنىڭ دوستى تۇرۇپ ئۇنىڭ كوڭلىنى ئايىمايدۇ ؟ دوستلۇق بۇرچى دىگەن مۇشۇنداق بولامدۇ ؟ مەن ئە-

مەت بىلەن سۆزلۈشمەكچى ئىدىم!» ئۇ شۇلارنى
ئويلىدى ـ دە ، ئەمەتنىڭ ياتىقىغا قاراپ
ماڭدى .

ئۇ ياتاقنىڭ ئالدىغا كېلىشىگىلا ياتاق
ئىچىدىن چىققان قاتتىق كۈلكە ئاۋازى بىلەن
قەدىمىنى توختاتتى ، ناماز شام ۋاقتى بو ـ
لۇپ قالغاچقا، ئەتراپمۇ خېلى جىم ـ جىت
ئىدى. ئەگەر باشقا ئادەم بولۇپ قالسا كىر ـ
مەي، دېگەن ئوي بىلەن مۇنەۋۋەر ئىشىكنىڭ
قىل سورەتكەندەك يېرىلغان يۇچۇقىدىن يا ـ
تاق ئىچىگە قارىدى . ئۇ پەقەت شىرەنىڭ
بىر چېتىدىلا ئولتۇرغان كاتىپنى كورەلىدى .

ــ تازا قىزىق گەپ قىلىدىغان ئادا ش
جۇمۇ سەن؟ــ دېدى كاتىپ كۈلكىسىنى تەستە
توختۇتۇپ.ــ ئەگەر ئىش كوڭۇلدىكىدەك بو ـ
لۇپ قالسا بۇ قېتىم ئېلان قىلىنغان داستانىڭ ـ
نىڭ قەلەم ھەققى مېنىڭ بولىدىغۇ دەيمەن.

ــ چاتاق يوق ! مۇنەۋۋەرنىلا ئېلىۋالسام،
پۈتۈن شىنجاڭدا ، سەن ئەمەس ، مەن دەپ
يۈرەتتىم ـ دە، رەقىپلىرىمىمۇ ئاغزىنى ئېچىپ
قېلىشاتتى ...

بۇ بوغۇق ئاۋاز ئەمەتنىڭ ئىدى .

ــ روزى دېگەن قاقۋاشنىمۇ تازا ئەپلىدـ
دۇق ، بىراق ئۇنىڭغا ئۇۋالمۇ قىلدۇق ـ تە!ـ
دېدى كاتىپ بىر رومكىنى " غۇرتتىدە» ئوتلىـ
ۋېتىپ . ـ جاھاندا ئادەملەرھامان بىرلىرىنىڭ
يېغىسى بەدىلىگە كۈلۈپ كەلگەن،ـ دېدى
ئەمەت خىقىراپ،ـ ئەگەر روزى يىغلىمىسا، مەن
قانداق كۈلەمەن ؟! ھا ...ھا ... ھا

»ئەسلى ئىش مۇنداق ئىكەن ـ دە!»دەپ ئوي ـ
لىدى مۇنەۋۋەر يولدا كىرگىچە ۋە ئۆزىدىن
ئەمەتنىڭ روزىنىڭ ئادرىسىنى نىمە دەپ
ئالغانلىقىنى ، كاتىپ بىلەن يېزىۋاتقان
نەرسىلەرنى مۇنەۋۋەرنى كورۇپ قانداق تىز ـ
لىكتە يېغىشتۇرىۋەتكەنلىكى قاتارلىقلارنى
ئەسلەپ ئىشىنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يەتكەندەك
بولدى .

ئۇ ئەتىسى مەكتەپكە چىقىپ ئىككى سائەت
دەرسنى ئوتتۇپ بولۇپلا قايتىپ كەلدى ـ دە، ئۇۋ ـ
دۇل كېرىم ۋالىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى .

مۇنەۋۋەر ئەمدىلا ئوزىنى تونۇشتۇرۇپ
بولۇشىغا ۋالى جىددى بىر ئىش بىلەن سىرت ـ
قا چىقماقچى ئىكەنلىكىنى ، ھازىر ۋاقتى
يوقلىقىنى ئېيتتى .

”مەن بىر ۋابا ئىلاھى بولۇپتىمەن ـ دە،ـ
ئويلىدى مۇنەۋۋەر ۋالى ئىشخانىسىدىن قاي ـ
تىپ چىقىۋېتىپ،ـ ئەمدى قانداق قىلىشىم
كېرەك؟ نىمە ئۈچۈن ئوغۇل بالا بولۇپ قال ـ
مىغاندىمەن ؟ ھازىر ھەممە ئادەم مەن بىلەن
سوزلىشىشتىن قېچىۋاتسا ، بۇسۇيىقەستنى پە ـ
لانلاۋاتقان ئەمەت بىلەن كاتىپ ئىكەنلىكىنى
ھېچ كىم بىلمىسە ... ھەي ... ھېچ كىم مېنى
ئوزەمدەك ۋە ئاپامدەك تولۇق چۈشەنمەيدۇ ـ
دە !...»

ئۇ كېچىچە ئويلاپ ئۇنى ھەممە ئادەمنىڭ
تونۇشىغا سەۋەپچى بولغان ۋە بۈگۈنكى كۈنـ
دە ھەممە ئادەمنىڭ قېچىشىغا سەۋەپچى بو ـ
لۇۋاتقان ئۆزۈن، قارا ئىككى ئورەم چېچىدىن
كېچىش قارارىغا كەلدى .

ئۇ ئەتىسى دەرسى يوقلىقىنى بىلەتتى،
شۇڭا ئەتىگەندىلا ”خىزمەت ئوتەش بىناسى»
تەرەپكە يول ئالدى . ئۇ سەتراچخانىغا كىر ـ
رىپلا 3ـنومۇرلۇق پىشقەدەم خەنزۇ ئۇستىنىڭ
ئالدىغا كېلىپ ، چېچىنى كېسىپ ئوغۇلچە يا ـ
ساپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلدى .

ــ ئەي ـ يا ،ــ دەپ كەتتى سەتىراچ ئا ـ
يال ئۇنىڭغا ئەجەپلىنىپ قاراپ ، ـ
قىزچاق ، مۇشۇنداق چىرايلىق چاچنى
نىمە ئۈچۈن كەستۇرىسىز ؟ ئوزىڭىزگە بەكمۇ
يارىشىدىكەنغۇ ؟

سەتىراچ ئۆنىڭ "ماقۇل كەستۇرمەي" دېيىشىنى كۈتكەندەك، ئۆنىڭغا تىكىلدى.

— كەستۇرمەن، — دېدى مۇنەۋۋەر بوش ئەمما قەتئى قىلىپ.

باشقا سەتىراچ ئۇستاملارمۇ، چاچ ياسىتىۋاتقان كىشىلەرمۇ غول - غولا قىلىشقا باشلىدى.

— ھەي، ھازىرقى ياشلار - زە گۈزەللىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ - دە، - دېدى بىرسى چوڭقۇر ئەپسۇسلىنىپ.

— ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس دېگەن شۇ، چاچ بۇدرە قىلىدۇرۇشتا بىر - بىرىنى دوراۋاتىدۇ بۇ ياشلار، - دېدى يەنە بىرسى زاڭلىق قىلىپ.

— بۇ قىز ئالجىپ قاپتۇ، - دېدى بىرسى كۈلۈپ. توت - بەش يىلەن تەڭلا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

مۇنەۋۋەر ئالدىدىكى پۈتۈن تام ئەينەككە قارىغان پېتى "لام - جىم" دېمەي ئولتۇرۇۋەردى.

سەتىراچنىڭ قولىدىكى قايچىنىڭ "شىرت" قىلغان ئاۋازى بىلەن تەڭ مۇنەۋۋەر شۇنداق دەھشەت ۋاقىردۋەتتىكى، سەتىراچ قولىدىكى قايچىنىڭ يەرگە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي قالدى.

— ئاھ ... ئادالەتسىزلىك !!!

سەتىراچخانىنىڭ ئىچىدە مۇنەۋۋەرنىڭ ئۈن سېلىپ يىغلىشىدىن ئۆزگە نەتاۋۇش، نەشەپە ئاڭلانمايتتى. پەشقەدەم ئايال سەتىراچ ئۈز - نىڭ يۈرەك دەردىنى چۈشەنگەندەك، بىردەم ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ چېچىنى چىرايلىق قىلىپ ئوغۇلچە ياساپ قويدى، ئاندىن ئۇنىڭغا يەتكىچە دەرت - ئەلەم ئاتا قىلغان بۇ ئۇزۇن چاچنى ئاۋايلاپ قەغەزگە ئوراپ ئۇنىڭغا تەڭلىدى:

— مەڭ سىڭلىم، چېچىڭىزنى ئالغاچ كېتىڭ.

ياغلىقىنى چىڭ چىگىپ يولدا قانداق ماڭغانلىقىنى بىلمەيكەلگەن مۇنەۋۋەر ئىشىكتىن كىرىپلا ئاپىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىۋەتتى.

— غەيرەتلىك بولۇڭ قىزىم، - دېدى ئانا يامغۇردەك قۇيۇلۇۋاتقان كوز ياشلىرىنى ئاران توختىتىپ.

— ھايات مانا شۇنداق رەھىمسىز. ئۇ ئاجايىپ قىيىن سىناقلار ئارقىلىق كىشىلەر - دىن ئىمتىھان ئالىدۇ. مانا شۇ ئىمتىھاندىن ئۆتەلىگەن كىشىلا ھاياتتىن ئۆز قەدرىنى تېپىپ ياشىيالايدۇ ...

ئانا مۇنەۋۋەرنىڭ كوكرىكىنى ئاۋايلاپ تاڭدى - دە، ئۇنىڭغا ئىنىسىنىڭ بىر قۇر كىيىمىنى كەيدۈرۈۋېتىپ ئېيتتى:

— تازىمۇ چىرايلىق ئوغۇل بالا بولدىڭىز قىزىم. ئەمدى بېرىڭ.

× × ×

مۇنەۋۋەرنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ، ئۇ - نىڭ ھالىغا ئېچىنىپ، ئىچ ئاغرىتقان ۋالى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىدىن قىزىرىپ كەتكەن كوزلىرىگە ئاتىلارچە مېھرىۋانلىق بىلەن تىكىلىپ ئېيتتى:

— رەنجىمەڭ سىڭلىم، بۇنىڭدا شەخسەن مېنىڭمۇ مەسئۇلىيەتسىزلىكىم بار ئىكەن. بىز بۇ ئىشنى چوقۇم ئېنىقلايمىز. پىتنە - ئىغۋاچىلارنى چوقۇم تېگىشلىك جازاغا تارتى - مىز. سىزنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىڭىزنى قوغ - دايمىز !

مۇنەۋۋەر ئورنىدىن تۇرۇپ شارپىسىنى يە - نە كىرگەن ۋاقتىدىكىدەك ئوراپ، شەپكىنى چوكۇرۇپ كىيىپ مېڭىشقا تەمشەلگەن ئىدى، ۋالى ئۇنى توختۇتۇپ تۇرۇپ ئېيتتى:

# ئانا قەلبى

(نەسىر)

ئادالەت ھېيىبىللا

ھەي قەلبىنۇر! ياق ، سېنىڭ ئىسمىڭ قەلبىنۇر بولغىنى بىلەن قەلبىڭ نۇرلۇق ئەمەس، بەلكى ۋىژدانسىزلىق ، ۋاپاسىزلىق ھەم ئەخلاقسىزلىقنىڭ يىركىنىشلىك تۇمانلىرى بىلەن قاپلانغان .

بۈگۈن – يېڭى يىل بايرىمى . ئۆيۈڭگە چاقىرغان مېھمانلىرىڭنى ئەركىن – ئازادە ئولتۇرۇپ، قورۇنماستىن داستىخاندىكى تولۇپ – تاشقان ھەر خىل نازۇ – نېمەتلەرنى ئېلىشقا زورلاپ ، سەن ئۈچۈن مۇشەققەتتە پۈككۈلگەن قەددىڭنى ئىگىپ ، سېخىلىق ، مېھرىبانلىق نۇرلىرى يېغىپ تۇرغان چىرايىنى گۈلدەك ئېچىلدۇرۇپ ، خۇشال – خۇرام ساھىپخانلىق قىلىۋاتقان ئاناڭنى شۇ سورۇن گۈزەللىرى ئالدىدا ئەرزىمەس بىر ئىش ئۈچۈن مەنسىتمەسلىك كەيپىياتىدا قوپاللىق بىلەن سىلكىندىڭ . مېھمانلىرىڭ بەھرىمەن بولغان يېقىملىق سۆزلىرىڭدىن، قىزغىن مۇئامىلەڭدىن ئاتا – ئاناڭ ياكى قېرىنداشلىرىڭ تەڭ بەھرىمەن بولسىچۇ كاشكى !... مانا ئاناڭنىڭ گۈلدەك ئېچىلىپ تۇرغان چىرايى ئۈششۈك تەككەن يوپۇرماقتەك سولغۇن ھالدا چىقىپ كەتتى . سەن كەينىدىن چىقتىڭ . ئۇنىڭ بۇنىدىن بۇرۇنقى ياكى ھازىرقى مالامەتلىرىڭدىن جاراھەتلەنگەن يۈرىكىگە مەلھەم بەرگىلى چىقتىڭمۇ ؟ ياق ، ئۇنىڭغا ئەمدى مېھمانلىرىڭ ئالدىغا كىرمەسلىكنى جېكىلەپ قويغىلى چىقتىڭ. بۇ شىپالىق مەلھەم ئەمەس، بەلكى جاراھەتنى تېخىمۇ دەھشەتلىك ئېچىشتۇرىدىغان زەھەرلىك دورا. بىچارە ئانا بۇجىڭەلەش، سىلكىنىشلىرىڭدىن پەرزەنتىنىڭ باشقىلار ئالدىدا ئۆز ئانىسىدىن نومۇس قىلىۋاتقانلىقىنى سەز-

---

— ئوقۇغۇچىلىرىڭىز ئالدىغا يەنىلا ئۆز كىيىمىڭىز بىلەن كىرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، ماڭا ئارىپ سېپىدە بىر ياخشى باغۋەن بولۇپ ھالال ئەجرىڭىزنىڭ مېۋىسى بىلەن ئۆز ئەقدىڭىزنى ئاقلىشىڭىزغا تىلەكداشمەن !

— رەخمەت !– دېدى مۇنەۋۋەر بوش ئەمما ۋەزمىن ئاھاڭدا . ئۇنىڭ ئوچۇق تۇرغان دەرىزىدىن سىرتقا تىكىلگەن كۆزلىرى قوياش نۇرىدا تاۋلىنىپ تۇرغان قەدىم شەھەرنىڭ كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالغان گۈزەل مەنزىرىسىنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك، ئۆزىنىڭ پارلاق ئىستىقبالى مانا شۇ گۈزەللىك ئىچىدە ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈۋاتقاندەك . بەخت نۇرىدىن چاقناپ كەتتى .

دى ـ دە ، خورلىنىش ئىچىدە يوردىگى ۋىژدانسىزلىق ، ۋاپاسىزلىق خەنجىرى بىلەن تىلىندى .
شۇ تاپتا ئۇنىڭ كوزىدىن بولدۇقلاپ ئېقىۋاتقان ياش ئەمەس ، تىلىنغان يۈرەكتىن چىققان
قانىنىڭ سىرتقا ئوقچۇپ چىقىشى ئىدى! ئەي دوست، بۇ سەن ئۇچۇن ياكى ساڭا ئوخشاش ئاز سان ـ
دىكىلەر ئۇچۇن ئەرزىمەس بىر ئىش بولۇپ تويۇلمىدىغاندۇ؟ لېكىن، شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، بىر
تامچە سۇدىمۇ قۇياشنىڭ ئەكسىنى كورگىلى بولىدۇ. "ساتىمدا چىققىنى سورۇندىن چىقىپتۇ» دېگەن گەپ بار
ئەمەسمۇ. ئانا كوڭلى نازۇك، لېكىن بۇ كوڭۇل ناھايىتى كەڭ ھەم يۇمشاق بولۇپ، سەۋردەرياسىدىن سۇ ئىچىپ،
مۇنبەتلەشتۇرۇلگەن يەرگە ئوخشايدۇ. بۇ يەرگە قۇرۇماس، پۇتمەس ـ تۈگىمەس ئارزۇ ـ ئۇمىت گۇللىرىنى ـ
تېرىدۇ. گۇللەر ئېچىلغۇدەك بولسا، بۇنىڭ خوش پۇراقلىرىدىن شۇنچە ھوزۇرلىنىپ كېتىدۇ ھەمدە
ئۇ گۇللەرنىڭ تۇزۇپ كەتمەسلىكىنى ئويلايدۇ .

شۇ تاپتا ئانا ئوتكەن ئىشلارنى ئەسلىگىنىدە ، بۇ گۇللەرنىڭ بارا ـ بارا سولۇشۇپ كېتىم ـ
ۋاتقانلىقىنى سىزىۋاتىدۇ . ئەي دوست ، سەن قەلبىڭدىكى نۇرلارنى چاچقان بولساڭ بۇ گۇللەر
قۇرۇماي ، ياشناپ كەتكەن بولاتتى . ياق سېنىڭ قەلبىڭدە نۇر يوق ! بۇ گۇللەرنى ئېچىلدۇرۇش
ياكى خازان قىلىش پەرزەنتكە باغلىق ئىدى . بۇنى سەن ئوزەڭنىڭ ئىنسان بالىسىغا خاس بول ـ
غان ئەقلىڭ ، پەزىلىتىڭ ، ساپ ۋىژدانىڭ، ئىنساۋىڭ ، ۋاپادارلىقىڭ بىلەن ئورۇنلايتتىڭ. لې ـ
كىن ،سەن ئۇنىڭ ئەكسىنى قىلىۋاتىسەن . ئاناڭ سەندىن مۇشۇنى كۇتكەنمىدى ؟! سەن ئەمدىلا
يورۇق دۇنياغا كوز ئاچقىنىڭدا ئاتا ـ ئاناڭ شۇنچە خوشال بولۇپ، "ئويىمىزدە بەخت گۇلى ئې ـ
چىلدى . نۇرلۇق چىراق ياندى » دەپ قەلبىڭنىڭ نۇرلۇق ئالى پەزىلەتلەر بىلەن تولغان بولۇشى ـ
نى ، كەلگۈسىدە باشقىلار ئۇچۇن نۇر ۋە ئىسسىقلىق بېرىشىڭنى ئۇمىت قىلغان ئىدى . ئاناڭ قاي ـ
ناق مېھرى بىلەن ھەر سائەت، ھەرمىنۇت ساڭا بېقىپ، سانسىز تۇنلەرنى بوشىگىڭنىڭ بېشىدا ئۇي ـ
قۇسىز ئوتكۇزدى . ئىسسىق قانلىرىنىڭ جەۋھىرى ـ ئاق سۇتىنى بېرىپ سېنى ئوزۇقلاندۇردى .
سېنىڭ كەلتۇرگەن مالامەتلىرىڭنى پەقەت ۋە پەقەت ئېغىر كورمەي پۇتۇن ۋۇجۇدىنى، ياشلىقىنى،
كۇچ ـ قۇۋۋىتىنى ، ئېقىل ـ پاراسىتىنى ساڭا تەقدىم قىلدى . مانا سەنمۇ چوڭ بولدۇڭ ، ئا ـ
ناڭ ساڭا قاراپ زوقلىناتتى. ئۇمىت ـ ئارزۇلىرىنى تېخىمۇ كۇچەيتەتتى . مانا ، سەنمۇ
ئوسۇپ ۋايىغا يەتتىڭ . سەن ھازىر ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان بالا ياكى تەنتەك ئوسمۇر ئەمەس .
بەلكى ئاناڭنىڭ كۇتكىنىنى بىر ـ بىرلەپ ئورۇنلاشقا قادىر بولغان جۇشقۇن بىر ياش، سەن جەمىيەت ـ
نىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ ، قالدىڭ تېخنىكومنى پۇتتۇرۇپ ، خىزمەت قىلىۋاتىسەن . ئەتىگەنى
ئىرىنچەكلىك بىلەن ۋاقچى تۇرۇپ چوڭ ئەينەكنىڭ ئالدىدا بىرەر سائەت ھايال بولىسەن ـ دە،
سومكاڭنى بىلىكىڭگە ئېسىپ ، تاراقلاپ ئىدارىڭگە ماڭىسەن. چۇشتە خالىساڭ كېلىسەن ، بولمىسا
دەم ئېلىش ۋاقتىڭنى دوستلۇرۇڭ بىلەن ئوتكۇزىسەن . كەچتە كېچىكىپ كېلىسەن ـ دە، ئاناڭنىڭ
ئوي ئىشلىرىنى ھاسىراپ ـ ھومىدەپ ، ئورە تۇرغىچىلىكى قالمىسا ئولتۇرۇپ ، ئولتۇرغىچىلىكى
قالمىسا ئومۇلەپ قىلىۋاتقان ھالىتىنى كورسەڭمۇ ۋىژدانىڭ بىلەن : "ئانا مەن كەلدىم ، سەن ئا ـ
جىز ، ياشىنىپ قالدىڭ ، ئەمدى ئەۋارى بولماي ئارام ئال ، ئەكە سۇپۇرگىنى ، ئەكە چومۇچ ـ
نى ......" دېمەيسەن . قاپىغىڭ تۇرۇكلۇك ، يەنە مېھمانخانىدىكى چوڭ ئەينەكتە چاچ مېيى بىلەن
قېنىق پاقىرىتىلغان بۇدۇر چاچلىرىڭ، پەداز بىلەن ئاقارتىلغان
چىرايىڭ ، يېڭى پوسۇندا پۇزۇر كېيىنگەن زىبا تۇرقىڭ ئوز ئەكسىنى تاپىدۇ . بىر

دەم يۇمشاق تاۋار كورپىدە يانپاشلاپ چېكى يوق خىيال دېڭىزىدا ئۈزۈپ كېتىسەن، دېيىشىپ قوي ـ
غاندەك دوستلىرىڭنىڭ بىرەرسى كېلىدۇ ـ دە ، يا كىنو ، تىياتىرغا ياكى كەچلىك ئـولتۇرۇشلارغا
ماڭىسەن، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە بۇگۈنكىدەك ئويۇڭدە بەزمە، بولمىسا تاشقىرىدا دوست تارتىشلار، ئايدا
ئالغان مۇئاشىڭ ئۆزەڭنىڭ ئىختىيارلىقىڭدىكى سوددىدىن ئاشـاي ، دېگـەندەك ئـوتىدۇ . ئاتا ـ
ئاناڭ بۇنىڭدىن رەنجىمەمدۇ ؟ ئەلۋەتتە رەنـجىيدۇ . پـەرزەنتلىرىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدىكى غەم ـ
غۇسلىرىدىن ۋاقتىسىز باشلىرىغا قىرو چۈشكەن ، كوزلىرى نۇرسىزلانغان ئـاتا ـ ئانا بەزى ۋا ـ
قىتلاردا ئوزلىرىنىڭ شۇنچە ئۇنۇملۇك ئۇسۇللار بىلەن قىلغان نـەسھەتلـىرىنىـڭ ئـىچ ـ باغرىنى
يىرىپ چىققان پەرزەنتلىرىگە ھىچ كار قـىلمىغانلىقىدىن ھەسرەتلىنىپ، ئامالسىزلىقتىن يـوشۇرۇن
ھالدا كوزلىرىنى ياشلايدۇ . يەنىلا سـەۋرچانلىق بىلەن "پەرزەنتلىرىم بىر كـۈن بـولمىسا يـەنە
بىر كـۈنـى ئـىـنساۋىـغا كېـلىپ قـالار» دېـگـەن نـىـيـەتـتـە ئـۈمىتچىرىغىنـى ئـوچۇرمەي،
ئوزلىرىنى بەزلەپ تۇرىدۇ . ئۇلار نە قەدەر باغرى كەڭ ، سـەۋرچـان ـ چىدامليق ، ئۈمىتۋار كىـ
شىلەر ـ ھە ! ئەي نادان. لېكىن، سەن بۇ ئۈمىت چىرىغىنى سوغۇق بوران چىقىرىـپ ئـوچۇرىمەن
دەيسەن . ئاناڭ تاغۇ ـ تاشلارنى ئىرىتكەندەك ياخشى گەپلەر بىلەن نەسىھەت قىلىپمۇ نەتىجە ھا ـ
سىل قىلالمىدى . ئەمدى ھاردى ھەم خىجـل بولدى . چـىڭ يـېرىگە كـەلگەندە بىشەملىك بىلەن
جاۋاپ قايتۇرۇپ ، "ئولۇۋالىمـەن» دەپ تەھدىت سالاتتىڭ . ھاياسىزلارچە كوزلىرىڭنى چەكچەي ـ
تىپ ئۇنىڭغا قادىلاتتىڭ … ئانا ئېچىناتتى ، يۈرىگى قاخشايتتى . مانا بۈگۈن كەچ يەنە نـۇمۇسـ
سىزلىقىڭنى قىلدىڭ . ئانا بۈگۈنكى كەچقۇرۇنلۇق ئولتۇرۇشقا بېرىشىڭنى رەت قىلدى ، بۇ تۈنجى
قېتىمقىسى ئەمەس ئىدى . لېكىن سەن نوچىلىق ، گەپدانلىقىڭ بىلەن رەددىيە بېرىپ مـاڭماقچى
بولدۇڭ . ئانا چىرايلىق ئوتۈنۈش يۈزىسىدىن ئالدىڭنى توستى. سەن يۈزسىزلەرچە ئـاناڭنىڭ
شۇ ئېزىز مەيدىسىگە ئىپلاس قولۇڭنى تەككۈزۈپ ، زەرپ بىلەن ئـىتتىرىـۋەتتىڭ ، بـۇ زەربىدىن
ئاناڭ قاتتىق خورلاندى ـ دە ، ئوزىنى بىر نەچچىنى كاچا تىلىۋەتتى . سەن يەنىلا ئـىـرەڭـسىمەي
تۇردۇڭ ، ئانا ئوزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ، ئىززەت ـ نەپسىنىڭ ئوز پەرزەندىنىڭ ئايىغىدا دەپ ـ
ـسەندە بولۇۋاتقانلىقىدىن تېخىمۇ خورلاندى . ئانا ئوز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا قولىنى ساڭا ئۇ ـ
زاتتى ـ يۇ، يەنە چىدىمىدى بولغاي ، تارتىۋالماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، سەن كوڭلى قارا ئۇنىڭ قو ـ
لىنى ، شۇ مۇبارەك قولىنى كاپ قىلىپ تۇتۇۋالدىڭدە ، رەھىمسىزلەرچە قايرىۋەتتىـڭ . ئانا ئې ـ
چىنىشلىق ھالدا چىقىراپ تولغۇنۇپ يەرگە يىقىلدى .

ئۇ ئېچىنىشلىق نالى قىلىپ يۇمۇلايتتى. مېھرىلىك كوزلىرىدىن ئاققان ياش سەل بـولۇپ ،
دەردى ـ ئەلەم ، خورلىنىش بىلەن تولغان كوكسىنى بوشىتىدىغاندەك تـۆيۈلاتتى. ئـانا دەھشەت
بىر چىقىرىدى ـ دە ، جىم بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ كوزلىرى چىڭ يۇمۇلغان ، چىشـلىرى بـىر ـ
بىرىگە مەھكەم كىرىشىپ كەتكەن ئىدى . بۇ ھالدىن قورقۇپ كەتكەن بىچارە نارىسىدە ئۇكىلىرىڭ
ئانىنىڭ باش ـ ئايىغىدا پەرۋانىدەك چوگۈلەپ "ۋاي ئانا ، جېنىم ئانا ! كوزلىرىڭنى ئاچ …»
دەپ بايا مېھمانلارنىڭ بەزمىسى بىلەن خوشاللىققا چومگەن ئوينى ئېچىنىـشـلىق يىـغـا ـ زارىـ
گە ئـايـلانـدۇرۇۋەتـتى . بىـر ئـىـنىڭ تـاشقىرىـدىن كىـردى ـ دە ، كـۈتۈلمـگەن بۇ ھادى ـ
سىدىن ئەس ـ ھۇشىنى يوقىتىپ ، ئوزىنى ئانىنىڭ باغرىغا ئېتىپ ، كوكسىگە باش قـويدى . ئۇ
ئوكسۈپ ـ ئوكسۈپ يىغلايتتى: "ئانا سىزگە كىم ئازار قىلدى ؟ ئانا … جېنىم ئانا، كـوزىڭـىزنى

ئاچىسىڭىزچۇ !...» دەپ نالە قىلاتتى. ئانىنىڭ يۈرىكى بۇ نالىنى تۇيىغاندەك، تومۇرلىرىغا بالىلىرىنىڭ كۆز ياشلىرى قۇيۇلاتتى، يۈرىكى ئاجىز سوقۇۋاتاتتى. ئىنىنىڭ پىيالىدە ياش بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن سۈتنى ئانىنىڭ ئاغزىغا تېمىتتى. لېكىن، بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن چىشلار ئارىسىدىن سۈت ئۆتمىدى. پىيالە يەرگە چۈشۈپ، خۇددى ئاناڭنىڭ يۈرىكىدەك پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى. يىگىتلىك قىيامىغا تولغان ئىنىنىڭ ھەسرەت بىلەن ئۆزۈن سىلىپ يىغلاپ، سوزۇلۇپ جىم ـ جىت ياتقان ئانىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ مەڭزىنى ئانىنىڭ يىلمان ياش بىلەن ھۆل بولۇپ كەتكەن سۇلغۇن يۈزىگە يېقىپ تۇرۇپ دەيتتى: "ئانا، جېنىم ئانا! خوش بولۇپ كېتەي كۆزىڭىزنى بىر ئېچىڭا، بىزنى كېچىرىسىڭىزچۇ، ئەمدى بىز سىزنى ھەرگىز خاپا قىلمايمىز ......»

بۈگۈن ھەممە يەر بايرام خوشاللىقىغا چۆمگەن بولسا، بۇ ئۆي بالىلارنىڭ يىغا ـ زارى، «ئانا» دەپ نىدا قىلىشلىرىدىن قىيامەت ـ قايىم بولۇپ كەتتى.

ئانىنىڭ كۆۋۈك بىلەن نەمدەلگەن لەۋلىرى سەل مىدىرلىغاندەك بولدى. ئانا بالىلىرىنى تاشلاپ كېتىشكە چىدىمايتتى. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بار ئىدى. ئۇ جان ـ جىگەر باللىرىنىڭ كۆز يېشى قىلىشىغا چىدىمايتتى. باللار ئۆچۈن كۆپرەك ياشىنى خالايتتى. ئۇ ئەزرائىلنىڭ ئۆزىگە رەھىم قىلىشىنى تىلەيتتى.

خوشنىلار بۇ يىغا ـ زارىنى ئاڭلاپ، ئەنسىزلىك بىلەن كىرىپ كېلىشتى، دوختۇر چاقىرىلدى. بىر دەمدىن كېيىن، ئانا ھەممە دەردى ـ ئەلەمنى ئىچىگە يۇتۇۋاتقاندەك، كۆكسىنى ئېگىز كۆتىرىپ، ئېغىر ئاھ تارتىپ، ئاغزىنى ئاچتى. ئەمدى كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلار تاراملاپ چۈشۈشكە باشلىدى. كۆزىنى ئاچتى. باللار ھەممىسى تەڭلا "ئانا!» دەپ ۋاقىراپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدى. "ئانا، جېنىم ئانا، خوش بولۇپ كىتەيلى، ئەمدى يىغلىماڭ، خاپا بولماڭ ....» ئانا ئىنىسىنىڭ بىلەن كىچىك سىڭلىسىنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ: "جېنىم بالام، مەن ھايات، ئاھ جىگىرىم، كۆز قارچۇغۇم، باللىرىم مەن سىلەردىن ھەرگىز رەنجىمەيمەن ......»

ئاھ ئانا كۆڭلى نەقەدەر كەڭ! ئۇ نەقەدەر چىداملىق، مېھرىبان ـ ھە!؟ ئۇ ھازىر ھەممىنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتتى. ئۇ پەرزەنتلىرىنىڭ كۆزىدىن ياش ئاققۇزۇشىنى، كۆڭلىنى چىگىپ قويۇشىنى، بەختسىز بولۇپ قېلىشىنى خالىمايدۇ.

ئاھ! دۇنيادا ئاتا ـ ئانىدەك ئىچى دەريا، ھەممە دەرتلىرى، مالامەتلەرنى سۈمۈرۈپ كېتەلەيدىغان كوتۇرۇشلۇك جان بارمىدۇ!؟

لېكىن، ئەي قەلبى قارا، سەن ئاناڭدىن بىر ئېغىز مۇ كەچۈرۈم سورۇمۇدۇڭ، بىر تامچىمۇ ياش ئاققۇزمىدىڭ، سېنىڭ باغرىڭ تاشتىن، يۈرىكىڭ ئىنسانى ھىس ـ تۇيغۇدىن خالى بولغان تۆمۈرتەسەك، تاش داشقالدىن پۈتكەنمۇ؟! ئەي ۋاپاسىز! قېنى سەندىكى ئەخلاق ـ پەزىلەت، ۋىژدان، ۋاپادارلىق، ئىنساپ ـ دىيانەت!؟ قېنى سەندىكى ياشلارغا خاس يۈكسەك غايە، غورۇر، ئىرادە ـ تىلەك!؟ ئىنسان بالىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ۋە پەزىلەتلىرىنىڭ بىرى ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنى قەدىرلەش، ھۆرمەتلەش ئەمەسمۇ؟! سەن بۇندىن كېيىنمۇ ھىچ ئۆزگەرمەي مۇشۇ پېتىڭچە قېرىماي ـ چۈرىمەي، ئاتا ـ ئانا بولماي ئۆتەرسەنمۇ!؟ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئانا بولۇپ پەرزەنتىڭدىن خورلۇق تارتساڭ، ھەسرەتلەنمەمسەن؟! ئۇ چاغدا كىشىلەر ھازىر ئاناڭنى "ئۇ نىمانچە ھەسرەتلىنىدۇ» دىگىنىدەك،

سىنىمۇ شۇنداق دىمەسمۇ ؟!

سەن ھازىر ئۆز ئاتا ـ ئاناڭنى ، قېرىنداشلىرىڭنى سۆيمەسمەك ، ئۇلارنىڭ قايغۇسىغا قايغۇرۇپ، خۇشاللىقىغا خۇشاللانمىساڭ ، بولغۇسى ئائىلەڭنى ، مەڭگۈلۈك سەپدىشىڭنى ھەقىقى چىن كۆڭلىڭدىن سۆيەلەمسەن ، ۋاپا قىلالامسەن؟! مۇشۇنداق كىچىك ئائىلىلەردىن بىر ـ لىككە كەلگەن چوڭ ئائىلە ۋەتىنىڭنى سۆيەلەمسەن ؟! ۋەتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن بار كۈچۈڭنى تەقدىم قىلالامسەن ؟! ......

ئەي دوست ، ئىمىشقا بۇنداق قاراپ تۇرىسەن؟ بول، ئاناڭنىڭ ئايىغىغا يىقىل ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورا ! ھازىرمۇ كېچىكمەيسەن . ئانا كۆڭلى ، ئانا كۆڭلىگە تېرىلغان ئۈمىت گۈللىرى قايتىدىن ياشنىسۇن !

ھورمەتلىك كىتابخان ، سىز مېنى "ئۇ نىمانچە ھەسرەتلىنىدىغاندۇ ؟" دەپ قالماڭ . ئاۋۇ شوخ كىيىكتەك سەكرەپ غەمسىز ئوينىۋاتقان ئوغلۇم ، يۈزلىرىمنى سىلاپ، مېنى قۇچاقلاپ تۇرغان ماۋۇ ئوماق قىزىم ، چوڭ بولغاندا ھەممە ئارزۇلىرىمنى بەربات قىلىپ مېنى ئازابلىشىدىن ، خورلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ ھەسرەتلىنىمەن . ياق ، بۇ بەلكىم توغرا ئەمەستۇر ، مانا بۇ بەختىيار زاماندا ئاتا ـ ئانىلار خاتىرجەم ، باللار ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىۋاتىدۇ ئەمەسمۇ ؟!

ئەي دۇنيا ! ئەنە شۇ بىر قىسىم ۋاپاسىز پەرزەنتلەرنىڭ قەلبىدىكى تۇمانلارنى تارقىتىۋەت، ئۇلار باشقىلارغا ئۆز جىسمىدىن نۇر ۋە ئىسسىقلىق ئاتا قىلسۇن! ......

ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ئالى ئەخلاق ـ پەزىلەت ، ۋاپادارلىق ، ئىرادە ، تىلەك ئاتا قىل! ئاتا ـ ئانىلار ئارزۇسىغا يەتسۇن .

# چوپانلار قەلبى

ئاتىكەم زەمىر (تاجىك)

كەڭ گۈزەل پامىرنىڭ يايلاقلىرىدا!
چوپانلار ناخشىسى جاراڭلاپ تۇرار.
ياپ ـ يېشىل بوستانلار باغرىدا ئۇنىڭ
جانانلار، ئىدىرلار خۇش ئەنبەر پۇرار.

مايسا رەڭ ئوتلاقلار بەئەينى كىمخاپ،
يۈرەككە دەرماندۇر سەھەر ھاۋاسى.
سائادەت ـ بەختىگە ئىرىشكەچ خەلقىم،
ياڭرايدۇ تۈش ـ تۈشتىن نەينىڭ ساداسى.

ھەيۋەتلىك شۇ مۇز تاغ كۆككە تاقاشقان،
ۋەتىنىمنىڭ ھۆسنىگە ياراشقان شۇنچە.
شۇ ئېزىز زېمىندە بەختىيار تاجىك،
ئىش ـ مېھنەت، ئىجادىتىنى تىزىدۇ ئۈنچە.

دەۋرىمىز ئۆزگىچە كۈلدۈرگەچ ئەلنى،
جۇش ئۇرۇپ ئاقىدۇ بۈگۈن زەرەپشان.
كۈيلەيدۇ زامانىنى چوپانلار دىلىدىن،
ئۆرلەيدۇ يۈكسەككە دادىل ھەرقاچان.

# پەزىلەت

(ھېكايە)

غەلىبە مۇھەممەت

ئادالەت قاتتىق قورقۇشتىن يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ، چاپىنىدىن چىقىپ كېتەي دېگەن كۆزلىرى بىلەن ئەتراپىنى جىددىي كۆزىتىپ:

— ئىست، ماھىنۇرنىڭ گېپىگە كىرسەمچۇ؟ — دەپ پىچىرلاپ پۇشايمان بىلەن لېۋىنى چىشلىدى. ئۇ كىچىككىدىن بىللە ئويناپ، ھەدە — سىڭىلدەك چوڭ بولغان جان دوستى ماھىنۇرنىڭ تويىدىن قايتىپ كېلىۋاتاتتى.

— مۇنچىۋالا قاراڭغۇدا ئۆزەڭ يالغۇز قانداق كېتەرسەن؟ — دېگەن ئىدى ماھىنۇر ھالرەڭ بۆرتۈمشال ئىچىدىن قولدىشى ئادالەتكە پىچىرلاپ، — توي تارقىغىچە توختىغىن.

— مەندىن ئەنسىرىمە، ئاخىرقى ئاپتوۋۇزغا ئۈلگۈرەلىسەملا كېتىۋېرىمەن. ئاپام بىتاپ بولمىغان بولسا، نىمە دېسەڭمۇ رازى ئىدىم. ئەمدى كەچۈرگىن، ئاخىرغىچە ئولتۇرۇپ بېرەلمىدىم.

ئاپتوۋۇز بېكىتىدە بىر قانچە يولۇچى تۇراتتى. ئادالەتمۇ ئۇلارنىڭ قاتارىغا كېلىپ قوشۇلۇپ ئاپتوۋۇز كېلىدىغان تەرەپكە بىتاقەتلىك بىلەن تەلمۈردى. 20 ... 30 ... 45 مىنۇت كۈتۈشكە توغرا كەلدى. ئاخىرقى بىر قۇرۇق ئاپتوۋۇز ئۇلارنىڭ ئالدىدىن قۇيۇندەك ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنلا، يولۇچىلار ئۈمىدلىرىنى ئۈزۈشۈپ، بىر-بىردىن تارقىلىپ كەتتى. شەھەر مەركىزىدىن خېلى چەتكە جايلاشقان بۇ ئۈزۈن يولدا ئادىمىزات ئايىغى بېسىلغان، ئاندا — ساندا ۋىشىلداپ ئۆتۈپ كېتىپ بارغان چوڭ — كىچىك ماشىنىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەتراپىنى كېچىنىڭ سۈرلۈك جىمجىتلىقى قاپلىغان ئىدى. ئادالەت چۆچۈدى. ئارقىغا قايتسۇنمۇ؟ ياق، ھېلىمۇ دوستىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن، بىتاپ ياتقان ئانىسىنى بىر كۈن يالغۇز قالدۇرغىنى يېتىپ ئاشىدۇ....

ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ، بار كۈچى بىلەن ئالغا قاراپ يۈگۈردى. ئىلگىرى چىراغلىرى كۈندۈزدەك يورۇتقان كەڭ ئاسپالت يولدىن بىر تار كوچىغا قايرىلغاندا، ئارقا تەرەپتىن ئاياق شەپىسى ئاڭلاندى. ئۇ ئارقىغا قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي، مېڭىشىنى تېزلەتتى. لېكىن بىر ئازدىن كېيىن ئىككى ئادەمنىڭ سايىسى ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، بارغانچە ئۇزىراشقا باشلىدى. ئادالەت ئاستا چەتنەپ يولنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈۋالدى. ئىككى سايە ئۇنىڭ ئۆز سايىسىدەك ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى.

— ئاپپاق قىز، ھوركىمەك، بىللە ماڭايلى.

— بىزنى ھەمرا قىلىۋېلىڭ.

ئادالەت يۈرىكى قېپىدىن ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك ھودۇقۇشقا باشلىدى. ئۇ قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلەتتى. قاتتىق ھاسىراش

ۋە قورقۇشتىن تامىغى قۇرۇپ، كېكىرتىكى ئېچىشىپ، ئاغزى كامادەك ئېچىلىپلا قالدى.

— ئاق بېلىقنىڭ ئۆزى ئىكەنغۇ، بۇ!......

— ئېيتقا ئاپپاق قىز، مەيلىڭىز قايسىمىزغا تارتىدۇ؟ ...... ۋەت!...-كۈلكە كۆتىرىلدى.

قىزچىلىق — چىلىق تەرگە چۆمۈپ كەتتى. ئۆيىگە يېتىۋېلىش ئۈچۈن تېخى خېلى يول يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مۇشۇ تاپتا بىرەر ھەمرا بولسىچۇ! بىرەر تونۇش ئايال ئۇچرىغان بولسىمۇ، ھېچ ئىككىلەنمەستىن ياردەم سورىغان بولاردى..

دەل شۇ ئارىلىقتا بىر كىشىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇ يولنىڭ قىز ماڭغان تەرىپىدە، قىزغا قارشى كېلىۋاتاتتى. ئادالەت ئۆزىنى مۇشۇكنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغان چاشقاندەك ھېس قىلىپ، يە ئالدىغا مېڭىشنى، يە كەينىگە يېنىشنى بىلەلمەي قالدى.

— قورغۇيدەك يورغىسى بارخېنىمكەن-بۇ!...

— قاچماڭ، چىشلەپ چاينىۋەتمەيمىز...ۋەت...

ئىككى لۈكچەكنىڭ ئۇشكىدەك مەرىشى جىم — جىت كوچىنى بىر ئالدى. ئۇلار قىزدىن پەقەت يەتتە — سەككىز قەدەملا ئارقىدا كېلىۋاتاتتى. ئادالەتنىڭ تېخى بىر نەچچە مىنۇت ئىلگىرىلا ئۈمىت بىلەن چاقنىغان كۆزلىرى ئالدىدا كېلىۋاتقان يولۇچىنىڭ ئەركىشى ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكەندە، ئۇنى تېخىمۇ سۈر بېسىپ، پىشانىسىدىن سوغۇق تەر قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئارقا تەرەپتىن تاپانداپ كېلىۋاتقان ئىككىسىنى ئاز دەپ ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئەركىشىمۇ يېقىنلاپلا قالغان ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئادالەتنىڭ بېشىدا چاقماق چېقىلغاندەك كۆڭلى ئېغىشقا باشلىدى.

— شۇنچە كەچ قالغىنىڭىزنى قاراڭ! — دېدى ئالدى تەرەپتىن يېقىنلاپ كەلگەن ئادەم قىزنىڭ ئالدىغا كەلگەندە چېپىدە توختاپ، — چاققانراق يۈرۈڭ!- ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭدى.

قىز ۋاقىرىۋېتىشكە تاسلا قالدى. ئەمما بۇ جىددى پەيتتە ئۆزىنىڭ قورقۇپ تۇرغانلىقىنى چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن مېڭىشنى داۋام قىلىۋەردى. ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ھېلىقى ئىككىسى ئاران تاپقان ئولجىنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىۋاتقىنىغا ھەسرەت چەككەن ھالدا، كوسا ئېڭەكلىرىنى سىقىمدىغىنىچە، بېشىنى چايقىشىپ، ئاستا كەينىگە قايتىشقا مەجبۇر بولۇشتى.

— قورقتىڭىزمۇ؟ — دېدى ناتونۇش يىگىت ئوۋچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان توشقاندەك ئىتتىك — ئىتتىك نەپەس ئېلىپ كېلىۋاتقان قىزنىڭ ئاقىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ.

— ھە؟ — ئادالەت كۈتۈلمىگەن بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ ۋاقىرىۋەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. ئوغرىدىن قېچىپ، قاراقچىغا تۇتۇلغىنىدىن ئۆزىنى يوقۇتاي دەپ قالغان ئادالەتكە ئەندى ئۆيىگە ساق — سالامەت يېتىپ بېرىش تېپىشماقتەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. شۇڭا ئۇ بىر نومۇسسىز قولنىڭ ئۆزىگە تۇيۇقسىز چاڭگال سېلىپ قېلىشىدىن قوغدىنىش ئۈچۈن، ناتونۇش ھەمراھىنىڭ ھەر بىر ھەركەت، گەپ — سۆز، ھەتتا تىنىقلىرىغىچە دىققەت قىلىپ قەدەم باسماقتا ئىدى. ھەر ھالدا ئۇ بىر قەدەم بولسىمۇ، ئۆيىگە يېقىنلاشماقتا ئىدى. ئەنە يېقىنلاپمۇ قالدى. ئەمدى "ئەپلىك شارائىت"، تاماسى بىلەن كېتىۋاتقان بۇ قارانچۇقنىڭ خام — خىيالى بىت — چىت بولىدىغان بولدى. ئەنە ئازلا قالدى"، مانا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە قايرىلىدىغان كوچا ئاغزى...

ئۆز مەھەللىسى قىزنى بىردىن غەيرەتلەندۈردى. ئۇ كىرىچتىن ئايرىلغان ئوقتەك كوچا ئىچىگە قاراپ ئېتىلدى-يۇ، بار-

نىڭ غۇر - غۇر شامىلى ئېلىپ كەلگەن «ئاستىراق يۇگرەڭ» دېگەن ئەۋاز بىلەن ئۇز ئايىغى ئاستىدىكى قىزىم - شىبىغىلارنىڭ شىرىقشىغان ئەۋازى خۇددى بىرسى ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەندەك تۇيۇلۇپ، ئۇنى ئارقىغا قاراشقا مەجبۇر قىلدى. ئەمما شۇ ئارىلىقتا ئىگىز ئوكچىلىك ئاياقنىڭ پاشىنىسى كوچىدا توغرا تۇرغان بىر تال سىمغا ئىلىنىشىپ قىلىپ تىك موللاق چۈشتى - دە، ھۇشىدىن كەتكىلى تاس قالدى، كوز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. لېكىن كوزىنى يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇنىڭ مىڭىسىگە قاتتىق ئاغرىقتىنمۇ ئەۋۋەل سىگنال بەرگىنى «پۇرسەتتىن پايدىلاندۇرماسلىق كېرەك، تېز!» دېگەن خىتاب بولدى. دەرۋەقە كوچا بېشىدا قاراپ تۇرغان ھېلىقى ناتونۇش كىشى يۇگرەپ كېلىۋاتاتتى. ئاھ، تىزراق قېچىش كېرەك! قىز چىشىنى مەھكەم چىشلەپ، ئاران دېگەندە ئورنىدىن تۇردى-يۇ، بىر قەدەم باسمايلا سەنتۈرۈلۈپ يەنە يىقىلىپ چۈشتى. ئوڭ پۇتى يەرنى دەسسىيەلمىدى. سول پۇتىدىكى ئىپەك پايپاقتىنمۇ تەپچىپ قان ئېقىۋاتاتتى.

— نىمانچە يۇگۇرگۇلۇك، يولغا قارايدىغان ئەمەسمۇ؟ — دېدى يىگىت قىزغا ئىچ ئاغرىتقاندەك قىلىپ.

— ۋايجان، ۋايىيەي،— قىز بىر قولى بىلەن يىگىتنى يېقىن كەلمەڭ دېگەندەك ئىتتىرىپ، ئورنىدىن دەس تۇرماقچى بولۇۋىدى، جانىدىن ئوتۇۋاتقان قاتتىق ئاغرىققا چىدىماي ئىڭراپ كەتتى.

— ماڭا تايىنىۋېلىڭ،— دېدى يىگىت قىزنىڭ غەزەپتىن يېنىپ كەتكەن ياشلىق كوزىگە مۇلايىم قاراپ.

— نېرى تۇرۇڭ!— قىز ئاچچىق بىلەن گۇلەيدى ۋە ئالدىراپ ماڭماقچى بولدى، لېكىن بىر قەدەم قويۇش بىلەنلا چوققا دەسسىۋالغاندەك چىقىراپ يەنە ئىتتىك كوتىرىۋالدى.

— پۇتىڭىز قايرىلىپ كەتتىمۇ-نىمە؟— دېدى يىگىت زوڭزىيىپ ۋە سوراپ ئولتۇرمايلا بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ پاچىقىدىن ئامبۇردەك قىسىپ تۇرۇپ يەنە بىر نەچچىنى سىلكىپ تارتتى،— ئەمدى ياخشى بولۇپ قالدۇ،— دېدى ئۇ ئاغرىققا چىدىماي يىغلىۋەتكەن قىزغا قاراپ مۇلايىملىق بىلەن،— ماڭا تايىنىۋېلىڭ، نىمىشكە جاھىللىق قىلىسىز؟ ئويىڭىزگە تىزراق يېتىشىۋېلىشىڭىز كېرەككۇ ئاخىر.

ئادالەت ئەمدى قارشىلىق كورسەتمىدى، ئۇنىڭدا قارشىلىق كورسەتكۇدەك مادارمۇ قالمىغان ئىدى.

— بولدى،— دېدى ئادالەت ئارانلا ئوزلىرى ئولتۇردىغان بىنانىڭ تېمىغا يولەنگىنىچە، ئۇنىڭ قارىشىدىن «كوزۇمدىن چاققانراق يوقۇلۇڭ» دېگەن مەنا چىقىپ تۇراتتى.

— ......

ئادالەتنىڭ كەسكىنلىك بىلەن قول سىلكىشى ئۇنى ئوز يولىغا كېتىشكە قىلغان بۇيرۇق ئىدى. يىگىت تەمتىرەپ تۇرمايلا كەينىگە بۇرۇلدى ۋە ئايرىلىش ئالدىدا:

— بابا مەن ئىشتىن چۈشۈپ ئويگە كېتىۋاتاتتىم، 2 ئادەمنىڭ سىزگە تېتىقسىز گەپلەرنى قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كورۇپ، ئۇلارنىڭ كەينىڭىزگە كىرىۋالغان لۈكچەكلەر ئىكەنلىكىگە پەرەز قىلدىم - دە، قۇتۇلدۇرۇپ قويۇشنى ئوزەمنىڭ يىگىتلىك بۇرچى دەپ قاردىم. ھەر ھالدا ئوزىڭىزگە كوپرەك ئېھتىيات قىلىڭ! خوش، - دېدى.

ئىلىكتىر چىراقلىرىنىڭ ئوتكۇر نۇرى ئاستىدا چوڭ - چوڭ قەدەم ئېلىپ كېتىپ بارغان يىگىتنىڭ كەينىدىن قاراپ قالغان ئادالەتنىڭ يۇرىگىنى ئەمدى مۇنىدىن بىر نەچچە سىكۇنت ئىلگىرىكى نەپرەت - ئوچلۇك ھىسسىياتى ئەمەس، بەلكى مەھلىيالىق، ھورمەت تۇيغۇسى ئىگەللىگەن ئىدى.

— نەقەدەر ئالىجاناپ پەزىلەت ئىگىسى-ھە!— ئادالەتنىڭ غۇبارسىز پاك قەلبىنى بىر پۇشايمان ئازاپلاشقا باشلىدى،— ئۇنىڭ ئىسمىنى نىمىشقا سورىۋالمىدىمكىن؟




# ئىككى شېئىر

ئاتىكە مىرەخمەت

## ئانىلار ـ تۇرمۇشنىڭ زىننىتى، گۈلى

تۇغۇلسا ئەگەردە بىر ئوغۇل پەرزەنت،
خوش بولۇپ سۆيۈنەر ئىمىش يەر ـ جاھان.
قىز بولسا ئەگەردە چاۋاك چالۇرمىش،
ئوچاق ۋە كولۇڭـلا، ھەتتا ئوت ـ سامان.

بۇ تەمسىل قەدىمدىن ئېيتىلۇر شۇنداق،
خاتاسىز كونىكۆپ سىڭگەن قۇلاققا.
«قىز ئاجىز» دەپ قاراپ مېھرىۋان ئاتا،
بايلىق ھەم بەختىنى تىلەيدۇ قىزغا...

شۇ ۋەجى بۇ سۆزلەر تويۇلماس غەيرى،
خەيرىخاھ كۆڭۈلنى ئويغاتقانمۇ شۇ.
تەقدىرداش ئانا ھەم تەستىقلاپ بۇنى،
بۇنىڭدىن ئۆزگىچە بولماس، ـ دەيدۇ شۇ.

تەمسىللەر ئۆلچەنسە ھەقىقەت بىلەن،
بۇ سۆزنىڭ دەلىلى بولىدۇ ئېنىق.
ئانىسىز تۇرمۇشنىڭ گۈلۋاستىلىرى،
ئەيتىڭچۇ، ئۆتەمدۇ مەنىلىك ـ قىزدىق؟

سىز سۆيگەن قىزلارنىڭ شىرىن ھىدلىرى،
كېلىدۇ قىزلارنىڭ ئالتۇن بويىدىن.
سىز سۆيگەن، ئاشىقلىق، ئازاپلىق كېچە،
كېلىدۇ، جۈپلۈق يار ـ گۈلزار تويىدىن.

بوۋاقلار ئانىسىز تېپىلماس شوخ،
بولمايدۇ ئۇنىڭدىن تىرىكلىك نىشان.
ئانىلار تۇرمۇشنىڭ زىننىتى ـ گۈلى،
ئۇنىڭسىز ھەم راۋاج تاپمايدۇ زامان.

قېرىغان بوۋايغا جورىسى موماي ـ
بولمىسا، ئۇ قانداق قىلاتتى ۋاي ـ ۋاي.
بىر ئوبدان ھاياتى بىرەلمەي لەززەت،
بىتالەي ئىكەنمەن دەيتتى ـ دە بوۋاي.

دىمەكچى ھەر كىشى سۆيەر ئانىنى،
چۈنكى، ئانىسىز تۇرالماس ئۆزى.
ئانا ئۇ، پەرزەنتنىڭ ئىشقىدا مەجنۇن،
يورۇقلۇق بەرگۈچى قۇياشنىڭ ئۆزى.

## ئۈممىت

كەتتى ياشلىق ھاياتىمىنىڭ ئۇچمەس چېغى،
ئارمانىمغا توشلۇق ماڭا بەرمەي دەرمان.
ئوتتۇپ كەتتى ۋاقىت گويا توسۇن تايدەك،
تۇتالماستىن ئىزگىمنى بولدۇم ھەيران...

شالاڭلاشتى ئاق سانچىلغان چېكە ساچىم،
تىك نۇر سىزىق قالدى ئوزى پىشانەمدە.
ۋادەرىخا، كەتتى ياشلىق، كەتتى زىمىن،
ئورۇنلانماي ئىجات ـ ئەمگەك نىشانەمدە.

”يىتەر ئەمدى پۇشايمانغا بولماسىرداش،
ئىگىراش بىلەن ھاياتىڭدا ئىش تاڭا تاماس.“
دىل خىتاۋىم تەسەللىسى بولدى ئىلھام،
ئېچىنىشلىق خىيالىمدىن توكمىدىم ياش...

تاراپ كەتتى، ئوكـۇنۇشىنىڭ تۇمانلىرى،
رۇشەنلەشتى ئىرادەم دەل كوز ئالدىمدا.
شىجائەتلىك غەيرەت ئىشقى چىرمىۋالدى،
مەرىپەتنىڭ مۇنبىرىگە چىققىنىمدا.

ياندى يەنە ياشلىغىمنىڭ ئـۈممىت چوغى،
تەلەپچانلىق ئىستىگىگە چومۇپ كەتتىم.
قاراڭ دوستلار، مانا ئەندى غەيرەتلىنىپ،
يۈكسۈلۈشىنىڭ ئاسمىنىدا پەرۋاز ئەتتىم...

پەرۋازىمغا قانات بەردى ئانا تۇپراق،
خەلقىم بىلەن سائادەتلىك گۈزەل دەۋران.
ئىرادىلىك كىشى ئۇچۇن پايانسىز كەڭ
ئېچىلماقتا تىلسىماتلىق ئىلمـۇ ـ ئىرپان.

خاتىرەمدە شوڭا مىنۇت، دەقىقەمۇ،
نادامەتلىك بوش ئورۇننى تولدۇرۇشقا.
ئارزۇيۇمغا ئىرادەم بار ياناپدىغان،
ئېقىل، مېھنەت ئوچىغىدا تاۋلىنىشقا.

---

# شېئىرلار

تۇنىسا ھەسەن

## ئېپتىخار

ئىشتىن يېنىپ كىرگىنىمدە ئويگە بىر كۈنى،
ئادىتىمچە يۈگرەپ چىقتى سەبى گۈدەكلەر؛
”ئانا!“ دىدى شىرىن ـ شېكەر توكۈپ تىلىدىن.
قېنـقىنىغا سىغماي كەتتى غۇنچە ـ پورەكلەر.

ۋۇجۇدۇمنى چولغىۋالدى ئوتلۇق ھاياجان،
قۇچاق ئېچىپ بالىلارنى باستىم باغرىمغا.
دەريا كەبى ئاقتى ئىزگۇ، ئانىلىق مېھرىم،
لېكىن، شۇدەم بىر ئىش كەلدى مېنىڭ يادىمغا.

AltunOq

بىر زامانلار كىچىك ئىدىم (ئەقلىم توشمىغان)،
كەچتە- پاتتا ئويىنىشاتتۇق زەپ قىزىق ئويۇن.
ئاڭلىغاندا "رەم بۇت، چىم بۇت"، دىگەن سادانى،
تاللىنىشقا ئالدىراپتتۇق سوزۇپ بىز بويۇن.

نە ئۈچۈنكى ئوغۇللارنىڭ ئىسمى بىر مۇ- بىر-
تۇۋلىناتتى، ئالدىبۇرۇن تىزىلىپ رەتكە.
تاللىناتتى ئوغۇللاردىن ھىچقايسى قالماي،
شاللىناتتۇق ھەممە قىزلار چىقىپ بىر چەتكە.

ئىزا- ئەلەم سەبى دىلنى قىلاتتى يارا،
قىز بولغانغا ھەسرەتلىنىپ يۇرەتتىم ھەر ئان.
يالقۇنلۇنۇپ ئۇلغۇياتتى ھەر كۈن، ھەر سائەت،
ياش قەلبىمدە ئوغۇل بولۇش ئارزۇسى ھامان …
.......................................

ئوتتى يىللار، ئوتتى تارىخ، چوڭايدى يېشىم،
ساغلام تەندە ئېقىل- ئىدرەك يېتىلدى تولۇق.
ئىلمۇ- ئىرپان نۇرى بىلەن يورىدى دىلىم،
بەخت، ئىقبال چولپىنىمۇ چاچتى نۇر- يورۇق.

ئۇز قوينىغا بەس- بەس بىلەن چىللىدى مېنى،
تۇرخۇنلىرى كوككە يەتكەن زاۋۇتلار، كانلار.
"رولۇمنى تۇت" دىدى پويىز، سامولىيوتلار،
كوكتە ئۇچار، سۇدا ئۇزەر قىزلار، چوكانلار.

گەر خالىسام گۇزەل يېزا تارتار مەيلىمنى،
مول ھوسۇللۇق مۇنبەت ئېتىز ماڭا ئاشناكەن.
شەرۋەتلىرى تىمىپ تۇرغان جەننەتتەك باغلار،
ماڭا ئوخشاش قوللىرى گۇل قىزغا تەشناكەن.

"كەلگىن،- دىدى پەرزەنت قوشۇن،- بىزدە جەڭچى بول،
ئانا ۋەتەن تۇپرىقىنى ساقلا دۇشمەندىن.
كەلگىن،- دىدى بىلىم يۇرتى،- بىزدە باغۋەن بول،
كوچەت قويغىن، پەرۋىش ئەيلەپ سۇ قۇيۇپ پەندىن"

مەيلى ئالىم، مەيلى شائىر، مەيلى دوختۇر بول،
نىمە قىلساڭ، نەگە بارساڭ مۇھتاج ھەممە جاي.
شۇنداق تۇرسا پۇشمان قىلىش نەھاجەت ماڭا،
دەۋرىم ئوخشاش قاراۋاتسا جىنسىمغا ئايرىماي.

قىز بولغىنىم- ئىپتىخارىم، پەخرىمدۇر مېنىڭ،
ئانىلىغىم ھورمىتىمنىڭ بەلگىسىدۇر شۇ.
جامالىمدا چىن بەختىنىڭ سىماسى ئايان،
ياش بوغۇنلار كېلىچىكىم- كەلگۇسىدۇر شۇ.

## ئەجرىم مېۋىسى

كۇز مەۋسۇمى چىقتىم بازارغا،
نىمەتكە- بالىغا تولغان رەستىلەر.
گويا جەننەت سىماسى ئايان،
جۇلالىنىپ تۇرغان كەشتىلەر.

شەپەق رەڭگى ئانارنىڭ مەگزى،
ئۇزۇم تەمى ھەسەلدىن تاتلىق.
شاپتۇل سۇيى ئاقار چىپىلداپ،
ئەنجۇر دىلغا بېغىشلار شاتلىق.

ئېغىز تەگدىم مېۋىلەرگە مەن،
ھوزۇرلاندىم شەرۋەتتىن ئۇزاق.
ئەجەپ بىر ھال تەڭ ئەمەس ئۇلار،
ھويلامدىكى ئۇزۇمگە بىراق.

"نىمە ئىش بۇ، نىمە خىسلەت بار؟"
نوۋەي تالنى سىلىدىم ئاستا.
ياپراقلاردىن كەلدى بىر ئىمدا.
"شۇ ئۇزۇمنى يىگەنتىڭ باشتا."

ئەمدى بىلدىم تالنىڭ يىلتىزى
ئانا ماكان ـ سۆيگەن يەردىكەن.

ئەمدى بىلدىم ئۆزۈمنىڭ تەمى،
ئۆزەم توككەن ئالتۇن تەردىكەن.

## ئۇستازىمغا

ئۇستازىم سەن، پەخرىم سەن،
قۇتلۇق نامىڭ تىلىمدا.
ساڭا بولغان مۇھەببەت،
ئوركەش ياسار دىلىمدا.

سەن قەلبىمنى يورۇتتۇڭ،
ئىلىم-پەن نۇرى بىلەن.
يۈكسىلىشكە باشلىدىم،
مەرىپەت يولى بىلەن.

ئادەم بولدۇم، چوڭ بولدۇم،
ئەجرىڭدە چېچەكلەپ مەن.

پەرۋىش قىلدىڭ باغۋەندەك،
ھەر دائىم يېتەكلەپ سەن.

كوككە پەرۋاز ئەيلىدىم،
سەن پۈتكەن قاناتىمدا.
قىلسام ئىجات-كەشپىيات،
ئارمان يوق ھاياتىمدا.

ئەي قەدىرلىك ئۇستازىم،
ئۇمىدىڭنى ئاقلايمەن.
شۇ مۇبارەك نامىڭنى،
يۈرۈگىمدە ساقلايمەن.

............

## ئىككى غەزەل

مۇكەررەم ئەبەيدۇللا

### كاككۇك

يۈرەكتىن مەرھابا ئېيتاي، باھارنىڭ ئەلچىسى كاككۇك،
ۋىسال ئاچتى سېنىڭ بىلەن، كۈلۈپ ياز بەلگىسى، كاككۇك.

قىلار جەۋلان بىلەن تازىم، تېرەك، تاللار سېنى ئۈندەپ،
بولار تەڭكەش ناۋا قىلساڭ يوپۇرماق تەڭگىسى كاككۇك.

جۇدالىق داغىدىغان يىللار، كۈلۈشكەي شوخ ئاۋازىڭدىن،
ھاياتقا ئىشتىياق باغلاپ، مۇھەببەت كۈيچىسى، كاككۇك.

بىلىپ دىلدارىۋەسلىگە يىتىشمەك پەيتى كەلگەننى،
مارايدۇ كىرپىگىن پەزلەپ، قىزىل گۇل غۇنچىسى كاككۇك.

سو يۇنگەن ھەر كوكۇل جامى تولار كوكلەم شارابىغا،
تومۇردا ئۇرغۇتۇپ قاننى، ئۇنىڭ ھەر تامچىسى كاككۇك.

يىزدىلسا قانچە كوپ نەزمە باھارنى كۇيلىگەن تىلدىن،
ئوزۇڭ ھەمرا مۇئەللىپكە، غەزەل ئىلھامچىسى، كاككۇك.

## مېھنىتىم

دەۋرىدىن قەدرىن تىپىپ كۇلدى بى ئارمان مېھنىتىم،
قۇدرىتى ئەركىن زىمىندا بولدى ئايان مېھنىتىم.

تەلپۇنۇپ ئىللىق قۇياشنىڭ بەھرىدىن ياپسام قانات،
زوق بىرىپ كەڭ كائىناتقا قىلدى جەۋلان مېھنىتىم.

ئىشتىياق بىللە ئەقىدە باغلىسام دىلدىن ئاڭا،
ھەر قەدەمدە مۇشكۇلاتنى قىلدى ئاسان مېھنىتىم.

قۇترىغان جۇتلار ئارا، بولغان خازان گۇلزار بېغىم،
خىسلىتىدىن ياشنىتىپ قىلدى گۇلۇستان مېھنىتىم.

تولدى ئەلۋان رىسقى بىلەن خانىدانىم داسقىنى،
ئەھلى پەرزەنت دوستلۇرۇمنى قىلدى مېھمان مېھنىتىم.

ياسۇپەت نىمجان تىنىم، تاپتى كامال شەمشات بولۇپ،
كەڭ زەپەر مەيدانىدا ئۇرغاندا خەندان مېھنىتىم.

ياغدى ئالقىش، مەدھىيە، زەر چاچقۇدەك كوز چاقنىتىپ،
چىللىغاچ شانۇ ــ شەرەپكە، كوكتە چولپان مېھنىتىم.

مەن بىرىپ ئىشقىمنى تاھىردەك پىداجان ئەيلىسەم،
چىن ۋاپا بىلەن دىلىمنى قىلدى گۇلخان مېھنىتىم.

ئۇرغىغان قەلبىم ئوتى، ئوچمەيدۇ مەنزىللەر ئارا،
كۇچ ــ يولەك بولغاچ ھامان ئالدىمدا دەۋران، مېھنىتىم.

# ئىككى شېئىر

ئىبادەت ئىمىن

## ۋەتىنىم

ۋەتەن ئىشقىنىڭ قىپ ـ قىزىل چوغدەك،
يالقۇنلايدۇ دىلىمدا مېنىڭ.
ئۇلۇغ نامىڭ ناخشا ـ كۈي بولۇپ،
جاراڭلايدۇ تىلىمدا مېنىڭ.

ۋەتەن سەندە ئۆسۈپ يېتىلدىم،
نېمىتىڭدىن قۇۋۋەتكە تولۇپ.
تاپتىم سەندە ئېتىبارىمنى،
بۈگۈن مانا مۇئەللىم بولۇپ.

قۇچىغىڭدا ئېچىلدى تەكشى،
ئۈمىدىمنىڭ گۈلى ـ غۇنچىسى.
شاتلىقىم شۇ: تىككەن كوچىتىم،
مېۋە بەرسە، ئەلگە كەلگۈسى.

ئانا ۋەتەن ساڭا سادىقمەن،
سېنىڭ ئۈچۈن بارلىقىم پىدا.
يېڭىپ ھەر چاغ جاپا ـ مۇشكۈلنى،
ئۆز بۇرچۇمنى قىلىمەن ئادا،

”باغۋەن» دېگەن ئۇلۇغۋار نامنى،
قەدىرلەيمەن ئەبەدىل ـ ئەبەت.
شۇ شەرەپنى بەردىڭ ۋەتىنىم،
ساڭا دىلدا ئۆچمەس مۇھەببەت.

## شاتلىق ناخشىسى

يېڭى دەۋران ئاچتى كەڭ قۇچاق،
كۈلدۈق بۈگۈن بەخت ـ ئىقبالىدىن.
يۈرىگىمىز سۇ ئىچتى بىزنىڭ،
كۈتكەن گۈزەل ئارزۇ ـ ۋىسالىدىن.

بەختيارلىق ئىلكىدە بىزنىڭ،
ياپراپ كەتتى يۈرەكلىرىمىز.
پەرۋاز قىلدۇق زەپەر كوكىدە،
ھەل بولغاچقا تىلەكلىرىمىز.

ئارىمىزدىن چىقتى يېتىشىپ،
ئوقۇتقۇچى، دوختۇر ۋە شائىر…
پارتىيىنىڭ شەپقىتى بىرلە،
بولدۇق بۈگۈن ھەممىگە قادىر.

زامانىۋى ئەل قۇرۇش ئۈچۈن،
ھەممە سەپتە جەڭگە ئاتلاندۇق.
قولغا كەلگەن سانسىز ئۇتۇقتىن،
شەرەپ قۇچتۇق، شۇنچە شاتلاندۇق

ۋەتەن ئۈچۈن تۆھپە قوشىمىز،
چېكىنمەيمىز كۈرەشتە ھەرگىز.
ھەر قەدەمدە باسىمىز ئالغا،
غەلىبە تۇغىنى كۆتىرىپ ئىگىز.

# ئىككى شېئىر

زوھرە غوپۇر

## ئانا دەريا

تۇمەن دەريا ساھىللىرى چىمەن باغ،
كوز چاقنىتىپ تۇرار گويا لىباستا.
زۇمرەت سۈيى مەۋج ئۇرار قىش ۋە ياز،
گاھ دولقۇنلاپ قىرغاق ئاشار، گاھ ئاستا.

ئىشچانلارغا ھوزۇر - راھەت بېغىشلاپ،
ئاقار يېشىل خىلۋەت كەڭرى باغلارغا.
زىمىن ياشناپ، كۆلەر چېچەك، دەل-دەرەخ،
زىننەت قوشۇپ سائادەتلىك چاغلارغا.

ئانا دەريا قىرغىقىڭنى قۇچاغلاپ.
ئۆتكەزدىمەن قانچە ئاخشام، سەھەرنى...

ئاشىق قەلبىم بولغان ساڭا مەھلىيا،
تەڭ قىلمايمەن ساڭا گۈزەل شەھەرنى.

ئىشقىڭ گۈلخان بولۇپ يانغان يۈرەكتە،
بېلىقىڭ بوپ قۇچىقىڭدا ئاقىمەن.
كوزلىرىمگە سۈرتۈپ لەئىل تېشىڭنى،
ئەتىۋالاپ كوكرىكىمگە **ياق**تىمەن.

ئوركەشلىرىڭ بەكمۇ مەپتۇن ئەيلىدى،
قىرغىقىڭدا كۈلگەن يۈرەك قەلبىمنى.
زىلال سۈيۈڭ مادار بېرىپ جېنىمغا،
تارتتى پۈتكۈل مۇھەببىتىم - مېھرىمنى.

## باغۋەن قەلبى

" ۋال " قىلىپلا يوقالغان،
ئاقار يۇلتۇز ئەمەسمەن.
ئارزۇلىرىم يۈرەكتە،
لاۋا بولۇپ يالقۇنلار.
دىلغا پۈككەن ئارمىنىم،
يۈكسەك مېنىڭ شۇ قەدەر...
غۇنچىلارغا چىن مېھرىم،
دەريا كەبى دولقۇنلار.

ئېتىمىزغا بىلىمىنىڭ،
گۈل تەرگۈچى باغۋەنمەن.
ھالال ئەجرىم نۇر چاچار،
ھەر دەقىقە بويىدا.

ئۇلۇغ ئارزۇ- ئارمىنىم،
ھەل بولماقتا تەلتوكۇس.
بەرق ئۇرۇپ شۇ گۈزەل،
رىئال ھايات قوينىدا.

ياش غۇنچىلار ئوسمەكتە،
بىر - بىرىدىن ئەقىللىق.
شىجائەتتى، غەيرىتى،
يىتەر كوككە - پەلەككە.
مائارىپنىڭ قۇچىقى،
ئۇلارغا كەڭ ئېچىلغان.

مەردىپەتنىڭ گۈلىخىنى،
يانغاچ چوغدەك يۈرەكنە.
ئەۋلاتلارغا جان كويەر،
مۇئەللىم مەن پاك نىيەت.
ئوسمۇرلەرنىڭ مىھرىۋان،
دىل سىردىشى – ئۇستازى.
ئارمىنىم شۇ مېنىڭكى،
" ياش نوتىلار چوك بولۇپ،
شان – ئۇتۇقلار قازىنىپ،
ۋەتەننى قىلسۇن رازى. "

# ئىككى شېئىر

سوپىيە ئىشان (ئۆزبېك)

## كەل، باھار

كەل باھار، يۇرتۇمغا سەيلانىڭ بىلەن،
نۇر جامال، ئوينا قى جەۋلانىڭ بىلەن.

تولدۇرۇپ گۈلگە ۋەتەننىڭ باغىنى،
ياپ – يېشىل كىمخاپقا پۈركەپ تاغىنى.

ئوينۇسۇن لەرزان ئۇسۇل سۇمبۇللۇرۇڭ،
مەدھىيەڭنى كۈيلىسۇن بۇلبۇللۇرۇڭ.

شاۋقۇنۇڭ مۇڭدەك تەبىئەت ئويغۇتۇپ،
بارچىنى ئىشقا – چېلىشقا قوزغۇتۇپ؛

ئەت مۇبارەك بۇ ئېزىز ئولكەمنى سەن،
قۇتلىغىن دىل شاتلىغىم – كۆلكەمنى سەن.

## باغۋەن خىتاۋى

مەردىپەت بېغىدا باغۋەن ئانىمەن،
بىغىمدا ئەجرىمنىڭ چېچەكلىرى بار.
ۋەتىنىم ھوسنىنىڭ جۇلالىرىدا،
ھالال پاك تىرىمنىڭ بىزەكلىرى بار.
گۈل دەستەم – بوغونلار ئەۋلاتلىرىمدۇر،
سۇنىمەن پارتىيە، ۋەتەن، خەلقىمگە.
ئەجرىمدىن سويۇنۇپ كۈلسە ۋەتىنىم،
رازى مەن سىڭدۈرگەن مېھنەتلىرىمگە.

# ئەككى شېئىر

تۇنىسا ئوسمان

## كوكلەم

بەردى كوكلەمدىن دىرەك ئىللىق شامال غۇر- غۇر ئۇچۇپ،
مەرھابا ئېيتتىم ئاگا قەلبىم ئاجايىپ روھلۇنۇپ.

گۇلباھارغا ئاشىنا بۇلبۇل كەبى شەيدايىمەن،
شاتلىغىم نەھرى قىيان كوكسۇمدە قول ئالدىم كۇتۇپ.

گۇلباھار ۋەسلىك كورۇپ باغلاردا كاككۇك سايرىدى،
بىرلا شات كاككۇك ئەمەس كەتتى پۇتۇن جانلار كولۇپ.

قۇشقا پەر، تاللارغا خال، ھەر جانغا زەر تون كەيدۇرۇپ،
قىز- جۇۋان، مەرت ياش ئوغۇللار قەلبىنى ئالدىك ئۇتۇپ.

ئىشق ئوتى ئاتەشسىمان قەلبىمدە كۇتكەچ زارىقىپ،
قاندۇراي كوڭلۇم دىدارىڭنى داۋام كوزگە سۇرۇپ.

مەن كەبى مىليۇن يۇرەك بولغاي ۋىسالىڭغا ماكان،
ياشنىتىپ ئەل - يۇرتنى قال، سەن كەتمىگىن مەڭگۇ ئوتۇپ.

گۇلباھار-كوكلەم باھار دىللارغا ياقتىڭ ئىشتىياق،
تەۋسىيەڭنى قانچە شائىر كۇيلىگەي داستان پۇتۇپ.

## قاينام ئوركىشى ھەققىدە مۇخەممەس

ئەي لوتۇن، پەرۋاز قىلىپ ئۇچقان تىيانشان بۇركۇتى،
جانىجان ئەلنىڭ باھادىر ئوغلى، بۇيۇك شان-شوھرىتى.
كەلگۇسى مەنزىل تامان يۇرگەن قوشۇننىڭ سەركىسى،

گۈل ۋەتەن-ئەل ئاشىغى، بۇلبۇل گويا سى-كۈيچىسى ،
سەن ھايات، مەڭگۈ ھايات دىللاردا قاينام ئوركىشى.

سەن ئۈچۈن زەردىن ئىسسىل ئەردى دىيارنىڭ قىر-تېشى،
سەن ئىدىڭ پىكرىڭدە ھەم زىكىرىڭدە ئەلنىڭ سىرداشى،
تولغۇناتتىڭ ئاھ چېكىپ ئاقسا يېتىمنىڭ كوز يېشى،
سەن ئىدىڭ مەزلۇم، پىقىر، بىچارىلەرنىڭ دىلكىشى،
ئەل بىلەن ھەمدەرت ئېغىر يىللاردا قاينام ئوقچىغان.

سەن ئىدىڭ ئەل ئىشقىدا قاينام بۇلاقتەك ئۇقچىغان،
ئەل ئۈچۈن كوكرەك كىرىپ بىسلىق داۋانلار ھالقىغان،
ھەر نەپەس مەلئۇننى پەس ئەيلەپ سىنەسىن داغلىغان،
جەزبىدار چولپان كەبى ئەرك ئاسمىنىدا بالقىغان،
رەھنىما باسقان سەپەر يوللاردا قاينام ئوركىشى.

ياش گۈلۈڭ كەسكەندە مەلئۇنىنىڭ ستەمكار جادىسى،
ئاھ،دىدى ياش توكتى كوك، ماتەمدە تارىم ۋادىسى،
بارچە دىلنى سالدى ھەسرەتكە زىمىنىنىڭ نالىسى،
ھەسرىتا كەتتىڭ ئەجەپ ئەل يۈرىگىنىڭ پارىسى،
ۋە لېكىن روھىڭ ھايات دىللاردا قاينام ئوركىشى.

گۈلباھار پەسلى ئىسسىل ئەيياملىنى دىلغا پۈكۈپ،
كەڭ كوكۈل دەرياسىرىڭدىن ئۈنچىدەك مىسرا تۈزۈپ،
كۈرەش! كۈرەش! ... دەپ جەڭ-چېلىش ئوكيانىدا مەغرۇر ئۈزۈپ،
قەلىمىڭدە قاپ - قارا تۈن باغرىغا خەنجەر ئۇرۇپ،
سەن كوتەرگەن تۇغ شۇچاغ قوللاردا قاينام ئوركىشى.

گۈل چىچەك ئاچتى بۈگۈن ئارزۇڭ بېغىنىڭ غۇنچىسى،
بولدى نەزمەڭ قىز - يىگىتلەر دەستۇرى،زەر ئۈنچىسى،
لالىرەڭ ئۇشبۇ گۈلۈڭنىڭ ئاشىغى بىز گۈلچىسى،
ئارزۇيۇڭ ھەغداسى،بىز مەڭگۈ ۋەتەننىڭ كۈيچىسى،
ئىش ئېزىڭ داستان شۇڭا تىللاردا قاينام ئوركىشى.

# ئىككى شېئىر

تاڭنۇر مامۇت

## گۈلدەستە

كۆرەشچان بوۋىلار قوغلۇشۇپ يىللار،
كۆرەش نەۋرىلىرىنى چوقۇم تاپىدۇ.
ئاخشام بەخت ئۈچۈن قۇربان بولغانلار،
قەۋرىنى يادلاپ گۈللەر ياپىدۇ.
(ل. مۇتەللىپ «يىللارغا جاۋاپ» تىن)

سەن تۇغۇلدۇڭ ئاۋرال تېغى قۇچاقلىرىغا،
هارارەتلىك قايناق كۆرەش ئوچاقلىرىغا.
كىچىكىدىن ئامراق ئىدىڭ،ھېرىسمەن ئىدىڭ،
جەڭ كۈيىگە ـ سادىر پالۋان قوشاقلىرىغا.

سەن سۆيەتتىڭ ئىلى دەريا ئۇركەشلىرىنى،
«يانار تاغلار» نىڭ غەزەپلىك تەۋرەشلىرىنى.
ئەرك ئۈچۈن! دەپ جاننى تىككەن ئەزىمەتلەرنىڭ
تاغلار ئارا شەمشەر قىلىچ بىلەشلىرىنى.

ئوسۇپ يەتتىڭ سەنمۇ ئاخىر ياشلىق دەۋرگە،
سىرداش بولۇپ ھەمدەرت بولۇپ، جاپا ئەھلىگە.
تېخى «ئاخشام بەخت ئۈچۈن قۇربان بولغانلار»
قەۋرىسىنى يۇركىدىڭ سەن قىزىل لەيلىگە.

قەۋرىلەرگە گۈل تىزىشلار قىلماس كۇپايە،
(مىراس قىلغان بىزگە ئۇلار ئارزۇ ۋە غايە)

ئەشۇ غايە، ئارمان ئۈچۈن جەڭ قىلمىساق بىز،
يۈرەك بولۇر دەرت-ئەلەمدە سەكپارە ـ پارە.

«ئېسىلارمەن مىلتىق تۇتۇپ تاۋلانغان قولغا»
ھۇجۇم قىلدىڭ جاھالەتلىك قەلئە ـ قورۇلغا.
جاراڭلىدى مەيدان ئارا ئوتلۇق خىتاۋىڭ،
«يېڭىش بىلەن يېتىمىز كەڭ غالىپ يولغا.

يېڭىش بىلەن ئىرىشتۇق بىز شۇ يولغا بۈگۈن،
ئارزۇ-مۇرات قۇشى قوندى ئوڭ قولغا بۈگۈن.
ئۈچما قىتىمىز كىلىچەكنىڭ گۈلۈستانىغا،
مىنىپ ئۈچقۇر، ئالتۇن قانات دۇلدۇلغا بۈگۈن.

شائىر، سېنىڭ هارارەتلىك كۈيلىرىڭ ئەستە،
ئېزىز نامىڭ ياتلىنىدۇ ھەر بىر نەپەستە.
سېنى ياتلاپ سۆيەي-سەھەر ئوتلۇق قەلبىمدىن،
ئەقىدەمدىن قەۋرەڭگە مەن تىزدىم گۈلدەستە.

## كەلدىم

(ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىر ئايال تىلىدىن)

ئەزىزىم قەشقەر-سۆيۈملۈك ئانا،
گۈزەل چېھرىڭنى سېغىنىپ كەلدىم.

ماكا ها ياتلىق لەززىتى بەرگەن،
ۋاپا-مېھرىڭنى سېغىنىپ كەلدىم.

ئاشۇق-مەشۇقلار سىردىشى-دوستى،
تۇمەن دەريانى سېغىنىپ كەلدىم.
گۈزەل قىزلارنىڭ قېشىغا زىننەت،
ئۇسمىلىرىڭنى سېغىنىپ كەلدىم.

ئۈنچە-مارجانلار ئېتىلىپ چىققان،
ماجان بۇلاقتا چۆكەي دەپ كەلدىم.
ئۇتتى جېنىمدىن تەشنالىق دەردى،
دەرتلىك يېشىمنى توكەي دەپ كەلدىم،

ئىپار پۇراقلىق گۈل بېغىڭدا مەن،
ھايات قەنتىنى چاقاي دەپ كەلدىم.
ئېزىز تۇتىيا تۇپرىغىڭغا مەن،
جانۇ-جىسمىمنى ياقاي دەپ كەلدىم.

ئېزىز تۇپراقتا بەھوزۇر ياتقان،
بوۋام روھىنى سويەي دەپ كەلدىم.
يۇرتداشلىرىمنىڭ شۈيىدە ئېقىپ،
يالقۇنلىرىدا كويەي دەپ كەلدىم.

# شېئىرلار

رەشىدەم سىيىت

## ئەشئار ئىشقى

قارىسام ئىنسانلار ئارا كوز سېلىپ،
ئاشىقلىق داۋاسى قىلمايدىغان يوق.
دەيمەنكى شۇكىلاشقا ئىشق دىگەننى،
بۇ جاھان يۈزىدە بىلمەيدىغان يوق.

ئەسىرمەن دوستلۇرۇم ئەشئار ئوتىغا،
كۈيمەن ئىشقىدا مەن ئۇنىڭ دايىم.
ئۇنىڭغا باغلاغلىق ئۇنىڭ بىلەن شات،
ۋۇجۇدۇم ھەتتاكى پىكىر-خىيالىم.

ۋەسلىگە يەتكۈزدى ئانا ۋەتىنىم،
رىشتىمنى ئۇنىڭغا ئېچىمۇ باغلاپ.
دىمەيمەن ئارزۇغا يەتتىم تامامەن،
قانائەت تەختىدە ئوزەمنى چاغلاپ.

يازىمەن قەلەمنى قويماي دەقىقە،
تۇرمۇشنىڭ بېغىدىن تىزىپ گۈلدەستە.
يېتەتتىم ئارمانغا ھەر مىسرالىرىم،
خەلقىمنىڭ دىلىنى مەھلىيا ئەتسە.

مەن ئۇنىڭ ئىشقىدىن تاپىمەن لەززەت،
يۈرىگىم قېنىدىن بېرىپ ئاگاھ رەڭ.
يازىمەن ھاياتنى خوشلاشقىچىلىك،
يازىمەن بىركۈننى قىلىپ يىلغا تەڭ.

AltunOgA

# چوڭ يول ئۈستىدە

چۈش ۋاقتى، خىزمەتتىن قايتقان چېغىمدا،
چوڭ يولدا ئۇچراتتىم ئاجايىپ بىر ھال.
توپلاشقان كىشىلەر دەيدۇ: "ھە، ماڭا"
مەنمۇ ھەم ھارۋىدىن چۈشتۈمدە دەرھال.

قارىسام بىر كىچىك ماشىنا ئىكەن،
ئۈستىدە بېسىغلىق لېقمۇ ـ لىق كىتاپ.
كىشىلەر ئالدىراش ئېلىۋاتىدۇ،
ئوچرەت كۈتۈشۈپ، بىر ـ بىرىن قىستاپ.

بارئىدى قاتاردا ئون ئىككى ياشتىن،
ھورمەتلىك ئاق ساقال بوۋايلارغىچە.
يۈزىگە پۈركەنجە ئورىغان جۇۋان ـ
قىزلاردىن ھەتتاكى مومايلارغىچە.

ئويلىدۇم شۇ چاغدا بولسا بىر ئاپرات،
ئاجايىپ بۇ ئىشنى سۈرەتكە ئالسام.
ئۇنى مەن يادنامە قىلىپ ئەبەتكە،
ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقا مەڭگۈ ساقلىسام.

بولسام مەن ۋە ياكى ئۇستا بىر رەسسام،
چۈشەرسەم سۈرەتكە پۈتۈنلەي تولۇق.
ساقلانسا تارىخنىڭ مۇزىيلىرىدا،
تىرىشچان خەلقىمدىن نەمۇنە بولۇپ.

تارىختا يەنە بىر قالسا نىشانە،
مەرىپەت تەشناسى خەلقىم ئىزىدىن.
ئاپارسام سۈرەتنى روھى ئالەمگە،
شاتلانسا ئەجدادىم ئوغۇل ئىزىدىن.

ئالدىمەن ئون نەچچە كىتاپنى مانا،
ئاۋايلاپ بىر ـ بىرلەپ سالدىم سومكىغا.
شۇ پەيتتە ئاق ساقال پەرىشتە كەبى،
بىر بوۋاي يېقىنلاپ كەلدى ئالدىمغا.

بىر ـ بىرلەپ كىتاپنى ئالدى قولۇمدىن،
"ھەممىسى ياخشىكەن" دىدى ئۇ كۈلۈپ.
"سەنمۇ ياش مۇشۇنداق كىتاپلار يازغىن،"
دىدى ئۇ تىلىمدىن مېھرى توكۇلۇپ.

مانا بۇ كورۇنۇش، مانا بۇ ئۇممت،
ئويغاتتى قەلبىمدە يېڭى كۈچ، دەرمان.
ياش غۇنچە ھاياتىم تاپشۇرۇپ ئالدى،
مېھنەتنىڭ بابىدىن يېڭى بىر پەرمان.

# يىللار ئالدىدا

قارايمەن ئەسىرلەر دېرىزىسىدىن،
يىللار دەرياسى ئاقىدىكەن تېز.
سويۈپ قىرغاقنى ھەر بىر ھاياتلىق،
تارىخنىڭ بېتىدە قالدۇرىدىكەن ئىز.

شۇ دەريا ئىچىدە مەنمۇ بىر تامچە،
شاۋقۇنلار كۆلكەمدۇر ئېقىۋاتىمەن.
مېھنەتتە ياشاي دەپ تامچىلار ئارا،
ئوزەمنى دولقۇنغا ئېتىۋاتىمەن.

---

ئاپتور ھەققىدە

رەشىدەم سىيىت ئەدەبىيات سېپىگە يېڭىدىن كىرىپ كەلگەن ياش ئاپتورلاردىن بىرى. 25 ياش. قەشقەر شەھرىدىن. 1967 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلىغىچە باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ۋە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتوتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات پاكولتىتىدا ئوقۇغان. ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك بىلىم ئاشۇرۇش ئىنىستىتوتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

# ئىككى شېئىر

رىزۋانگۈل ھۆسەيىن

## گۈل بىلەن سوھبەت

كىرگەن ئىدىم بۈگۈن سەھەر گۈللۈك باغچامغا،
بوي تارتىپتۇ گۈللىرىدىمۇ بىخلارنى سۈرۈپ.
يالتىرايتتى نوتىلاردا شەبنەم تامچىسى،
زوقلاندىمەن بۇ چىرايلىق گۈللەرنى كورۈپ.

تىلغا كىلىپ شۇچاغ بىر تۈپ قىزىل ئەترەگۈل،
دىدى: رەخمەت ساڭا دىلدىن ئەي ئىشچان دەنا.
كەيدۈرمىسەڭ زىمىستاندا مېھرىڭدىن لىباس،
بولامتۇق بىز گۈللەر ئىچرە ئەڭ گۈزەل رەنا.

دىدىم ئاڭا: ئېچىلساڭ گەر ھوسنىڭگە تولۇپ،
ئەتراپىڭغا زەپمۇ خۇشبۇي پۇراغىڭ چېچىپ.
بولار ھاسىل شۇ چاغ مېنىڭ ئارزۇ ـ مىرادىم،
ھوزۇر ئالسا سەندىن كىشى راسا بىر قېنىپ.

شۇ چاغ بىردىن قاناتلىنىپ پەرۋاز ئەيلىدى،
مېنىڭ تىنىماس تەپەككۇرۇم ـ خىيالكەپتىرىم.
بولدى پەيدا مانا شۇتاپ كوزۇم ئالدىدا،
ئويناپ يۈرگەن بۇدرۇققىنە سەبى چاغلىرىم.

ئوخشار ئىدىم بېغىمىدىكى يۇمران گىياغا،
باقتى ئانام ماڭا ھەردەم ئاق سۈت ئەمدۈرۈپ.
"رازى ئىدىم بەرسەڭ مىڭە ئېزىز كوچۇتۇم"،
دەيتتى دائىم كوزلىرىمگە قانماي تەلمۈرۈپ.

بۈگۈن مانا چېھرى ئاپتاپ ئانام ئەجرىدىن،
ئوسۇپ سەپكە قوشۇلدۇم مەن ئەقلىمگە تولۇپ.
ئانام سوزى بەرگەچ ماڭا ئەقىل ۋەقۇۋۋەت،
گۈل ئوستۇردۇم شامۇ ـ سەھەر پەرۋانە بولۇپ.

## كەلدى

قاراڭ دوستۇم باھار كەلدى،
گۈزەل كوركەم زىبا كەلدى.
يېشىل مەخمەلگە پۈركەنگەن،
خۇشخۇي دىلرابا كەلدى.

قىلىپ دىلنى ئەجەپ شەيدا،
يۈرەككە زوق سېلىپ كەلدى.
گۈزەل مەنزىلگە يەتمەككە،
يېڭىچە روھ ئېلىپ كەلدى.

قوزغالغاچ ھەۋەس دىلدا،
دوستلار يەڭ تۈرۈپ كەلدى.
ۋەتەن ئىشقىن تېگىپ دىلغا،
گۈلخان بوپ يېنىپ كەلدى.

دەۋرىدىم گۈل چىراي ئاچقاچ،
بۇلبۇل سايرىشىپ كەلدى.
يېڭى كوكلەمنى مەدھىيلەپ،
دىلىدىن كۈي قېتىپ كەلدى.

# باغۋەن بولسام

ئازاتگۈل روزى

هوزۇر ماڭا ھەممىدىن بەك،
باغۋەن بولسام ئەشۇ باققا.
ساپ ئەجرىمنىڭ مىۋىسىدىن،
ئەلگە تاتلىق شەربەت ئاقسا.

باغلىرىمنىڭ مىۋىسىنى،
پەرۋىش قىلسام تەرىم توكۇپ.
ھالال تەردىن ئالسام ھوسۇل،
ئىپچىلاتتى بەختىم كۇلۇپ.

باغۋەن-دىگەن ئۇلۇغ نامىنى،
پەخىرلىنىپ تىلغا ئالسام.
سىغماس دىلغا شاتلىق كۇيۇم،
ئاشۇ باغدا قانات قاقسام.

بال تامىدۇ مىۋىسىدىن،
يۇرەكلەرگە بېرىپ لەززەت.
باغۋەن بولسام ئەشۇ باققا،
نەھاجەتتۇر مەن ئۇچۇن جەننەت؟

# قار ۋە چېچەك

مۇنەۋۋەر ئابدىقادىر

چۇشمەكتە لەپىلدەپ ئاپپاق كۇمۇش قار،
ئاق بۇلۇت گويا كوچكەندەك يەرگە.
كوز يەتمەس مۇقەددەس بۇ گۇزەل دىيار،
ئوخشىغان خۇددى بىر ئاق ئەترە گۇلگە.

ئىخ! بۇگۇن قارسام چېچەك پەسلىدە،
ئەسلەتتى بۇ پەسىل ئاق قارنى گويا.
ھىلى قار، ھىلى مۇز، ھىلى گۇل - چېچەك،
دىگەندەك قارايدۇ تەبىئەت ماڭا.

# ئىككى شېئىر

نۇرىمان ناسىر

## ئۇستازىمغا

سويىنىمەن ھەر بىر قېتىم كورگىنىمدە،
خۇش تەبەسسۇم يىغىپ تۇرغان چېھرىڭىزنى.
ئېشىپ ھورمەت - قايىللىغىم بارغانسېرى،
قەدىرلەيمەن دېڭىزگە تەڭ مېھرىڭىزنى.

ئەينى چاغلار سىرداش بولۇپ قەلبىڭىزگە،
ئاڭلىغانتىم مەزمۇنغا باي نەزمىڭىزنى.
ئىجادىمغا مەدەت بەرگەن ئوتكۇر قەلەم،
قازغاي يەنە پارلاق تارىخ غەزنىمىزنى.

ئورلەك يەنە شۇڭقار كەبى ئاسمان پەلەك،
شۇم رەقىپلەر قالسۇن ئاياق ئاستىمىزدا.
ئۇچرىشارمىز ھامان بىر كۈن غەلىبە بىلەن،
ئىجات ـ مېھنەت ئەجرى سىڭگەن بېغىمىزدا.

## ئاتامغا

پەخرىم، غۇرۇرۇم ئەي ئىزىز ئاتا،
مىڭبىر جاپادا مېنى چوڭ قىلدىڭ.
تونۇتۇپ ئاق ـ قارا ھەم ھەق ـ ناھەقنى،
بىر ئاڭسىز بوۋاقنى بۈگۈن ئوك قىلدىڭ.

پەرزەنتىڭ بەختىنى ئويلاپ ھەمىشە،
ياكەبى ئىگىلدى شەمشادتەك قەددىڭ.
ۋە لېكىن ئايىماي توكتى ھەممىنى،
پەرزەنتكە شۇ سېخى، شۇ پاك ئاق قەلبىڭ.

ئاز كىلەر سىڭدۇرگەن ئەجرىڭ ئالدىدا،
ئىزىڭنى بىر ئۆمۈر قىلسام مۇ تاۋاپ.
سانىما " پەرزەنتىم " دەپ مېنى ئەگەر،
بەرمىسەم ئەجرىڭگە ئەمىلى جاۋاپ!

# ۋەتەن

بىلقىز تۇرسۇن

ئەي مىنىڭ جان مېھرىبانىم، ماھى تابانىم ۋەتەن،
گۈللىدىڭ جەننەت كەبى، جانۇ ـ جانانىم ۋەتەن.

مەرىپەت گۈلزارى قايتا ياشنىدى سەندە بۈگۈن،
سەن بىلەن كۈلدى قۇياشتەك ئارزۇ ـ ئارمانىم ۋەتەن.

ياندى ئىقبال مەشئىلى، جەڭ باشلىدۇق ئىزلەپ ۋىسال،
ئۇرغىدى ئىشقىڭ بىلەن بۇ تەندە دەرمانىم ۋەتەن.

شۇم نىيەتلەر كوز ئالايتسا، گۈل چىراي ھوسنىڭگە گەر،
جان تىكەرمەن ياۋغا قارشى، ئاقسىمۇ قانىم، ۋەتەن.

زەپ ئىسىل-كوركەم چىناردەك شاخلىساڭ بارغانچە ئۈز،
ياپىرىغىڭ مەڭزىدە چاقنايدۇ تەرىم، شانىم، ۋەتەن.

ئەركىلەيمەن جان ـ جېنىمدىن سۆيۈنۈپ سەندىن ھامان،
سەن ئانامسەن، دىلدا ئىشقىڭ ئوتى بار دائىم، ۋەتەن.

# بەخت ـ مېھنەت قوشكېزەك

دىلبەر ياقۇپ

دۇنيادا ئادەملەر بەخت ھەققىدە،
سوزلەيدۇ ئوزىنىڭ قەلبىگە لايىق.
ۋە لېكىن، بىلمەن بەخت دېگەنىنىڭ،
جاپالىق ئەجرىدىن كەلمىگى ئېنىق.

"بىتەلەي ئادەممەن" دەيدۇ بىراۋلار،
تەلەيىنىڭ ئەلچىسى كېلمەپ تۇرسىمۇ.
ھەيرانمەن مۇشۇنداق بىمەنە سوزگە،
ئولچەيدۇ بەختىنى نىمە بىلەن ئۇ؟

بەزىلەر ئولچەيدۇ بەختنى مۇنداق:
"بولمىسا چەك-تۇزۇم، ئوينىسام، كۇلسەم.
پۇل، دۇنيا بولسىلا بەخت دېگەن شۇ،
تەر توكمەي ئاسانلا ھالاۋەت كورسەم."

بەزىلەر ئولچەيدۇ بەختنى مۇنداق:
"گوزەل يار بولسىلا ھەممە كوپايە.
ياشلىقىم كەتمىسە، تۇرسا بىر ئومۇر،
چىرايىم ئوزەمگە بولار دەسمايە."

ئاسانلا ئېرىشكەن بەخت ئەمەستۇر،
ئىشەنمە ئۇنىڭمۇ مىننىتى باردۇر.
بەخت ۋە مېھنەت ئۇ مەڭگۇ قوشكېزەك،
شۇندىلا ياشايسەن راھەت-بەھۇزۇر.

# ئىككى شېئىر

بۇۋىسارەم

## ئانا يۇرتۇم بەشكېرەم

كىندىك قېنىم توكۇلگەن،
گۇزەل بوستان بەشكېرەم.
تېنىم ئوسۇپ يېتىلگەن،
خەلقى ئىشچان بەشكېرەم.

تىلغا ئالسام نامىڭنى،
دىلىم يايرار بەشكېرەم.
قولغا ئالسام سازىمنى،
كويۇم ياڭرار بەشكېرەم.

## چىلان

قارىسام كوز يەتمەيدۇ،
بىپايان چىلانلىق باغ.
خۇددى كوككە تاقاشقان،
گويا قىپ ـ قىزىل بىر تاغ.

بۇ قىزىل تاغ مەدھىيى،
پامىر بىلەن بەسلىشەر.
بۇنى كورگەن ھەر كىشى،
يۇرتىمىزنى ئەسلىشەر.

تۇگىمەيدۇ توشىغانىغا،
ئاپتومويىلدا بەس ـ بەستە.
زەپەر قۇچقان دىخانىغا،
تاقاپ قىزىل گۇلدەستە.

# كۇمۇش قىزلار سوھبىتى

راھىلە مەھەممەت

گۇلشەن ئىپتىز باغرىدا،
ئاق ئەتىردەك پۇرەكلەپ.
جىلۋە قىلدى غوزىلار،
كوز يىغىن يەپ، چىچەكلەپ.

كومۇش گۇلدەك جامالى،
گۇل قىزلارنى ئەسلىتەر.
ئاق بۇلۇتتەك دوۋىسى،
دىلغا شاتلىق بەخش ئىتەر.

مەپتۇن قىلىپ كوكۇلنى،
قەھ ـ قەھ سىلىپ كۇلىشەر.
شوخ شامالدا ئىغاڭلاپ،
شىرىن سوھبەت تۇزۇشەر.

ـ ھالال تەردىن يارالغان،
ئاق ئالتۇن بىز ـ كۇمۇش بىز.
فابرىكىغا ـ زاۋۇتقا،
ئەڭ يېقىن بىز، تونۇش بىز.

چىچىيەنلەردە رەڭ تۇزۇپ،
چىقار ئىسىل رەختىمىز.
ۋەتەن ـ خەلق ئالىسا نەپ،
شۇدۇر بىزنىڭ بەختىمىز.

ئەجر قىلغان دىخانىغا،
تالاي بىزنىڭ مىۋىمىز.
ئەل تىپىنگە ھارارەت،
بىغىشلايدۇ مىھرىمىز ...

× ×

گۇزەل قىزدەك نۇرلۇنۇپ،
كۇمۇش قىزلار سوزلىشەر.
سان ـ ساناقسىز ئىچىلىپ،
ئەل ئومۇرنى كوزلىشەر.

# ۋەتەن - مېنىڭ بەختىمدۇر

( ئازاتلىق ئارمىيە قوينىغا كىرگەنلىگىمنى خاتىرىلەپ )

مۇكەررەم كامىل

ۋەتەن ئېزىز ئانامدەك ،
مېھىر بەردى دىلىمغا.
ئانام ـ ۋەتەن، دىسەم مەن،
بال ياغدۇ تىلىمغا.

ۋەتەن ئۈچۈن ياشايمەن،
ۋەتەن بەختىم، تەختىمدۇر.
ئۇنىڭ ئۈچۈن تامەگىۇ
ئېزىز جانىم تەقدىمدۇر.

شەرەپ بىلەن كىردىم مەن،
ئۇلۇغ قوشۇن قوينىغا.
ئۈنچە ـ مارجان ئاسىمەن،
ۋەتىنىمنىڭ بوينىغا.

~~~~~~

# ۋەتەن مېھرى

پەخرىنسا ئابدۇلئەلا (ئوقۇغۇچى)

يۈرىگىمدە ۋەتەن مېھرى بولمىسا،
يېتەلمەيدۇ ھىچ كىم باھار پەسلىگە.
ھور ۋەتەنىمنىڭ چىن سۆيگۈسى كىشىنى،
يەتكۈزىدۇ ھەر چاغ شاتلىق ۋەسلىگە.

ھەتتا «سالام دىيار» دىمەي قۇياشمۇ،
چىقالمايدۇ نۇرىن چېچىپ سەھەردە.
يىتەلمەيدۇ مەنزىلىگە ئاخشىمى،
خوشلاشمىسا ئۇنىڭ بىلەن ئەگەردە.

خىيال قۇشۇم پەرۋاز قىلار كوك ئارا.
ئويلىغاندا ئانا ۋەتەن ـ دىيارنى.
خوشال ـ خۇرام ياشالامتىم مەن ئەگەر،
بەرمىگەندە ۋەتەن مېھرى باھارنى؟!

ۋەتەن مېھرى سۆيگۈ لەرنىڭ تاجىسى،
ۋەتەن دەپلا سوقار شۇڭا يۈرىگىم.
ئەجرىم بىلەن ئۇنى گۈلگە ئوراشتۇر،
يۈرەكتىكى ئەڭ ئۇلۇغۋار تىلىگىم.
~~~~~~

# سۇ بىلەن سوھبەت

مۇنەۋۋەر قۇربان

ئېرىق بويىدا
كېتىپ باراتتىم.
ئوركەشلىگەن شوخ
سۇغا قارايتتىم.

ھالقىپ تاغلاردىن،
ئوتۇپ سايلاردىن.
ئورنۇمنى تاپتىم،
گۈزەل باغلاردىن.

شاتلىق بىلەن سۇ،
ئاقاتتى تىنماي.
ئېرىق تالىشىپ،
قىرغاققا سىغماي.

مۇڭلەر پىشار
باغدا مەن بولغاچ.
قىزىرىپ مەگزى،
ئۈزۈم ۋە توغاچ.

قاراپ ئېرىققا،
سوزنى باشلىدىم.
ئىختىيارسىزلا
سوئال تاشلىدىم:

پەخىرلەندىم مەن،
سۈنىك سوزىدىن.
كۈلدۈم ــ شاتلاندىم،
سوراپ ئوزىدىن.

ــ كۈمۈش سۇ، ئېقىش
قەيەردىن كەلدىڭ؟
ئىشىمنى ئويلاپ،
كەلدىڭمۇ ئەلىڭ؟

دىدى يەنە سۇ،
ئۈنچىلەر چېچىپ.
قەلب سىرىنى
سوزلىدى ئېچىپ:

جاۋاپ بەردى سۇ،
ئوركەشلەپ كۈلۈپ.
مەقسىدىمنى ھەم،
چۈشۈنۈپ بىلىپ:

ــ مەن بولغاچ ياشنار،
بارلىق زىرائەت.
ئەتىياز پەسلى،
ئەلگە ئىشارەت.

ــ قۇياش نۇر چاچقان،
باھار چاغلاردا،
قار ــ مۇز ئېرىدى،
ئېگىز تاغلاردا.

ئاپپاق ياقۇتتەك،
گۈرۈچ پىشىدۇ.
لىگەن ــ لىگەنلەپ،
پولا چۈشىدۇ.

بۇغداي دانىسى،
مەرۋايىت كەبى.
قىلغاندا پەرۋىش،
ئوسمەمدۇ سەبى.

قار قاپلىغاندەك،
ئېچىلار پاختا.
كەڭرى ئېتىزلار،
گويا بىر تاختا.

يەنە قىزىقىپ،
سۈدىن سورىدىم.
ھايا جان بىلەن،
نەزەر تاشلىدىم:

ــ يەنە شوخلۇنۇپ،
نەگە ئاقىسەن؟
باتۇر خەلقىمگە
قانداق باقىسەن؟

جاۋاپ بەردى سۇ،
ئوينىاپ ۋىلىقلاپ،
قالغانلىرىنى،
بەردى تولۇقلاپ:

ــ ئاقىمەن يەنە،
يولىنىڭ بويىدا.
كوچەت ئوستۇرۇش،
ئورمان كويىدا.

تولىمەن يەنە،
چوڭ ــ چوڭ كوللەرگە.
مېھمان بولىمەن.
يېڭى ئويلەرگە.

ھەممە ئىچىدۇ،
ئوچۇملاپ مېنى.
مەن بىلەن بولار،
تىمەن ئەل جېنى.

قەدىرلەپ ھەممە،
ئاسرىدىسا مېنى؛
ياراپدۇ كۆلۇپ،
ئەلنىڭ خوش كۆنى.

سەنمۇ ئاسرىغىن،
مېھرىڭدىن كويۇپ،
مەن ئۆچۈن ھارماي،
ئىشلەپ سەن كۆلۇپ.

سۈنىڭ سوزىدىن،
تەسىرلەندىم مەن.
جاندىن كويۇنۇپ،
دىدىم: ئېزىز سەن.

سېنى ئاسرايمەن،
ئوتلۇق دىلىمدىن.
مەنمۇ سۇ ئىچەي،
قېنىپ بىلىمدىن.

>>>>>>>>>>>>>>>>>>>>>>>>>>>>>>

# پارچىلار

بۇمەريەمگۇل ئەمەت (ئوقۇغۇچى)

ئىنسانىنىڭ ياشلىغى قىسقا شۇ قەدەر،
كوز يۇمۇپ ئاچقىچە ئوتۇپلا كېتەر.
مەڭگۇگە ياشلىقتا قالىمەن دىسەڭ،
كەشپىيات بېغىغا توككىن كۇمۇش تەر.

×

ئىزلەپ مەن ئۇزاقتىن ۋاپادار دىلبەر،
ھەۋەسنىڭ يولىدا قىلدىم كوپ سەپەر.
دىدىكى بىر ئاقىل: بىلىم ئاتلىق يار
دۇنيادا ھەممىدىن ۋاپادار كېلەر.

×

يۈرىگىم دولقۇنلاپ سوققاچقا ھەردەم،
قولۇمدىن چۈشمەيدۇ سىرداشىم قەلەم.
ئارمىنىم كۈلەتتى شائىرە بولۇپ،
بىرئومۈر ۋەتەننى مەدھىيىلەپ ئۆتسەم.

خىيالىم قاناتلىق تۇلپارغا مىنىپ،
كوك ئارا ئۇچماقتا توسقۇنلار يېرىپ.
بىلىمنى قورال قىپ ياشايمەن مەڭگۈ،
مۈشكۈلات ئالدىدا كوكسۈمنى يېرىپ.

×

# ئىككى شېئىر

گۈلباھار ئەخەت ( ئوقۇغۇچى )

## بىلىم ئىشقىدا

ئانا مەكتەپ-باغچامدا،
گۈل ئېچىلدى ھوپىپىدە.
دىماقلارغا ئۇرىدۇ،
خۇشپۇرىقى گۈپپىدە.

ئىلىم - پەندىن يورۇيدۇ،
قاراڭغۇ دىل چوللىرى.
ئۇنىڭ بىلەن چېچەكلەر،
مەرىپەتنىڭ گۈللىرى.

ئانا مەكتەپ مېھرىدىن،
دىلدا ئۇرغۇدى شاتلىق.
ئۈگىنەيلى ئىلىم - پەن،
ئۇنىڭ مىۋىسى تاتلىق.

كەزمەك بولساڭ سامانى،
ئىلىم - پەننى قانات قىل.
ئومرۇڭ بىكار ئوتمىسۇن،
ۋاقىتنى زەر ئالتۇن بىل.


## كىتاۋىم

سومكامدىكى كىتابىنىڭ،
ئۈنچە - مارجان خېتى بار.
ئوقۇپ كورسەم ئۇنىڭدا،
ئەجداتلارنىڭ ئىزى بار.

كىتابنى مەن دوست تۇتتۇم،
لەززەت-شېرىن سوزى بار.

چىلىشلاردا ئەجداتنىڭ،
ئاڭا سىڭگەن قېنى بار.

بىلىۋالدىم ئەندى مەن،
ئالتۇن كىتاپ قەدرىنى.
ئايرىلمايمەن ئۇنىڭدىن،
ئاقلاپ ۋەتەن ئەجرىنى.




# بىر نومۇرنىڭ قىممىتى

(ھىكايە)

سەييىت زۇنۇن

يېڭى ئىشچىلار ئارىسىدا دوغىلاق يۈزلۈك، بۇلاق كۆزلۈك، چاقماق كىرپىكلىك، غۇنچە بويلۇق بىر قىز بار ئىدى. ئۇنىڭ ئەگرى تېقىمىنى بېسىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن بەش ئۆرۈمچىچى، مەرۋايىت تىزغان چوچۇرە بادام دوپپىسى، توق چەچرەڭ نىلۇن چاپىنى، چەيزىرەڭ تۇت چاك يوپكىسى، ئىگىز پاشنىلىق مېغىزرەڭ بەتىنكىسى — مانا بۇلار قىزنىڭ ئايدەك جامالىغا قەۋەت گۈزەللىك بەخش ئەتكەن ئىدى. چوڭ - كىچىك ھەممە ئۇنىڭ رۇخسارىغا زوقلىناتتى. يىگىتلەر بولسا، ئۇزلىرىنى تاراشلاپ، سۆيگۈ ئوقلىرىنى بەتلەپ، پۇرسەتنى كەلگەندە ئېتىشقا ھەر قاچان تەييار تۇراتتى. ئەلۋەتتە، ئۇلار بۇ كۆڭۈل ۋاشاقلىرىنى بىر - بىرىدىن سىر تۇتۇپ، كىرپىكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئەپچىللىگىنە ئوقدانىغا يىغىندۇرۇۋېلىشقان ئىدى. ئەنە شۇنداق خۇشۋاق كۆڭۈللەردە بۇ قىزنىڭ ئەيىۋى چىقىپ قالدى! "چاۋىسى" چىقتا يېيىلدى ....

## 1

يېشى ئەمدىلا ئون سەككىزگە تولغان بۇ قىزنىڭ ئىسمى ساجىدەم ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا دەسلەپ شۇنىڭ ئۈچۈن ھېرىسمەن بولغان ئىدىكى، چوڭ - كىچىكنىڭ پەرزىدە گويا ئۇ كىشىلىكنىڭ بەستىگە مۇناسىپ ھالدا بۇلبۇل كەبى ناخشىچى ئىدى. ئۇسۇل دىگەننىڭ تاناۋىنى تارتىۋېتەتتى. خۇش - چاقچاق، ئويۇن - كۈلكىدىن قالمايتتى. مۇبادا پەرەز ئىزىدىن چىقىپ قالسا، زاۋۇتنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئىشلىرى روناق تاپماي قويمايتتى ئەلۋەتتە، يىگىتلەرنىڭ ئارزۇ - تىلەكلىرى باشقىچىرەك ئىدى: ئۇلار دىكىمدۇ بىرىنىڭ قاچاندۇ بىر كۈن ھوشىغى ئالچە قويۇپ، بۇ نازىنىننىڭ جىنەستىدەك لەۋلىرىگە سويۇش نەسىپ بولسا، كوڭۇلنىڭ تورىگە ئىلىپ بېشىدا كوتەرگەن بولاتتى. ئەپسۇسكى، كالىندارنىڭ ئىناۋەتلىك رەقەملىرى كەمەيگەنسىرى، ساجىدەمدە قايسى بىرلىرى كۈتكەن ئارزۇ - تىلەكنىڭ ئۇچقۇندىسىمۇ چىقمىدى. ئۇندا قىتا بۇ "مۇز پەشانە قىز" خىرۇستال ئەينەكتىن قاتۇرۇلغان ھەيكەلمىدۇ؟ بەزى كۆزەتكۈچىلەر ئۇنىڭ پېيىگە چۈشۈپ سىرىنى ئاچماقچى بولۇشتى، بۇلارنىڭ سەردارى زەپەر بولدى.

قارىغاندا ساجىدەم سىپى ئۆزىدىن " مە-
تۇ " ئىدى . يول يۈرسە بىر چەتكە چىقمۇب-
لىپ، كىيىمى ل تەككەن توخۇدەك يەردىن بىشى-
نى كوتەرمەيتتى . گاھ بارماقلىرىنى نوۋەت-
لەشتۈرۈپ پۇكلەپ قوياتتى. گاھ لەۋلىرىنى
بارمىغىنىڭ ھەركىتىگە تەگكەش قىلىپ مو-
تۇلدىتاتتى . ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى تەسۋى سى-
رىدۋاتقان بۇۋدالەرگە ئوخشاپ كېتەتتى . ئۇ،
بۇ ئەيمۇىنى سىتانوك ئالدىدىمۇ كوپ قېتىم
تەكرارلاپ قويىدى . بۇنىڭدىن ئىچى پۇشقان
ئۇستىسى بىر قېتىم ئەتەي سورىدى :
— سىڭلىم دادىڭىز موللا ئادەممۇ ؟
— ياق ، ئۇستام .
— خەلپىتىمدىن دەرس ئېلىۋاتامسىز-يە؟
— يوقسۇ...
— ئۇنداقتا ئۇچۇما بولغان باچكىدەك
ئېغىز - قولىڭىز شۇك تۇرمايدىغۇ؟
— كونۇكۇپ قاپتىمەن .
— قىز بالا دىگەن نەدىكى سەت قىلىقلا
ئادەتلىنىپ قالسا بولمايدۇ ، ئۇختىڭىزمۇ؟
— ئۇختۇم ، ئۇستام .
پىشقەدەم سىتانوكچى ئۇستامدىن ئاخىرقى
سۆز ئالىنىڭ چىقىشىنى كۈتمىگەن ساجىدەمنىڭ
يۈزلىرى لاپپىدا ئوت ئېلىپ ، شەلپەردەك
قىزىرىپ كەتتى ، كىرپىكلىرى نەملەشتى. ئۇ
شۇ ھالدا تۇرۇپ ئاغزىنى يەنە موتىلدىتىپ
تاشلىدى . ئۇستا تاسادىپى سىرتقا تەپكەن ئا-
ۋازدىن بىلدىكى شاگىرتى " بىر نومۇر"
دەۋاتاتتى . شۇ ئان ئۇستىسىنىڭ كوڭۈل ئىگ-
رانىغا مۇنداق بىر ئىش چۈشتى :
بىر كۈنى چۈشتىن كىيىنكى چاغ ئىدى .
غاقىراپ ئايلىنىۋاتقان سىتانوك ئالدىدا ئۇس-
تىسىنىڭ قول ھەركىتىگە مىختەك قادىلىپ
تۇرغان ساجىدەم " بىر" "ھە، ئەشۇ بىر "
دەۋەتتى . ئۇستا ماشىنىنى توختۇتۇپ ھەي-

رانلىق ئىلكىدە تىكىلدى:
— ئۇكام ماشىنىنىڭ ئايلىنىشىنى ساناۋا-
تاملا ؟
— ھە ؟ ياق ، ياق!- ساجىدەم چۆچۈپ ئى-
سىنى يىغدى ، ھوپپىدە قىزىرىپ پۈتىنىڭ
ئۇچىغا قارىۋالدى ، - ياق ئۇستام ، ئو -
زەمچىلا ...
ئۇستا بۇ ئىككى ئىشنى بىرلەشتۈرۈپ ئى-
چىدە " قىزنىڭ دەردى بار " دەپ قويدى
ۋە ئويلىغانلىرىنى كىچىككىنە تۇرمەي زەپەرگە
يەتكۈزدى .
ساجىدەمنىڭ " دەردى " ئەنە شۇ " بىر "
دە ئىدى . ئۇنىڭ "بىر"گە بولغان خۇمارى
پەيەنچۈكنىڭ ھاراقتا بولغان خۇمارىنى بې-
سىپ چۈشىدىتتىكى، ھەرگىز كىمىپ قال-
مايتتى . ئالايلى ، ئۇ ھېممىشەم ئىشتىن چۈ-
شۈپلا ياۋا كەپتەردەك توپتىن ئايرىلاتتى-دە،
زاۋۇت قورۇسىدىكى گۈللۈككە ۋە ياكى بوي-
تاقلا ياتىغى ئەتراپىدىكى چىمەنلىككە بېرى-
ۋالاتتى . ئۇ يەرلەردە بىر نوقتىغا تىكىلگى-
نىچە بىر پەس تۇرىۋالغاندىن كېيىن ، زوك-
لا ئولتۇرۇپ قولىغا كومۇر ، داشتىلى چىقامدۇ،
ياغاچ چىقامدۇ ، نىمىلا بولمىسۇن قولىغا ئۇ-
رۇنغانلىكى نەرسە بىلەن يەرگە " بىر " "1 "
" نۇمۇر " دىگەنلەرنى جىجىلايتتى - دە ،تا-
كى ئالدىدىكى بوش ئورۇن قالمىغاندا ، يا-
كى كىمدۇر بىرسى يېقىنلاپ كەلگەندىلا ياز-
غانلىرىنى پۇتى بىلەن سىرىپ ئوچۇرۇۋېتىپ
كېتىپ قالاتتى . بىرسىنىڭ يەتكۈزگەن خەۋ-
ىرىگە قارىغاندا ، يالغۇز بۇلا ئەمەس ، ئۇ-
نىڭ تۇتقان خاتىرىلىرى ، ئوقۇغان كىتاپلى-
رىمۇ " بىر " بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى.
بۇ ئاخباراتلاردىن تولىمۇ سويۇنگەن زەپەر
تۇن يېرىمىغىچە كىرپىك قاقماي خىيال دې-
ڭىزىدا كەزدى . ئۇنىڭ ئويلىرى كاۋا پىل-

گىدەك ھەم گادىرماش ، ھەم ھوسۇللۇق ئىـ
دى . ئۇ تۇرۇپلا ـ بۇ قىز زادى مەتۇمـىدۇ ؟
ياكى تەتۇر ؟ » دەيتتى ئوز ـ ئوزىگە ، تۇـ
رۇپلا ـ ياق، مۇمكىن ئەمەس ! گەپ ئۇنىڭغا
دان چاچقۇچىلارنىڭ جىقلىغىدىن بېشى قاتـ
قانلىغىدا ، شۇنداق دەمەسمۇ ؟ قىزدىل كۇلنى
كىمنىڭ قىسقىسى كەلمەيدۇ ؟ ئۇنى كىم ئەۋـ
ۋەل ئۇزىۋالسا ، شۇ قىسىدۇ ـ دە ! توغرا ،
ئۇنىڭدا سەۋەنلىك يوق ، ئوزەم لامزەلله...»
دەيتتى ئۇ ، ئاخىرى پىكىرىنى قازارلاشتۇر ـ
غاندىن كېيىن ، كارۋىتىنىڭ بېشىدا ساڭ ـ
گىلاپ تۇرغان شوينىغا قول ئۇزاتتى . روبىلـ
نىك " چاككىدا » قىلىش بىلەن تەڭ يـاتاق
كۇندۇزدەك يورۇپ كەتتى .

زەپەر تارتىملىرىنى ئاختۇرۇپ ، بىر نەچـ
چە ۋاراق قەغەز ئالدى ۋە ئۇنىڭغا يۇرەك قېـ
تىـغـا پـۇكـكـەنـلـىـرـىـنـى دانـە ـ داـ
نە قىلىپ چۇشۇردى . ئۇ مۇنۇلارنى يازغـان
ئىدى:"...جېنىم ساجىدەم ، تومۇرىڭنىڭ بىرـ
گە ، پەقەت شۇ بىرگە سوقىدىغانلىغىدىن خەـ
ۋەر تاپتىم ، ۋىژدانىڭغا ئاپەرىدىن ! نـاۋادا
لەۋزىڭ ھىساپ بولىدىغان بولسا، شۇ بىرىڭ
مەن بولاي ... جاۋابىڭغا تەشنامەن ... ». ئۇ،
بۇ سۇيگۇ خېتىنى يېنىشلاپ ئوقـۇپ خاتادىن
خالى بوپتۇ ، دىگىنىدىن كېيىن ، ئەتەي ئاق
قالدۇرۇپ قويغان كىچىككىنە ئورۇنىنىڭ بـىر
تەرىپىگە ھوپپىدە ئېچىلغان گۇلنىـڭ ، بىرـ
تەرىپىگە گۇلگە قاراپ خەندان ئۇرۇپ سايراـ
ۋاتقان بولبۇلنىڭ رەسىمىنى سىـزدى ، ئانـ
دىن بوياق بەردى . لېكىن ئۇ كوڭۇل رىشتىـ
سىنى سۇتتەك ئاق قەغەزگە كەشتىلىگەنـدەك
تۇجۇپىلەپ ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقىنىدا " مېنىڭ نەـ
زىرىمدىكى بىرـــسىز چۇكۇلداۋاتقان بىر ئەمەس!
ئۇ شۇنداق بىركى ، ئۇنىڭ كـۇچ ۋە قۇدرىـ
تى ئالەمچە ، جۇغلانسا سىغماس ئېغىزغا شۇنـ

چە ، تېتىيدۇ ئۇ تىلغا بال ھەم زەھەر، ۋەلېـ
كىن ھەر كىم بىلسە بىر گوھەر » دىگەن جاـ
ۋاپقا سازاۋەر بولۇشىنى ئويلاپـمۇ قويمىغان
ئىدى .

ساجىدەمنىڭ جاۋاپ خېتى قامەتلىك،قاش
كىرپىكلىرى جايىدا ، ئوزىنى" جەننەت قىزـ
لىرىنىڭ خىلى » دەپ يۇرگەن يىگىرمە ئىكـ
كى ياشلاردىكى بۇ يىگىتنىڭ ئىززەت ـ نەپـ
سىنى يەرگە ئۇرغان، كوكسىگە ھەسەت ئوتىـ
نى ياققان ئىدى . زەپەر قانچە كۇنلەپ دورا
يىگەن بېلىقتەك خاراموش يۇرگەندىن كېيىن ،
دوپپىسىنى ئالدىغا قويۇپ ئوزى بىلەن ئـوـ
زى كېڭەشىۋالدى ـ دە ، چىشلىرىنى غۇچۇرـ
لىتىپ ، يەڭلىرىنى شىمايلاپ ئوتتۇرىغا چىقـ
تى . مانا ئەمدى ، بۇ مەسۇمە قىزنىڭ نامى
" ساراڭ » بولـدى "بىزنىڭ ساھىپجـاما لىمىز
ئەقلىدىن ئېزىپتۇ ، ئۇنىڭغا ' بىر ، سۇرەتـ
لىك ئەركەك جىن چاپلىشىۋالغان چېغى، پىرـ
خۇنغا ئوقۇتۇۋەتمىسە قۇيۇنغا ئەگىشىـپ كىـ
تىپ قالغىدەك » دىگەن سوز ـ چـوچەكلـەر
يۇقۇملۇق زۇكامدەك تېزلا تارىلىـپ كەتتى .
كىشىلەر ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا ساجىـ
دەمگە ئاڭلىتىپ ـ ئاڭلاتماي ، " قىزىم ساڭا
ئېيتاي، كېلىنىم ئاڭلىسۇن» دىگەندەك قىلىپ،
" ھە ، ھېلىقى بىرچۇ ؟ »، "بىلىدىم ، بىر نۇـ
مۇر دىگىنە » دىيىشىدىغان بولۇشتى . ئىسـ
مىنى ئاتىماي » ھوي بىر » دەپ چاقىرىدىـ
غانلار كۇندىن ـ كۇنگە كوپەيدى ...

" ئولۇم ياماننمۇ،ئىزا ؟ » بـۇنى بېشىغا
كەلگەنلەر بىلىدۇ . ساجىدەم دەسلەپ ياتاقـ
تىن چىقماي يىغلىدى . يىغلا ـ يىـغلا تۇمەن
بويىغا بېرىپ توختىدى ـ دە، ئىگىز يارنىڭ
ئۇستىگە چىقىپ يېشىنى سۇرتتى. شار ـ شـۇر
قىلىپ ئوركەشلەپ ئېقىۋاتـقان دەريا سۇيـى
،ساجىدەمنى چۇچۇتىۋەتتى . ئۇ ياردىن پەسكە

ئىگىلىپ بولغان زىلۋا گەۋدىسىنى ئارقىسىغا تارتتى .

ئۇلۇغ سۇ تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ ، بۇژغۇنلاپ ، سۇرەن - شاۋقۇن بىلەن تىز ئاقماقتا ئىدى . ساجىدەم دەرياغا بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ، ئويلۇنۇپ قالدى. " سۇ، -دىدى ئۇ پىچىرلاپ، - مانا شۇنداق ئاقىدۇ . ئېقىپ - ئېقىپ ئېتىزلارغا ، چول جەزىرىلەرگە سىڭىپ تۈگەيدۇ - دە ، ئاققان ئېقىنىغا قايتىپ كەلمەيدۇ . ئەجەل ئوقىچۇ؟ ئەنە شۇ سۇغا ئوخشايدۇ . بۇ - ئادەمگە ھاياتلىق بىر كېلىدۇ ، ئىككىنچى كەلمەيدۇ ، دىگەن سوز . ئۇنداقتا مەن بۇ يەردە نىمىگە ھاڭۋېقىپ يۈرۈيمەن ؟ ". ئۇ پەيلىدىن ياندى، كېچىنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن تويغىچە شۇمۇرۇپ، قىسىلغان كوكسىگە ئارام بەردى ، ئاندىن سەلكىن شامالدا - ئالىمدەك كوكسى ئۈستىدە يەڭگىل تەۋرەۋاتقان مەجنۇن تالدەك چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ ئوز - ئوزىگە دىدى، - كىشىلەر مىنى ھەر نىمىلەرگە ئوخشاتتى ، مىنىڭدىن كۇلۇشتى ، مەسخىرە قىلىشتى . ئۇلار تاپقان " نوقسان " مىنىڭ ئەيۋىمۇ ؟ ماقۇل ، شۇنداقمۇ بولسۇن دەيلى ، بۇ ئىللەتنى باقى ئالەمگە ئالغاچ كىتىش كېرەكمۇ، ئاخىر! ياق، ئوقۇغان- ئۇققان قىزمەن . ئاركورمەي تېگى - تەكتىمنى تاپشۇرۇپ ، تۇمەنلىگەن جەمىيەت ئەزالىرىنى تەربىيلەشىم كېرەك ، بۇ ، مىنىڭ بۇرچۇم .

ساجىدەم شۇنداق دىدى - يۇ، شاققىدە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ زاۋۇتقا قاراپ تىز - تىز يۈرۈپ كەتتى .

ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ئىشچىلاردىن ئۇزۇن - يۇشقان ئىشتىن سىرتقى تېخنىكا نەزىرىيىسى ئۆگۈنۈش سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تېخى دەرستىن قايتمىغان ئىدى . ھەردەم نېپىز قاپاقلىرىنى تۈرۈپ جۇدۇنلۇق ھاۋادەك يۈرۈيدىغان ساجىدەم گۈلدەك ئېچىلىپ ئاپتاپتەك پارلاپ كىرىپ كەلدى ."ئۇنىڭغا نىمە بولدى؟ سىنىپتا غۇلغۇلا كوتۇرۇلدى. زەپەر قاتارلىقلار " رەسمى پەيجىۋ كەسكىندەك سارالڭ بوپتۇ"دەپ ئۇلگۇردى .

ساجىدەم سىنىپ مۇنبىرىگە يېقىنلاشتى ۋە مۇنبەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلمى ماقالىلىرىنى يىغىۋاتقان پىشقەدەم ئىنژىنېردىن سورىدى :

- ساۋاقداشلىرىمدىن ئىككى كەلىمە گەپ سورىشىمغا رۇخسەتمۇ ؟

- ھە ، بۇ ··· رۇخسەت ···

- ئاكىلار ، ئىنىلەر ، ئاچا - سىڭىللار،- دىدى ساجىدەم يۈزى قاتقان تەربىيچىلەردەك ئىككى قولىنى مۇنبەرگە تىرەپ ، كوزلىرىنى كوپچىلىككە تىكىپ ، - بىر سوئالىم بار، كىم جاۋاپ بىرىدۇ ؟

كوپچىلىك بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ بىر-بىرىگە قاراشماقتا ئىدى . زەپەر " مەن " دەپ مەيدىسىگە قاقتى . ئۇ " بۇ كوڭلى قارا"قىزنى يەنە بىر مەرتىۋە رەسۋا قىلىۋىتىش نىيىتىگە كەلگەن ئىدى . قىز پىسىڭدە كولۇپ قويۇپ دىدى :

- بىر رەقەم - بىر نومۇرنىڭ قىممىتى قانچىلىك ؟

- سادىغاڭ كېتەي، يەنىلا شۇ " بىر"كەندە ! بىلىپ قويۇڭكى ، ئۇ سىز بىلەنلا قورۇسۇن ! ئۇنىڭ زامانىمىزدا تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق···

- توختاڭ، زەپەر!-دەپ ئوڭ قولىنى ئالدىغا چىقاردى قىز،- بىر بولمىسا. ئىككى بولامدۇ ؟

- ياق. ,

- بىرگە ئىككىنى قوشسا نەچچە بولىدۇ؟

— قويىڭا، بۇنداق تىپتىقسىز گەپنى ، بىرىگە ئىككىنى قوشسا نەچچە بولىدىغانلىقىنى بوشۇكتىكى بالىمۇ بىلىدۇ ، ئادەم ئاخماق قىلىدىكەنسىز . مەن سىزنىڭ ئويۇنچۇقىڭىزمىدىم -يا؟-زەپەر بىر كوكۇرۇپ، بىر تاتىرىپ، قولىنى شىلتىۋىدى ، كوپچىلىك پاراققىدە كولۇپ كەتتى .

ساجىدەم تەمكىن تۇرۇپ قىستاپ سوراۋەردى :

— يولداش زەپەر، چىدىغانغا چىقارغان كوچا بۇ ، مەيدىگە ئۇرغان ئىكەنسىز ، جاۋاپ بىرىشىڭىز كىرەك. قېنى، بىرگە ئىككىنى قوشسا نەچچە بولىدۇ ؟

— ئۇچ ! …

— خوش ، مانا بۇنىڭغا قاراڭ، -ساجىدەم قولىغا بور ئېلىپ قارا دوسكىغا " 1 » دىگەن رەقەمنى يازدى ، - بۇ نەچچە ؟

— بىر.

ساجىدەم " 1 » نىڭ ئوڭ تەرىپىگە نولىدىن بىرنى قويۇپ زەپەرگە قارىدى . زەپەر :

— ئون ،- دەپ جاۋاپ بەردى.

قىز نولدىن يەنە بىرنى قوشتى . زەپەر كورەڭلەپ ئاۋازىنى كوتەردى :

— يۈز .

ساجىدەم قوشۇۋىرىپ ، نولنى توققۇزغا يەتكۇزگەن ئىدى، ئۇنىڭ رەقىبى تىلىنى چايناپ، دۇدۇقلىغىلى تۇردى: - بىرلەر ، ئونلەر، يۈزلەر ، ئون مىڭلەر … هە ، بۇ ، بىر مىليارت . قىز شاققىدا تاختىغا يۈزلۈنۈپ ، "1» نى ئوچۇرۇۋىتىپ ، توققۇز نولنىلا قالدۇردى:

— ئەمدىچۇ ؟

ئەمدى ! ؟

ئويلاپ ئۇلگۇرەلمىگەن زەپەر ئەندىكىپ كەتتى ، كىلىشمىلىك بۇرۇتىنىڭ ئۇستىدىكى ئىلىپتەك قاڭشارى نەملەشتى . ئۇ ھودۇقۇپ قالغان ئىدى ، دەررو ئىسىنى يىغىپ :

— نول - نول - نول… - دىۋەتتى .

"ئولمەك ئۇستىگە تەپمەك » دىگەندەك ساجىدەم قاقاخلاپ كۇلدى . كوپچىلىكمۇ كۇلكىسىنى باسالماي قېلىشتى . مۇئەللىم مۇنبەرنىڭ بىر يېقىدا پىخىلداپ كۇلمەكتە ئىدى .

زەپەر بابا بوينىنى شاپتۇل قاققاندا كوزىگە چۇشۇۋالغان ماكلاي چىچىنى ئارقىسىغا قايرىۋىتىپ ، پىشانىسىدىكى تەرنى سۇرتتى.

ساجىدەم سوراشنى داۋاملاشتۇردى:

— نولدىن ئىمە مەنە چىقىدۇ؟

— هېچ .

— ئىمە ئۇچۇن ئۇز نوۋىتىدە سانلىق رولىنى يوقاتتى ؟ بۇنىڭدىكى سىر نەدە ؟

— سىر ؟-يىگىت بىر دەققە تۇرۇۋېلىپ مۇنداق دىدى:

— سىز ئەشۇ ئوچۇر دىۋەتكەن بىر رەقەمدە.

— توغرا ، ھەممە گەپ بىردە ! - قىز تەمكىن هالدا سوزگە كىرىشتى ، - مىڭلىغان- مىليونلىغان ئاقكوكۇل كىشىلەرنىڭ باشلىنىشى بىر ، ئاياقلىشىشى بىر ئىكەنلىگى ، هەر قانداق چوڭ ساننىڭ بىردىن كوپۇيۇپ هاسىل بولىدىغانلىغىنى ، بىردىنچى هۇل تېشى، بىردىنچى خىش بولمىسا كوككە تاقاشقىدەك بىنالارنىڭمۇ قەد كوتىرەلمەيدىغانلىغىنى، بىردىنچى قەدەم بېسىلمىسا ، ئەقەللىسى بۇيەردىن هېيتىكارغا بارغىلى بولمايدىغانلىغىنى ئويلاپ كورمەيدۇ . نەتىجىدە قانداق بولىدۇ ؟ " بىر رەقەم » ،"بىر نومۇرنى»نەزىرىگە ئالمايدۇ - دە ، ماددى - مەنىۋى بايلىغىنى تۇيماي بىر - بىرلەپ قولدىن چىقىرىپ قويىدۇ ، ئاخىرى مەن بىتەلەيگە ئوخشاش مالامەتكە قېلىپ، هەسرەتتە ئوتىدۇ.

— سىزگە نىمە بولغان ؟

تۇشمۇ — تۇشتىن سوئال يېغىپ كەتتى .
بايىقى سوئال — سوراقلاردىن كوڭلى بىر ئاز
يورۇپ قالغان زەپەر قىزدىقىپ ئالدىنقى رەت-
كىرەك بېرىپ ئولتۇردى . ئۇنىڭ خىيالچان
كوزلىرى مۇنبەرگە مىختەك قادالغان ئىدى .

ساجىدەم پاخلاننىڭكىدەك قىزغۇچ تىلىنىڭ
ئۇچى بىلەن لىۋىنى نەمدۇېلىپ ، كەچۇرمىش-
لىرىنى بايان قىلىشقا باشلىدى .

## 2

ساجىدەم بىر يىلى ئەلا ، بىر يىلى ياخشى
ئوقۇپ ، ئاقىۋەت تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى
پۇتتۇردى . ئالى مەكتەپنىڭ تەييارلىق ئىم-
تىھانىدىنمۇ كوڭۇلدىكىدەك ئوتتى . ئەمدى ئۇ
شەھەر بىسلىق پىلىسراتتىن ئوتىشى كېرەك
ئىدى ( ئوقۇغۇچىلار رەسمى ئىمتىھاننى ئەنە
شۇنداق ئاتىشاتتى ) . بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ ئاخ-
شاملىرى ئەل ياتقۇچە دوستلىرىنىڭكىدە دەرس
تەكرارلىدى . قايتىپ كېلىپ هويلىدىكى تال
بارىكى ئاستىدا تەكرارلىغان قائىدە — فور-
مولىلارنى تالىپلاردەك ياد ئالدى؛ ئەتىگەندە
ئوقۇتقۇچىنىڭ قېشىغا بېرىپ ، كەم — كوسلى-
رىنى تولۇقلىدى ؛ كۇندۇزلىرى هاۋا ئىسسى-
غاندا ، بىردەم — يېرىم دەم يانپاشلاپ كو-
زىنى يۇمدى…

بۇنداق هالەت بىر هەپتە داۋاملاشقان
ئىدى . هىلىتىن يوق باهار نوتىسىدەك باغ-
جانلاپ ئوسۇۋاتقان بۇ قىزنىڭ بېشى ئامبۇر-
دا قىسقاندەك زىڭىلداپ ئاغرىشقا باشلىدى .
بۇلاقتەك ئويناپ تۇرىدىغان بىرجۇپ كوزى
شەلۋەرەپ ، جىن چىرىغىدەك پىرىلداپ قال-
دى ؛ قۇيغان ئويكىدەك ئاپپاق يۇزىنىڭ
گوشلىرى سىزىپ ، ياڭاقلىرى ئوتۇشۇپ
كەتتى…

ساجىدەمنىڭ مىسكىن هالىنى كورگەن ئا-
نىنىڭ سەۋرى قاچىسى چېقىلدى .

— بىچارە قىزىم ، — دىدى ئانا — ، ئەي-
نەككە قاراپ باققىنا ، نىمىگە ئوخشاپ قاپ-
سەن ؟ بەئەينى جىن قوچىغى ! قوپ نومۇ-
سىمنى كەلتۇرمەي ، بېشىڭنى بولسىمۇ تاراپ
قوياي ، دوستلۇرۇڭ كورسە زاڭلىق قىلى-
سۇن يەنە …

— جېنىم ئانا ، خوش بولاي ، مېنى قوز-
غىمىغىنا ، ئاخىرىدا بىر فورمۇلا قالدى ،
يادلىۋالاي …

— ياق، ئوقۇپ ئەرشى ئەلاغا چىقساڭمۇ،
مەن سېنىڭ ئاناڭ،قوپ دىدىمما — قوپمىسەن،—
ئانا قولىنى سوزۇپ ، ساجىدەمنىڭ بىلىكى-
دىن " كاپپىدا » ئالدى — دە ، تارتقانپېتى
هويلىغا ئېلىپ چىقتى ، — ساڭا ئاتا — ئانا
لازىم بولىسغىنى بىلەن ، بىزگە سەن كېرەك.

قىز ئۇلۇغ — كىچىك تىنىپ ، نائىلاج كو-
سىدا ئولتۇردى . ئانا ئۇنىڭ توقۇلۇپ كەت-
كەن چاچلىرىنى چۇگۇپ ، سوزۇپ — تاراپ
توقۇلىغىنى چىقاردى ، يىلىم چاپتى . يىلىم
چېپىۋېتىپ مۇلايىمخىنا سورىدى :

— قىزىم ، كىتاپلا ئوقۇسام ئىمتىهاندىن
ئوتەلەيمەن دەمسەن ؟

— شۇنداق بولماي …

— هى — هى — هى …—ئانا خىقىراپ كۇل-
دى ، — دىگەنلىرىڭگە تازا ئىشەنگىلى
بولمايدۇ .

— نىمە ئۇچۇن ؟

— سەۋەپمۇ بار، تەلەپمۇ بار . سەۋەپلا
قىلىپ تەلەپ قىلمىساڭ مۇرات — مەقسىدىڭگە
يېتەلمەيسەن ، قىزىم ، بىلدىڭمۇ ؟

— بىلدىم ئانا، تەلەپنى قانداق قىلىدۇ ؟

— ئوبدان قىزىم ، ئېيتىپ كەلسەم گەپ
تولا . بۇنى مەنمۇ قاملاشتۇرۇپ ئېيتىپ بې-
رەلمەيمەن ، سەنمۇ دەماللىققا چۇشۇنۇپ كې-

تەلمەيسەن . دېمەكچى بولغۇنۇم ، بىر ۋاخ
بولسىمۇ ناماز ئوقۇغىن ، ئىشىڭ ئوڭغا تار-
تىدۇ .

— ماقۇل ئانا ، نېمە دېسەڭ شۇ ...

ئەتىسىدىن باشلاپ ساجىدەم تۈن سۈزۈلـ-
شى بىلەن تەڭ بېشىغا ئاق داكا رومال ئار-
تىپ ، ئۆزىنىڭ ئىككى ئۈچىدىن ئىگىگىنى بىر
ئەپچىل چىگىپ، ئىككى قولىنى كوكسىگە ئېلىپ،
جاي نامازدا پەيدا بولدى . ئۇ ناماز قائى-
دىلىرىنى تۈزۈك ئوقمايتتى . شۇڭا دەسلەپ
ئانىسى قوپسا قوپتى ، ئىگىلسە ئىگىلدى ،
سەجدە قىلسا ئەگىشىپ سەجدە قىلدى . ئا-
نىسىنىڭ يېنىدا نوكچىدەك ئولتۇرۇپ ، ئاپ-
پاق يۇمران قوللىرىنى جۈپلەپ ئىگىز كو-
تىرىپ ئۆزىچە ئۆزاققا دۇئا قىلدى، ئەر-
ۋاھلارغا سېغىنىپ ، ئۇلاردىن مەدەت تى-
لىدى ...

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ساجىدەم ئۈچۈپ
چۈشەپ قالدى ، ئانا زەڭ قويۇپ ئاڭلاپ بو-
لۇپ سورىدى :

— پەس ئۆچتۇڭمۇ ـ ئىگىز؟

— ئۆچقاندىمۇ تازا ئاسماننىڭ قەرىدە دېگە-
نە، ئانا، — ساجىدەم قولىنى كىرىپ بويە-
نى سوزۇپ دورىماقتا ئىدى. ئانا تەبىربىرىپ
دېدى:

— مانا دېمىدىممۇ، چىققان دۆۋەڭ ئىگىز
بولىدىكەن، مۇرات ـ مەقسىدىڭگە
يېتىدىكەنسەن....

— جېنىم ئانا، ئاغزىڭغا ياغ! — قىز ئانى-
نىڭ بويىنىغا گۆرە سېلىپ ئەكىلدى. شۇ تاپتا
ئۇنىڭ گۈل قەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن ئىدى.

”ھايۋان تۆۋىدىن، ئادەم قولىدىن“.
ساجىدەمنىڭ كوزلىرى جىلۋىلىنىشكە باشلى-
دى، ئۆستىغا نلىرى يەڭگىپ، مەڭزىگە قان يۈ-
گۈردى، شوخلىقى تۇتتى. مانا ئۇ كىيىكتەك

سەكرەپ، غوردەك ئاچچىق ئۆزۈمدىن بىرنى
ئۆزدۋالدى-دە، ئالقىنىغا سۈرتىۋېتىپ ئاغ-
زىغا سېلىپ غۇچۇرلىتىپ ئوينىغاچ ئىچكەركى
ئويگە كىردى. كىردى ـ يۇ، شىرە ئۈستىدىكى
ماتېماتىكا ئوقۇشلىقىنى قولىغا ئالدى. ئۇ
ھېلىقى كۈنى يادىلاش پۈرسىتى بولمىغان
ئاخىرقى بىر فورمولىنى دىلىغا سىڭدۇرىۋالماقچى
بولغان ئىدى.

بىراق، كىتابنى بىرقۇر ۋاراقلاپ چىقىپ
تاشلاپ قويدى. ”بۇ ئولگۇرنىڭ، — دېدى
ئۇ ئىچىدە، — ئىمتىھاندا چىقىپ قېلىشى ناتا-
يىن. خوش، چىقىپ قالسا نېمە بولاتتى؟ چاغ-
لىقلار فورمولىغۇ، بولدىلا....“

* *

ھەش ـ پەش دېگىچە يېرىم ئاي ئۆتۈپ
كەتتى، خۇشاللىق ياكى دىل ئازاۋىغا ھامىل-
دار مىنۇتلار يېتىپ كەلدى!

ئوماققىنا بىر قىز سەككىزىنچى ئىمتىھان مەيدا-
نىدا سول قولى بىلەن ئىگىگىنى تىرەپ، ئوڭ قول-
دىكى قەلەمنىڭ قاپقۇچىنى چىشلىگەن پېتى بىر
نوقتىغا تىكىلگىنىچە ئولتۇرماقتا ئىدى. كېيىنكى
كۈنلەردە يادلىۋېلىشقا خوشيا قمىغان ھېلىقى بىر
فورمولىنىڭ بەش سوئالنىڭ بىرى بولۇپ
ئالدىغا كېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلمىغان بۇ قىز
بىر پەس خىيال سۈردۋالغاندىن كېيىن، قەلى-
مىنى روسلاپ قەغەز ئۈستىدە چاپتۇرۇشقا
باشلىدى.

خېلى ۋاقىت ئۆتتى، ساۋاقداشلارنىڭ
ئۈچتىن ئىككى قىسمى مەيداندىن چىقىپ كەتتى.
ساجىدەم تېخىچە تىرماشماقتا ئىدى. ئۇنىڭ
كىچىككىنە يۈرىكى قەپەزدىكى قۇشتەك تىپىر-
لاپ ئارام بەرمەيتتى. ”ئۆلمەك ئۈستىگە تەپ-
مەك دېگەندەك“، تام سائىتى ”جاڭ“ قىلدا بىر
زىل ئۇرۇپ، چەكلەنگەن ۋاقىتنىڭ بەش مى-
نۇت قالغانلىقىدىن بېشارەت بەردى. سائەت

شۇنداق توغرىلاپ قويۇلغان ئىدى. پىلسىراتىنىڭ بەشتىن تۆت قىسمىدىن بىمالال ئۆتۈپ بولۇپ، قىرغاق تۈۋىدە ھەپىلىشىۋاتقان ساجىدەم ئاخىرى گەۋدىسىنى سەلپەل كۆتىرىپ، ئالدىدىكى پارتىدا ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل ئولتۇرغان ساۋاقداشنىڭ قەغىزىگە تەلمۈردى. ساۋاقداش بولسا، ئىككى قولىنى سانىڭقانتىدەك كىرىپ، مەيدىسىنى پارتىغا تاقاپ پۈتۈن زېھنى بىلەن ھېساپ ئىشلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ نىمىنى ئىشلەپ، نىمىنى ئىشلىمىگەنلىگىنى ئاڭقىرالمىغان ساجىدەم دەككە-دۈككە ئىچىدە ئوڭ پۇتىنى پارتا ئاستىدىن ئاستا سوزۇپ، ئۇنىڭكاسىسىغا ئاستا نوقۇپ قويدى. ساۋاقدىشى دەررۇ سېزىپ، "قانات-قۇيرۇقلىرى"نى يىغىپ رۇسلاندى ۋە جەينىگى ئاستىدىكى قەغەزنى يۇقىرراق ئىتتەردى. قىز ئېنىقكوردىكى، ساۋاقدىشى ئۇ فورمولىنىمۇ ئىشلەپ بولغان ئىدى. قىز بىرنەچچە رەقەم ۋە شەرتلىك بەلگۈلەرنى شاتتۇر-شۇتتۇر كۆچۈرۋالدى....

"جاڭ-جاڭ-..." سائەت ئون ئىككىنى سوقتى، ئۇلۇنۇپىلا ئىلېكتىر قوڭغىرىقى كاردورنى جاڭ كەلتۈردۋەتتى.

— ساۋاقداشلار، ۋاقىت توشتى!

كومىسيە شۇنداق دەپلا، قەغەزنى يىغىۋېلىشقا كىرىشكەن ئىدى. ساجىدەم ئوزرە ئېيتىپ تۇرۇۋالدى:

— بىر مىنۇت، پەقەت بىر مىنۇتتىلا...

— بۇ، ئىنتىزام! بىلەمسىز؟ بولمىسا ئىمتىھان قەغىزىڭىز بىكار قىلىنىۋېتىلىدۇ!

— ھىم، بىر مىنوت بولسا يازغانلىرىمنى قايتا تەكشۈرۈۋېلىشىمغا يېتەتتى، خەير...، — ساجىدەم غودۇرلىغان پېتى مەيداندىن ئايرىلدى.

* *

بۇ ئىشتىن كېيىنكى ئۈچىنچى كۈنى ئىدى، 1982 - يىللىق ئالى مەكتەپ ئىمتىھانى ئاياغلىشىش ئالدىدا تۇراتتى. ئەڭ ئاخىرقى ئىمتىھان قەغىزىنى ھەممىدىن بۇرۇن تاپشۇرۇپ، ئىمتىھان مەيدانى بىلەن تۈگەل خوشلاشقان ساجىدەم ئوڭ-سولغا باقمايلا مەكتەپتىن ئايرىلدى.

سېمونت يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى ئورمان بەلۋىغى ئارىسىدا ئېچىلىپ كەتكەن رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر، گۈل تاجىسى ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرگەن گۈلشىرنىسىگە خۇشتار كېپىنەكلەر، ياپ-يېشىل سۈۋادان تېرەكلەر، ياش چىنارلارنىڭ شاخلىرىدا ۋىچىلدىشىپ، بىر-بىرىنى قوغلىشىپ ئۈچۈپ يۈرگەن ھەر خىل قۇشلار ئۇنىڭ نەزىرىدىن يىراق ئىدى؛ باپكانىڭ ھوكىسىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان پىكاپلار، ئاپتوۋۇزلارنىڭ كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئاۋازىمۇ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۇ ئويلايتتى: "ئون يىل يىڭنە بىلەن قازغان قۇدۇغىمنىڭ سۈيىنى ئىچىپ، تەمىنى تېتىدىم، ئۆيدىكىلەر بۇنىڭدىن خەۋەر تاپسا قانچە خوش بولۇپ كېتەر-ھە؟...توغرا، ئانام مەڭزىمگە سۆيمەي قويمايدۇ، دادام بېشىمنى سىلاپ نېمىلەرنى دە؟ ئاكامچۇ؟"

ساجىدەم شېرىن خىياللار قاينىمىدا ماڭغىنىچە ھېيتكاردىن قاندىغىنىغا ئۆتۈپ، ئىشىك ئالدىغا قانداق يېتىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى-دە، خوشلىقىدا دەرۋازىنىڭ سول قانىتىنى كۈچەپ ئىتتەردى. دەرۋازا "جالاق-جۇلۇق" ئېچىلىشى بىلەن بىرسى "ۋاي، كىم ئۇ؟!..." دەپ ۋاقىردۋەتتى. ساجىدەمنىڭ ئالدىدا ئوتتۇرانجى ئاكىسى شاۋكەت تۇراتتى.

— ھوي شەيتان، سەنمىدىڭ! — دىدى ئۇ پېشانىسىنى سىلاپ، — تۇيۇق بىردۇراق كىر-

سەڭ بولماسمىدى؟ تاس قالدىڭ كوزۈمنى قويۇۋەتكىلى...

— ھېچقىسى يوق ئاكا، خوشلۇغۇمنى باسالماي ئالدىراپ كېتىپتىمەن دېگىنە، ئانام ئۆيدىمۇ؟ — ساجىدەم ئوغلاقتەك ئويىنا قىلغان پېتى ئايۋان ئۆيگە چاپقان ئىدى، شاۋكەت شاققىدە ئالدىنى توسۇپ سورىدى:

— نېمىدىن شۇنچە خۇشال بولۇپ كەتتىڭ؟

— ئۈچ كۈنلۈك ئەجرى مېۋەمدىن...

— چامىچە، ئىمتىھانىنى كوكولدىكىدەك بېرىپسەن — دە!...

— قالتىس دېگىنە.

ساجىدەم ئۇلاشتۇرۇپ باشمالدىغىنى يۇقۇرى كوتەردى. ھاياجاندىن ئۇنىڭ پۇت قوللىرى شوك تۇرمايتتى، شەھلا كوزلىرىدىن كۈلكە ياغاتتى. ئۇ، داۋاملاشتۇرۇپ دېدى:

— ئەمدىغۇ ماشىنىچىخانىغا بارارمىز؟

— ئالدىرىما، ئۇ تايىنلىق گەپ، لېكىن...

— چىدىماق تەسمىكىن!؟ — ئاكىسىنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى ساجىدەم ۋە كورسەتكۈچ قولى بىلەن ئۆزىنىڭ يۈزىنى سىلاپ تۇرۇپ مەسخىرە قىلدى، — چىدىمىدى، چىدىمىدى ۋەي!...

— تېخى ئۇلۇشكۈن ئىمتىھانىنىڭ تۈنجىسىدا پەشۋا يىگەنلىكىڭنى ئېيتىۋاتاتتىڭ، بۈگۈن بەكلا چوڭ سوزلەيسەنغۇ؟

— ئۇ دېگەن بىرلا سوئاللىتى، ئۇنىڭغا ھېلىغۇ قەدىر ئەھۋال جاۋاپ بەردىم. نولگە لايىق بولغان تەقدىردىمۇ، قالغان سوئاللارغا بەرگەن جاۋابىم ئۇنىڭ پاختىكىنى ئۇچۇرىۋېتىدۇ — دېگىنە.

— ئوزۇڭ بىلىسەن، مەن ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلايدىغانلاردىن ئەمەس، ئالدى بىلەن سەن...

— نېمە — نېمە؟...، — ساجىدەم «داشۆكە بارالمىسام قولىغىمنى كېسىپ بېرىمەن» دېگەن مەنىدە سول قولى بىلەن بىر قولىغىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ، ئوڭ قولىنى پىچاقتەك قىلىپ قولىغىنىڭ ئۈستىدە قويدى — دە، «شارت» تىدا سىرىپ پەسكە چۈشەردى. ئۇنىڭ ھەركىتى مايمۇندەك چاققان، كەيپى خوش ئىدى.

كۈلكە، پاراڭ ئۈستىگە ھازىر بولغان ئانا «قىزىم ئاكاڭنىڭ پېشىگە چىڭ ئېسىل، ئۇتتۇرغان ئىكەن، غىڭ قىلالمايدۇ...» دەپ ئۆلگەردى.

دۇنيادا ئۆز ئەمگىكىدىن سۆيۈنمەيدىغان، مۇۋەپپەقىيىتىدىن پەخىرلەنمەيدىغان ئادەم يوق. بىراق بەزىبىر ئىخلاسمەنلەر ئۆز ئىشىدىن مەڭگۈ قانائەتلەنمەيدۇ. ساجىدەم ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئەنە شۇ ئالدىنقى خىلدىكى كىشىلەردىن ئىدى. شۇڭا ئۇلار ھاياجانلىناتتى، بىر دوستىخانىغا جەم بولسىلا قىزنىڭ پات ئارىدا بارغۇسى مەكتىۋىنى پەرەز قىلىشاتتى، قانداق يولغا چىقىش، قانداق يولغا سېلىش توغرىسىدا باش قاتۇرۇشاتتى. بۇنداق چاغلاردا ساجىدەمنىڭ يۈرەكلىرى ئېقىن سۇدىكى بېلىقتەك پىلتىڭلاپ كېتەتتى.

ئۇلار تەييارلىققا چۈشتى. ئانا كېچىلەپ دۇخاۋا تاشلىق يوتقان، خاكىدىن تاۋاردىن كورپە تىكتى؛ شاۋكەت سىڭلىسىنىڭ تەقەززاسى، ئانىسىنىڭ زورى بىلەن لەۋزىگە ئەمەل قىلىپ، چوڭ شەھەرلەرگە لايىق بىر يۈرۈش كىيىم تىكتۈرۈپ، ساجىدەمنىڭ چامادانىغا قاچىلاپ بەردى. دادىسى باشقا كەم — كۈسىلەرنى، مەسىلەن، سائەت، ئالتۇن ھالقا قاتارلىقلارنى ھازىرلىدى. ئۇرۇق — تۇققانلار،

دوسيا ـ ئاغىنىلەر، مەھەللە كويلارمۇ ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشۈپ تەبرىكلەشتى، "يوللۇق" تۇتۇشتى. بەزىلەر تېخى ساجىدەم بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈۋېلىشتى.

ئەمدىكى گەپ ساجىدەمنىڭ يۈك ـ تاقىلىرىنى ئۈرۈمچىگە قانداق يەتكۈزۈشتە ئىدى. چۈنكى، يۈك ـ تاقا بولمىسا ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە ئۆزىنى ئايرۇپىلان بىلەن يولغا سالغىنى بولاتتى. بۇ ۋەزىيەتنى ئۈستىگە ئالغان شاۋكەت ماشىنا ئىزلەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە دادىسىنىڭ كونا خىزمەتداشىنىڭ ئوغلى ئۈرۈمچىدىن ماشىنا ھەيدەپ قەشقەرگە كېلىپ قالدى.

— ئوڭ قاپىقىم تارتىسا يارىشاتتى، ـ ئوتكەندە بىر ھەپتە ئۇدا تارتىپ ئىمتىھان تۈگىگەندىن كېيىن توختىغان ئىدى، بۇ قېتىم ئۈچ كۈن تارتىۋىدى، ماشىنا ئىشىك ئالدىغا ئۆزى كەلدى، ھى ـ ھى ـ ھى...، زادى تۇغۇلىشىڭدىنلا پېشانەڭ ئوچۇق، تەلىيىڭ ئوڭ قىزىم، ئەمدى كېچە ـ كۈندۈز تىلەيدىغىنىم بەختىڭگە يارىشا ئېپى ـ سىپىدە بىر كۈيوغول...

— ئەجەپ پىمكەنسەن، ئانا! ـ قىز تۇمشۇقلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، قاپىقىنى تۈردى، ـ بىر چىرايلىق گەپ قىلىۋېتىپ، جويلۇيدىكەنسەن.

— ھە؟... ھى ـ ھى ـ ھى...، مانا قارا، ـ ئانا گەپ يۇتتۇرمەكچى بولدىمۇ ۋە ياكى، راستىن قاپىقى تارتتىمۇ، ھەر ھالدا قولى بىلەن ئوڭ قاپىقىنى كۆرسەتتى، ـ يەنە تارتىۋاتىدۇ، ئەتە ـ ئۆگۈن قولۇڭغا بەخت قۇشى قونىدىغاندەك، ھى ـ ھى ـ ھى...

— ئانا، ناۋاتتەك گەپ قىلدىڭ، مانا بۇ گېپىڭ جايىدا، راستىمنى ئېيتسام، ئىسى ـ يادىم، تىلەيدىغىنىم دوست ـ دۈشمەن ئالدىدا مات بولۇپ قالمىسام دەيمەن.

— بۇنداق گەپلەرنى ئويلاپ يۈرمە قىزىم، ئېغىزدىن "سائەت چىقىدۇ" دېگەن گەپ بار، چۈشەندىڭمۇ؟

— چۈشەندىم، ئانا.

— ماڭ، شوپۇر ئاكاڭ كېلىپ قالسا ئالدىراپ قالمىز، ئوچاققا قارا، ھە، تاسقاپتۇ ئىسسىمدىن كۆتىرىلگىنى، ماۋۇ گۆشنى قازانغا سېلىۋەت، ئىككى ئانىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ يوللۇق تۇتارمىز.

ئوتتۇرا ياش، ئىگىز بوي، خام سېمىزگىنە كەلگەن ئانا قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ سۆزلىمەكتە، ساجىدەم ھېلى قازان بېشىدا، ھېلى توشۇكتە پەرۋانىدەك ئايلانماقتا ئىدى. شۇ ئەسنادا شاۋكەت شوپۇرنى باشلاپ كەلدى. ئۇلار تاماقتىن كېيىن كېچىلەپ ساجىدەمنىڭ يۈك ـ تاقىلىرىنى تېڭىپ، قاچىلاپ تەخلەشتى.

— يولغا چىقىشتىن بىر كۈن بۇرۇن تېلېگرامما بىرىڭ، ئايرودرومغا چىقىپ تۇرىمەن، تارتىنماڭ ھە، شۇنداق بولسۇن خەير، خوش، ـ شوپۇر كابىنكىدىن بىر قولىنى چىقىرىپ پۇلاڭلاتماقتا ئىدى.

※ ※

— يامان قىپسىلە، بالىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ماڭدۇرۇۋېتىپ، ـ دېدى ساجىدەمنىڭ يېزىدىن بايىلا قايتىپ كەلگەن دادىسى ھادۇق ئېشىنى قولىغا ئېلىۋېتىپ، ـ سۈنى كۆرۈپ ـ رەك ئوتتۇك سېلىش كېرىكىدى، خەير، بوغۇلۇق بوپتۇ، ناۋادا بالىمىزنىڭ نومۇرى يۇقۇرىراق بولسا، شىنجاڭ داشۆيدە ئوقۇسىغۇ ياخشى ئىدى.

— ئاشلىرىنى ئىچسىلە، ئاغزىلىرىنى ئىشتىماي، ـ ئانا ئېتىراز بىلدۈردى، ـ قىزىمىزنىڭ بېيجىڭدە ئوقۇغۇسى بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق دەيدىكەنلا...

AltunOq

— ھوي خوتۇن، مېنى دېسە ساجىدەم ياپونىيىگە، گېرمانىيىگە، ئامېرىكىغا بېرىپ ئوقۇسۇن، لېكىن سىلىمۇ ئويلاپراق گەپ قىلمايدىكەنسىلە...

— بولدى — بولدى، تالاشماڭلار، — شاۋكەت قوللىرىنى پۇلاڭلاتتى، — مەن ئۇنى يېڭى شۆبيۈەنگە ئالدۇرۇپ دوختۇرلۇقتا ئوقۇتىمەن، بۇنىڭ يولىنى مەن ئاللىقاچان توغرىلاپ قويدۇم.

— ئى — ھى، ئاق ئاچامدەك كىنوچى بولسۇنچۇ، — سەككىز ياشلىق گۈلسۈم ئانىسىغا ئېسىلىپ يېلىندى، — ماقۇل دېگىنە ئانا، بولمىسا يىغلايمەن...

— ھا — ھا — ھا، ھى — ھى — ھى...

ئارقا ھويلىدىكى گىلاس تۈۋىدە كۈلكە تېخى بېسىقمىغان ئىدى. دەرۋازا ئالدىدا ئاۋال ئوپۇر — توپۇر قىلغان ئاياق تىۋىشى، ئارقىدىنلا بىر قىز بالىنىڭ:

— ئاداش، ئاغرىقنى يوشۇرسا، ئۆلۈمى ئاشكارا، دېگەن گەپ بار، كىرىۋېرىڭلار، — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىككىنچىسى ئۇلاپلا:

— كۆڭلۈڭنى بۇزما، ئاداش، بىزدە نېمە چارە، ئېغىرىمىزنى يەر كۆتىرە، دەردىمىزنى ئاتا — ئانىمىز، — دېدى.

ئۇلارنىڭ تەسەللىسىنى بىرسىنىڭ خىت — خۇتى ئۈزۈپ تۇراتتى. شاۋكەت دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالدى ھويلىغا چىقىپلا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. چۈنكى، دائىما قىزىل گۈلدەك ئېچىلىپ، بۇلبۇلدەك سايراپ تۇرىدىغان ساجىدەمنىڭ بېشى ساپىقى سولاشقان ئامۇتتەك ساڭگىلىغان بولۇپ، رەتلىك چاچلىرى تەرخەمەك پىلىكىدەك كاللا ماشاك ئىدى؛ چولپاندەك شولا چېچىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى تۇمان توسۇۋالغان يۇلتۇزدەك خىرە كۆرۈنەتتى؛ ئالمىدەك راڭدار چىرايى ساماندىن پەرقلەنمەيتتى. شاۋكەت سىڭلىسىنىڭ ئۈششۈك تەككەن يۇمران مايسىدەك ھالىغا بېقىپ ئالدىراپ سورىدى:

— نېمە بولدۇڭ؟

— مە... مەن...، — ساجىدەم ھوقۇيتۇپ يىغلىۋەتتى.

ئۇنىڭ ئەلەملىك يىغىسى ئاتا بىلەن ئانىنى ھازىر قىلغان ئىدى. ئانا «ۋاي قىزىم!...» دېگىنىچە پايپاسلاپ كېلىپ ساجىدەمنى باغرىغا باستى:

— چىرايلىق قىزىم، گەپ قىلغىنا، بىرسى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدىڭمۇ؟...

— ياق، بى — بى — بىر — بىر......

— نېمە—نېمە!؟ بىر دېگەن نېمە ئۇ؟

— ھامماچا، بۇ مۇنداق گەپ، — ساجىدەمنى يۆلەپ كىرگەن ئۈچ قىزدىن گەپتانراق بىرى ئىزاھات بەردى، — بۇ يىلدا شۇ نومۇر سىزىقى ئۈستۈرۈلگەن ئىكەن، ساجىدەمنىڭ بىر نومۇرى كەملەپ قېلىپ ئۆتەلمەپتۇ، مېنىڭ ئىككى...

— ۋاي بېشىڭنى يەيدىغان شۇم، ئەمدى مەن بۇ بېشىمنى قانداق كۆتىرىپ يۈرىمەن، ھو — ھو — ھو...

ئانا قىزىنى قويۇۋېتىپ، يۈزلىرىنى كاچاتلاپ يىغلىماقتا ئىدى. شاۋكەت كۆزلىرىنى ماي سالغان چايدەك پاقىرىتىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، دۈۋەيلەپ كەلدى — دە، سىڭلىسىنىڭ ئۆك مۈرىسىدىن قامالاپ كۈچ بىلەن سىلكىدى:

— ئەيتە، شۇ ھالىڭغا يوغان گەپ قىلغانمىدىڭ؟!

— جېنىم ئاكا، مەن...

— ۋالاقلىما!

شاۋكەت شۇنداق دەپلا قولىنى تارتقان

ئىدى ، ساجىدەم چىقىرىغان پېتى داراڭىدا ئارقىسىغا ئۆچۈپ كەتتى . قىزلار شاۋكەت - نىڭ پەيلىدىن قورقۇپ تىكىۋىتىشتى . دادا جان ئاچچىغىدا ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى "جاڭ،"ىدا يېپىپ ، مېھمانخانىغا كىردى - دە ، لەسسى - دە ساپاغا ئۆزىنى تاشلىدى ۋە چاي جوزىسى - نىڭ تارتمىسىدىن يېرىم شىشە هاراقنى ئې - لىپ شۇ پېتى گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋەتتى.

"ئەزەلدىن خوشلۇق غەمگە هامىلدار كې - لىدۇ، شۇڭا گۈل يېنىدا خار، "① ئەنە شۇكۇن - دىن باشلاپ بۇ ئائىلىدە جىدەل قوزۇمايتتى، چايدان ، چىنە - قاچىلار پات - پات سۇنۇپ تۇراتتى ، بۇ ، شاۋكەتنىڭ ئاچچىغىنى چىقى - رىش ۋاستىسى بولغان ئىدى . مۇردىسسەگە كەلتۈرەلمىگەن دادا "كوزۇمىمۇ كورمىسۇن ، قۇلىغىمۇ ئاڭلىمىسۇن" دىگەندەك قىلىپ نا - ھىيىلەردىن بىرىگە كېتىۋالدى . ئانا ئەجەل توقىمىغى بېشىدا چوگۈلەۋاتقان ساجىدەمدىن ئەنسىرەپ ، ئۆزنى ئىچكەركى ئۆيدىن چىقار - مىدى . ساجىدەمنىڭ بولسا ، ئىككى جەينى - گىنى تىزىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ، ئالقىنى بى - لەن ئىڭىكىنى تىرەپ ، پىغانلىق كوزلىرىنى دەرىزىگە تىككەن پېتى ئولتۇرغىنى - ئولتۇر - غان ئىدى . «دۇنىيادا ئەڭ تاتلىق نەرسە نىمىدۇ ؟ »، - دەيتتى ئۇ ئاستاغىنە ئۆز - ئۆزىگە سۇئال قويۇپ ، - خوش ، ئەڭ با - هالىق نەرسىچۇ ؟ "بىر" ئاھ ! ئاشۇ "بىر"...»

## 3

ساجىدەمنىڭ سەزگۈزەشتىسى ئەنە شۇلار ئىدى . ئۇ لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ گويا خىزمەتداشلىرىنى تۈنجى رەت كورۈۋاتقاندەك تەكشى كوز يۈگرەتتى - دە ، ئاۋازىنى تۆچ قۇڭغىراقتەك قويىۋەتتى :

—ۋەدەمشۇكى: مۇندىن كېيىن ئىشچى كىيىمى كەيگىنىمگە ئوكۇنمەيمەن ، ئەمما بىر رەقەم، بىر نومۇرنى هەر قاچان قەدىرلەيمەن، بۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئومۇر شەيدا مەن ...

— بەللى ، جايىدا ...


— يارايدۇ ...

— ... ... ...

كوپچىلىك ئالقىش ياڭراتماقتا ئىدى. زە - پەر تەمكىن قەدەم تاشلاپ سەھنىدە پەيدا بول - دى ۋە بېشىنى ئىگىپ تۇرۇپ "ساجىدەم ، ئە - پۇ قىلىڭ، قەلبىڭىزنى چۈشەنمەپتىمەن" دى - دى . ساجىدەم ئىللىق كۇلۇپ قويدى .

① خار — تىكەن.

# قەۋرىستانلىقتا



(ھېكايە)

ئابلىمىت سابىر

ئەزىمەت ئۆتكەن ئاي ئۆز يېزىنىڭ سىرتىدىكى پەشتىكى ئورنىغا خىروم چاپان ۋە چاقماقلىق نىلون شىم كىيىپ ئۆيىگە كەلگەن ئىدى. ئۇ چاغ تەبىئەت يېشىلىپ، غورىلار ئۈزگىرە چوپ بولغان مەزگىل ئىدى. ئۇ كىيىمىنى كىيىپ بىر ھەپتە ئۆتمەيلا كۆك رەختتىن گىمناستوركا كەيدى، كۈتۈلمىگەن ئامەت ۋە بەخت قۇشى ئۇنىڭ پېشانىسىغا قانداق قىلىپ قونۇپ قالدى. ئاخشام ئەزىمەت يەنە كەمەرلىرى كۈمۈشتەك يالتىراپ تۇرغان كۆلرەڭ شىمىنى ئېلىپ كەلدى. بۇ ھال بامدات نامىزىغا ئولتۇرغان ئانىنى قاتتىق تەئەججۈپلەندۈرمەكتە ئىدى.

تاڭ سۈزۈلۈپ كېچىككىنە، كۆزنەكتىن يورۇغلۇق ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۆي ئىچىدە ئۇنداق ئەتىۋا يېپەك گىلەم، قوڭغۇراغلىق چوڭ ساندۇق، پاقىراپ تۇرىدىغان ئىسسىل جاۋەنلەر كۆرۈنمىسىمۇ، تەكچىلىرىدىكە چىرايلىق پەردىلەر تارتىلغان بولۇپ، ئازادە ئىدى. ئانا دۇئادىن قولىنى چۈشۈردى-دە، ئوغلىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئوغلۇم، تاڭ ئاتتى، ئورنىڭدىن تۇرغىن، بۈگۈن ئايەم كۈنى، ئاتاڭنىڭ قەۋرىسىنى يوقلاپ كىرگىن.

ئۇ ئوغلىغا تەلمۈرۈپ قارايتتى، ئۇ كۆرمىڭ كېچىنى يىغا ۋە ئەلەم بىلەن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، شۇ ئاندا يەنە ئوغلىغا چىدىغۇسى كەلمەيتتى. ئوغۇل ئۈنچىقمىدى. ئۇ خۇددى ئېتىپ قالغان ئادەمدەك سوزۇلۇپ ياتماقتا ئىدى.

— ئوغلۇم گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسەن، ئۆتكەن يىلمۇ چىقمىدىڭ. — تەكرارلىدى ئانا مۇلايىم ئاۋاز بىلەن، — ئاتاڭ يوقلىنىپ قالمىسۇن، خۇدا ياخشى نىيەت ئاتا قىلىپ دىلىڭ چىراغدەك يورۇپ كەتسە ئەجەپ ئەمەس.

— قەۋرىستانلىقنىڭ ئاق توپىسى جايىدا، ئاتامنىڭ قەۋرىسىمۇ يەنە شۇ قارىياغاچ يېنىدا ئۆز ئىزىدا تۇرغاندۇ، — دىدى ئەزىمەت يېنىغا ئۆرۈلۈپ، — يوقلاپ بېرىشىمغا ئۇنىڭ ھاجىتى چۈشمەيدۇ، ئۇ ئاللا قاچان جەننەتكە كىرىپ بولدى.

— ئۇنداق دېمە، — ئانىنىڭ يۈرىكى ئەلەمدىن تىترەيتتى، — ئۇ سېنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى، سەن يەر يۈزىگە كۆزۈڭنى ئېچىپ چۈشكەن تۈنجى كۈنىلا خوشاللىقىنى باسالماي بىر قوي سويۇپ مۇبارەكلىگەن ئىدى.

ئوغۇل ئورنىدىن قوزغالماي، گەۋدىسىنى ئاق ياستۇققا تىرەپ، ئىككى قولى بىلەن ئو-

سۇپ كەتكەن چاچلىرىنى مەججىقلىغان ھالدا ئولتۇردى. چۈنكى ئېسىدىن ئوچكەن ئاتا مېگىسىدە قايتىدىن پەيدا بولۇپ، زەردىسىنى ئورلەتمەكتە ئىدى.

— ئاتامنى ئويلىسام ئۇنىڭ نادان ۋە ئەخمەق ئىكەنلىگىگە ئېچىنىمەن، ئۇ نادانلىقتىن كېلىپ چىققان پاكلىقنى 20 - ئەسىرگە سۆرەپ كىرىپ ئاخىرى ئۆلۈپ تۈگەشتى. ئۇ بۇ دۇنيادا ئۆزىنىڭ نارىسىدە ئوغلىنىڭ قىلىۋاتقىنىنىمۇ ئىسىگە ئالمىدى.

ئانىنىڭ كوز ئالدىغا دوغىلاق كەلگەن، قاڭشالىق، يوغان كوزلىرى مۆلايىملىق بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرىدىغان بولدىشى كەلدى. ئۇ مەرھۇمنىڭ كونا توشىگى بىلەن بىر جۈپ ئايىغىنى ھازىرغىچە ساقلاپ كەلمەكتە ئىدى.

— ئوغلۇم، ئاتاڭنىڭ ئالدىدا ھورمەتسىزلىك قىلما، — دېدى ئانا ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ، — ئاتاڭ ئويۇلتاشتەك مۇستەھكەم، قارىدەك ساپ دىل ئادەم ئىدى. ئۇ بىرەر ئادەمنىڭ سايىسىغا كىرىپ دولەتمەن بولۇشنىمۇ ئويلىمىغان. ئۇ دائىما "كىشى ئۆزىنى قەدىرلىشى كېرەك» دەيتتى. توغرا، ئۇ ئولۇپ كەتتى. بىراق ئۆز ھاياتى بەدىلىگە دەھشەتلىك چاپچىپ كېلىۋاتقان ئات ھارۋىسىنى توسۇپ، ئونلىغان يېتىملەر مەكتىۋىنىڭ بالىلىرىنى ساقلاپ قالغان. ئۇنىڭ مۇردىسى شەھەر كوچىسىدىن ئوتكەندە، پۈتۈن خەلق تەۋرەپ كەتكەن. ئارقانلارنى سىلىپ، ئۇنىڭ مۇردىسىنى تاۋاپ قىلغان. ئۇ ھايات چېغىدا سېنىڭمۇ ئۆزىدەك ئادەم بولۇشىڭنى ئارزۇ قىلاتتى.

ئوغۇل مىيىقىدا كۇلۇپ، قايغىنى سوزدى:

— سەن بۇ سوزلەرنى ئېگىسىگە تەلمۇرۇپ تۇرغان توخلارغا ئەيتقىنچۇ. نادان ئايالنىڭ ئەقىدىسىگە پەقەت شۇلارلا خوشال بولىدۇ.

— سېنىڭچە قۇشلارنىڭ سايراپ، بۇلبۇللارنىڭ ناۋا قىلىشىمۇ ئەخمەقلىككەن-دە؟!

— ئەگەر بۇلبۇللار ئۆز ناۋاسىنىڭ ئادەملەرگە شۇنچە يېقىملىق، راھەت ۋە بەختبەرگىنىنى سەزسە ئىدى، بىھۇدە سايرىشىنى توختاتقان بولاتتى.

— ئوغلۇم. كەڭ دۇنيادىكى قۇرۇت - قوڭغۇزلارمۇ ئۆز نوۋىتىدە ياخشى ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ. ئادەم ئۇلۇغ، ئۇنىڭدا ئازراق ئىنسانى خىسلەت بولۇشى كېرەك.

— كىشىلەر قانداق ياشاشنى ئۆزى بىلىدۇ. بىلەمسەن، ھازىرقى دەۋر ئۇلۇغ زاتلار قەۋرىسى ئالدىدا ئاتتىن چۈشۈپ يىغلاپ ئوتۇش دۇنياسى ئەمەس. بىر - بىرىنى ئالداپ ياشاش، بىر - بىرىنى بىسىپ چۈشۈش دۇنياسى. ئادەملەر ئۈچۈن پۇل، بايلىق كېرەك. ھازىر ھىچكىم ئۇنداق ۋاپا، نومۇس، مېھرىبانلىق دېگەنلەرگە ئەقىدە قىلمايدۇ.

ئانا لېۋىنى چىشلىدى. ئۇ ياداڭغۇ قوللىرىنى تىنماي ئۇۋگىلايتتى. ئوغلىغا يەنە نۇرغۇن سوزلەرنى قىلغۇسى بار ئىدى، بىراق ئۇنىڭ ياشلىق چاغلىرى تۈگىدى، شۇڭا ھاياتلىق ئىزىدىن چەتنىگەن بۇ ئوغلىنىڭ ئۆز قەلبىدە ئورۇنسىز جاراھەت پەيدا قىلىشىنى خالىمايتتى.

ئوغۇل كىيىنىپ جازىلىق ئەينەك ئالدىدا ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈشكە باشلىدى. ئۇيىنىڭ ئىچىنى مەزىلىك ئەترە پۇرىقى ئىگەللىدى. ئۇنىڭ قولىدا يەنە شۇ پوسپورلۇق سائەت تۇراتتى.

— سەن بۇ كىيىملەرنى قەيەردىن ئېلىۋاتىسەن؟ — ئوغۇل چېچىنى تۈزەشتۈرۈپ بولغىچە تىكىلىپ تۇرغان ئانا گۇمانلانغاندەك

سورىدى .

— سائەتچىلىك قىلىۋاتىمەن دېدىمغۇ ؟

— مەھەللىدىكىلەرنىڭ بالىلىرىغۇ سائەتچىلىك قىلىدۇ . نېمە ئۈچۈن ئۇلار سېنىڭدەك كۆپ پايدا ئېلىپ بۇنداق ياخشى كىيىملەرنى كىيەلمەيدۇ؟

— سوراشتۇرۇپ نېمە قىلىسەن، دېدى ئوغۇل ئىشىك تەرەپكە مېڭىپ ، — ساڭا يالغان ئېيتقىنىم يوق .

ئوغۇل ئەگمە دەرۋازىدىن چىقىپ ، ئېرىق بويلاپ مېڭىپ كەتتى. ئۇ بەلكىم بۈگۈن ئايەم شەربىتى ئۈچۈن ھاراقمۇ سېتىپ ئالماس . بىراق ئانا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى . ئۇ ئوغلىنىڭ سائەتچىلىك قىلىپ مۇنداق كۆپ ئامەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى .

ئانا غۇلىچىنى يېيىپ، ئەگمە دەرۋازىنى كەيگەنلەپ ئوغۇل كەتكەن تەرەپكە تىكىلىپ تۇراتتى. ئوغۇل دەرەخلەر ئارىسى بىلەن ئۇزاپ كەتتى . ئانىنىڭ يەنە بۇناتاۋان جىگەررىگە چىدىغۇسى كەلمەيتتى . شۇڭا ئوغۇل بارا - بارا يىراقلاپ قايتاقېتىم ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيدىغاندەك تۇيۇلدى . ئۇنىڭ لەيلىمدەك سومبات ۋۇجۇدىنى قورقۇنچ ئورىۋالدى ، قوللىرى تىترىدى . شۇڭا ئىتتىك ئارقىسىغا يېنىپ، ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى . ئۇ قايتىلاپ ھويلىدا پەيدا بولغاندا، ئۈزۈن نىمچا چاپىنىنى كىيىپ ، بېغىررەڭ رومىلىنى يۈزىگە سالغان تونۇشسىز شەھەر ئايىلى قىياپىتىگە كىرىپ قالغان ئىدى . ئۇ ، ئارقىسىغا بۇرىلىپ ھويلىسىغا قارىۋالدى-دە، كېيىن ئوغلىغا ئەگىشىپ دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى .

ئاسپالت يول يۈزىنى يۇغاندەك پاكىز، ئاخشام ياققان يامغۇر يول بويىدىكى گۈللۈك ۋە چوپلەرنى ياشارتىپ، تېخىمۇ قېنىق رەڭگە كىرگۈزگەن ئىدى . ھاۋا ئوچۇق بولغاچقا، شەھەر مەركىزىدىكى سائەتلىك چوڭ بىنا مانامەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

بۈگۈن ئابەم كۈنى بولغاچقا ، ھەممە كىشى پاكىز، ئاق كىيىملەرنى كىيىۋالغاندەك ئىدى. يول بويىدىكى قاتار كەتكەن لەمپىلىك دۇكانلار تېخى تىجارەتنى باشلىمىغان ، كۆك گۈمبەز ۋە قەۋرىستانلىقتا قاتنايدىغان چوڭ ئاپتوۋۇزلار ئۈزۈلمەي ئۆتەتتى . ئۈزۈن بۇرۇتلىرى ئېغىزىنى يېپىپ تۇرغان يەكتەكلىك بوۋاي ئۈن ئالغۇ ۋە رەڭلىك تېلېۋىزورلار باھاسىنىڭ تەڭمۇ - تەڭ چۈشكەنلىكى ھەققىدىكى ئېلاننى كوچا - كوچىلارغا ئالدىراش چاپلىماقتا ئىدى .

ئانا ئوغلىنىڭ كەينىدىن باراتتى . مەرھۇم ئاتا ھوسۇيىن ئاكا ئەنە شۇنداق گۈللەر ئېچىلىپ يەل - يېمىشلەر توكمە بولغان ياز پەسلىدە ۋاپات بولغان ئىدى . ھەيۋەتلىك مۇدا لەڭ ئۆرۈپ ھويلىدىن چىققاندا، ئەزىمەت ئاران بىر ياشقا تولغان بولۇپ ، جۇدالىق قايغۇسى ئىچىدە بېلىنى ئاق رەخت بىلەن باغلىۋالغان ئانىنىڭ قۇچۇغىدا ئىدى. ئانا ئىززىتى يولدىشىنىڭ بۇ پۇشتىنىڭ پىشانىسىگە يېتىملىك ئىزى سالغۇسى كەلمىدى . ئۇ غۇنچىدەك ياش ھاياتىنى سەرپ قىلىپ ، ئوغلىنى كۈتۈپ قەدىناز ئۆيىدە يالغۇز ئۆتۈشكە بەل باغلىدى.

— قوزام جىمجىت ياتىسەنغۇ ، نېمىنى ئويلاۋاتىسەن؟ — دەيتتى ئانا ئوغلىغا قاراپ،— دىيانەتلىك ئاتام ئۆلۈپ كەتتى. نادان ئانىنىڭ قولىغا قالدىم دەپ ئويلاۋاتامسەن ؟

ئانا بوۋاقنى ئېلىپ ئىسسىق باغرىغا چىڭ باساتتى . ئۇ قارا قۇمچاق ئوغلىنىڭ ۋىلىقىمدە كۈلۈشىنى ئارزۇ قىلاتتى :

— غەم قىلما ، مەن سېنىڭ ئاپاڭ ھەم ئاتاڭ، ئۆمۈر بويى كۆزلىرىڭدىن يېتىملىك يېشى

چىقارمايمەن. گۈل شىخىدىن ھامان غول غۇنچىسى ئۇسۇپ چىقىدۇ. سەنمۇ ئاتاڭدەك دىيانەتلىك ئادەم بولىسەن.

بالا 5 ياشقا كىرگەندە ئانىنىڭ جىمجىت ئائىلىسى ئەزىمەتنىڭ كۈلكىسى ۋە چۇقان سۈرەنگە چومگەن يېڭى ئائىلىگە ئايلاندى. ئانىنىڭ مىسكىن كوزلىرىدە ئۈمىت ۋە كۈلكە پەيدا بولدى. ئۇ ئىزدىنىپ ئېشىنغان پۇلىغا ئوغلى ئۈچۈن چىرايلىق پوسما ۋە يېڭى كىيىملەرنى ئېلىپ بەردى.

— ئوغلۇم، كىشىلەر نىمە ئۈچۈن گۈلنى ياخشى كورىدۇ، بىلەمسەن؟ — دەيتتى ئانا ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ.

— بىلمەيمەن.

— ئۇ خوشپۇراق ھەم چىرايلىق، كىشى ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان بەرگلىرىگە قارىسا، قەلبى شاتلىققا تولىدۇ.

— ئاپا، بىز ھويلىمىزغا گۈل تېرىساق بولامدۇ؟

— بۇ ئائىلىمىزنىڭ گۈلىسەن، سەن چوڭ بولۇپ ياخشى ئادەم بولساڭ، ئويىمىزدە بىر توپ قىزىل گۈل ئېچىلغاندەك بولىدۇ.

— ئاپا، قانداق قىلسا ياخشى ئادەم بولىدۇ؟

— راستچىل بولۇش، ئۆز نومۇسىنى ساقلاش كېرەك. ئاتاڭ نەپسانىيەتچى ئادەملەرنى ناھايىتى يامان كورەتتى.

— مەن نەپسانىيەتچىلىك قىلامدىمەن؟

— ياق، سەن مېنىڭ ئوماق قوزام، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولۇش كېرەك.

ئوغۇل ئانىنىڭ نەزىرىدە قايناق تۇرمۇش كۆرۈشىدە بىرلىكتە ئۆزۈپ ماڭغۇچى يولەنچۈك ئىدى. ئائىلىمىزنىڭ ئېغىر بىسىمى ئانچە ئۇزۇنغا بارمايدۇ. ئاز كۈندە ئەزىمەت چوپ چوڭ بولۇپ يىگىتلەر قاتارىغا قوشۇلىدۇ. ئۇ ئاتىسىنىڭ ئىزىنى باسسا، ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكىگە ئايلىنىدۇ. ئانا شۇلارنى ئويلىغانىدا، ئالدىدا گويا چاقناپ تۇرغان يۇلتۇز پەيدا بولغاندەك كوڭلى شاتلىققا تولاتتى. بىراق ئانا ئۇ چاغدا ئوغلىنىڭ مۇنداق ئۆزگىرىپ كىتىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى.

قىزغۇچ قۇياش بارا — بارا كېچىكلەپ ھەيۋەتلىك سىتىرخۇانىيە شىركىتىنىڭ ئۇستىدە توختىدى. ئەزىم دەرىيادەك ئۇركەشلەپ تۇرىدىغان شەھەر ھاياتى باشلىنىپ كەتتى. مەجنۇن تاللىق كىچىك يوللار مىغ — مىغ ئادەملەر بىلەن تولغان بولسىمۇ، كىشىلەر رەتلىك ئىدى، ئۇلار گويا بىر — بىرىنى ھورمەت قىلىشىۋاتقاندەك، خوشال ۋە نازاكەت بىلەن بىرىشاتتى.

ئانا كەڭ ئېتەكلىك چاپىنىنىڭ ئىككى پېشىنى چىڭ تۇتىۋالغان ئىدى. ئۇ بايرام كۈنلىرى بايراقلار قادىلىپ زىننەتكە تولىدىغان چوڭ كوچىدىن ئوتۇپ، تاللىق مەھەللىلەر بىلەن ئارقا يولغا چىقتى. ئۇنىڭ بۇ يەرگە كەلمىگىنىگە 5 يىلدىن ئاشتى. چۈنكى ئۇ كۈن بويى ھويلىسىدىكى گۈللۈك يېنىدا ئولتۇرۇپ، چىمەنگە گۈل تىكەتتى. ئۇنىڭ ماڭىدىغان يولى دىيىلسە، ئەنە شۇ ئەگرى دەرۋازىدىن چىقىپ، رەستىلەرنى ئايلىنىپ، دوپپا بازىرىغا بېرىش، ئۇنىڭدىن كىيىن ئېشىنغان ئازغىنە پۇلىنى چىڭ سىقىملاپ يىمەكلىكلەر دۇككىنىغا ۋە سەي سېتىۋېلىش مەيدانىغا بېرىش ئىدى. شۇڭا ۋاقىتنىڭ ئوتۇشى بىلەن چەمبەر شەكىلدىكى بۇ يول گويا ئۇنىڭغا كىشىلەر تەرىپىدىن تەقسىم قىلىپ بېرىلگەندەك بولۇپ قالغان ئىدى.

ئۇ چاغدا بۇ يەر قىزىل توپۇلۇق كونا خارابە ئىدى. ھازىر يېڭى ئېلىنغان ئاسفالىت

يولنىڭ يىراق چېكىسى كۆلرەك تاغ باغرىغا تۇتۇشۇپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى، 7 قەۋەت ئالىملەر بىناسىنىڭ ئۈستۈنكى زالىدا ئەتىگەنلىك ئويۇن باشلانغان بولسا كېرەك. دولقۇنلۇق مۇزىكا ئاۋازى ئاڭلىناتتى. بىراق بۇ ئۆزگۈرۈشلەر ئانىنىڭ دىققىتىنى تارتالمايتتى. ئۇ راسلا سائەتچىلىك قىلىپ خۇدانىڭ رەھمىتى بىلەن پۇل - بايلىققا ئىگە بولۇۋاتامدۇ، ياكى كىشىلەر ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئادەمپۇشتى ئىكەنلىكىنى بىلىپ خەير - سەدىقىلەر بېرەمدۇ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن چىن گېپىنى ئېيتمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئانا ئالدىدا قول سېلىپ كېتىۋاتقان ئوغلىنى كۆزىتىپ يېنىك قەدەم بىلەن ئىلدام ماڭاتتى.

ئانا يۈزلىگەن كىشىلەرنىڭ ئۇچرۇشۇش مەيدانى-قىزىل ۋە كۆك چىراغلار ماشىنىلارغا يول كۆرسىتىپ تۇرىدىغان ئاۋات كوچا دوقمۇشىغا كەلدى. بۇندىن 8 يىل بۇرۇن ئۇ چاغدا ئەزىمەت تېخى باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگەتمىگەن ئىدى، ئىسسىق تاماقنى دوستىخان ئۈستىگە قويغاندىن كېيىن ئوغلىغا تۇگۈنگەن ئانا ئەزىمەتنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلگەن ئىدى. ئەزىمەت ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان بالىلارغا ئالما ئۈلەشتۈرۈۋاتاتتى.

— ئوغلۇم، بۇ ئالمىلارنى قەيەردىن ئالدىڭ؟ — سورىدى ئانا.

— ئىزامىدىن بەرگەن.

— نېمە ئۈچۈن بەردى؟

— مەن ئۇنىڭ كىچىك ئوغلىنى بېقىپ بەرمەمدىمەن ئەمەسمۇ؟

ئانا چۈچىگەندەك بولۇپ ئوغلىغا تىكىلىپ قالدى:

— ئوغلۇم، ئۇنىڭ كۆكرىكىنى كىرىپ ئىشىگىمىز ئالدىغا دەۋەيلەپ قەلەندەر دەپ تىللىغىنى ئېسىڭدىن چىقتىمۇ؟ مەن شۇ چاغدا سىنى كۆكسۈمگە بېسىپ بىر كېچە ئۇخلىمىغان ئىدىم.

— ئەمىسە ماڭا ئالما ئېلىش ئۈچۈن پۇل يەتكۈزۈپ بېرەلەمتىڭمۇ؟ ئۇ سىنى يامان كۆرگەن بىلەن مېنى يامان كۆرمەيدۇ.

— ئوغلۇم. تۇز ئوسكەن دەرەخ كۆككە چىقالايدۇ، مەن سېنىڭ ئاناڭغۇ، مۇشۇ ئىشلارنى ئاڭلىغىنىمدا قانچىلىك ئازاپلىنىدىغانلىقىمنى ئويلىدىڭمۇ؟ ماڭ ئۇنىڭ ئالمىسىنى قولىغا قايتۇرۇپ بەر. بۇ ئوز نەپسى ئۈچۈن نومۇسنى يوقاتقانلىق بولىدۇ.

— سەن بىلمەيسەن، ئوتكەن كۈن بالىلار مەھەللىدىن ئوتكەن كېسەل كىشىنىڭ ھاسىسىنى تارتىۋېلىپ 2 سومغا سېتىپ خەجلەشتى. مېنىڭ قىلغىنىم قانچىلىك. ئۇنىڭ رازىلىقى بىلەن پەقەت 4 ئالمىسىنىلا ئېلىپ يېدىم.

ئانا ئويىگە قايتىپ جايىنامازغا چوكۇپ، گودەك ئوغلىدىن قىلچە رەنجىمەيدىغانلىقى، خۇدانىڭ ئۇنىڭغا ئىنساپ ۋە بەخت بېرىشىنى تىلىدى. بىراق ئانا كېچىككەن ئىدى، ئەزىمەت كۆڭۈل شاتلىقى ئۈچۈن ھەممىنى ئۇنتۇپ، ھېچنېرسىنى كېرەك قىلمايدىغان تۇرمۇش يولىغا ئاللاقاچان كىرىپ قالغان ئىدى.

شۇنداق قىلىپ ئەزىمەت ئاخىرقى سىنىپتا 3 يىل ئوقۇپمۇ مەھەللىدىكى مەكتەپنى تۈگىتىش گۇۋاھنامىسىنى ئالالمىدى، ئانا ئۇنىڭغا ھالال تۇرمۇش يولىنى تېپىپ بېرىش ئۈچۈن، ياغاچچىلىق زاۋۇتىغا شاگىرت قىلىپ بىردۇدى، بالا ئۇنىمىدى، كۆرەمىڭ يول بىلەن لامپوچكا زاۋۇتىغا تۇتۇپ بەرگەندە، ئۇستىسىنىڭ بېشىغا تاش ئېتىپ قايتىپ كەلدى، مانا ئۇ 18 گە كىرىپ يۇمشاق لەۋلىرى ئۈستىدە بۇرۇت ئىزلىرى پەيدا بولدى.

— ئوغلۇم، تازىلىق ئىشچىسى بولغان ساۋاقدىشىڭنىڭ رەسىمىنى گېزىتكە بېسىپتۇ، — دېدى ئانا، — ئۆتكەن يىلى ئۇ شان — شەرەپكە ئىگە بولدى.

— بىلىمەن، — دېدى ئەزىمەت كۆز قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ، — ئۇ كۈن بويى ئەخلەتكە مىلىنىپ يۈرۈيدۇ. بۇنداق جىنىنىڭ كۆكىنى ساتقانلار ئەلۋەتتە شەرەپلىك بولىدۇ-دە.

— سەن ئۆتكەندە بىراۋنىڭ 20 سوم پۇلىغا سېتىلىپ، تاياق يىگۈچى ئۈچۈن يالغان گۇۋاچىلىق قىلدىڭ. تېخى 2 ھەپتە ئىلگىرىلا بىر توپ قىمارۋازلار ئۈچۈن دەرۋازا ساقلاپ بەردىڭ. سەن بۇ ئىشتىن خىجىل بولماسەن؟

— سەن ئۆركەشلەپ تۇرغان كوچىلارغا سەپ سالغىنچۇ، ئەيمەنگەندەك سولەتلىك ئادەملەرنىڭ نىمە قىلىۋاتقىنىنى كۆرسەن، كىشىلەر ئۆز نەپسى ئۈچۈن قېرىنداشنىڭ قارنىنى يېرىپ ئىلىشتىنمۇ يانمايدۇ. ئۆتكەندە بىرسى ئۆز دوستىنى كوۋرۇك تىگىگە سوراپ كىرىپ 30 يۈەن ئۈچۈن بوغۇپ ئۆلتۈرگىنىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ، تېخى تۈنۈگۈن بىر ياش يىگىت 70 ياشلىق تىلەمچىنىڭ 20 يۈەن پۇلىنى بۇلاپ كېتىپتۇ.

— سەن مۇشۇ يول بىلەن ئۆزەڭنى ئاقلاپ ياشىماقچىمۇ ؟

— ھاجەتسىز، ئۇنداق ئادەملەرنى ساناپمۇ تۈگەتەلمەيسەن.

ئوغۇل شەپكىسىنى چىڭ مىجىقلىغان ھالدا ئۆيدىن كېلىۋاتقان كىشىلەرگە سوقۇلۇپ ناھايىتى ئىلدام باراتتى. ئۇنىڭغا كىشىلەرنىڭ ئىسسىقتىن قېچىپ، تورلۇق ئاق دوپپا كىيىۋالغىنىمۇ، ئاياللارنىڭ ئىگىز سودا دۇككىنىدىن بالىلىرىنى يېتىلەپ چىقىشى، تىجارەتچىلەرنىڭ ئۆز مېلىنى ماختاپ ۋاقىرىشىمۇ قولاققا ياقماس كوي، ئەزىمەس نەرسە ئىدى، بىراق ئۇنىڭ كۆزلىرى شەھەرنىڭ بۇ كۆرۈنۈشىگە يەنە ئەنسىزلىك بىلەن تىكىلىپ باراتتى. ئۇ تۈنۈگۈن تاراخشىپ تۇرغان بىر سىقىم پۇلنى چىقىرىپ دوستلىرى ئالدىغا تاشلىدى. ئۇنىڭ دوستلىرى ھەپتىسىگە ئاران2دوپپا تىكىپ شۇنىڭ پايدىسىغا كۈن ئۆتكۈزىدىغان يىلدىڭ ئائىلە پەرزەنتىدە مۇنداق كۆپ پۇلنى كۆرۈپ كۆزلىرىنى تىكىپ ھەيران بولۇشتى. ئەزىمەت كۆكرىكىگە كىرىپ چوڭ پەشتاق ئاشخانىسىدىكى زىياپەتتە ئۆزىنىڭ بۈگۈن ساھىپخان ئىكەنلىكىنى، كىمكى ھاراقنى كۆپ ئىچسە2شە ئۆزۈم ھارىقى سوۋغا قىلىدىغانلىقىنى ئۇختۇردى. كۈن بويى رومكىلار سوقۇشۇپ، شىشىلەر جاراڭشىپ تۇردى. شىرىدىن مەس بولغانلار ئۆيىنى بېشىغا كوتۈرۈپ شۇنچە كۆپ پايدىغا ئىگە بولغىنىنى تەبرىكلەشتى. بۈگۈن ئۇلار يەنە بىر يەرگە جەم بولۇپ شىرىدىن كېچىلەر دىگەن ئويۇنى باشلىماقچى ئىدى.

ئوغۇل كۈمۈش بەلۋاغدەك شەھەرنى ئايرىپ تۇرغان ئاسپالت يولنى كېسىپ ئۆتتى. قاتار كەتكەن ھارۋۇلار، ئادەم توپلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ، سۇ فونتانى ئېتىلىپ تۇرىدىغان ياپ-يېشىل مەيدانغا كېلىپ توختىدى. مەيداننىڭ ئۇدۇل تەرىپى بوك-باراقسان باغچا بولۇپ، كۈن بويى كىشىلەر ئۈزۈلمەيتتى. ياشلار ساماۋەرخانە ئالدىدىكى كىچىك ئورۇندۇقلارغا ئولتۇرۇپ شاخمەت ئوينىشاتتى. پىۋە ئىچىشەتتى، مارجاندەك ئېتىلىپ تۇرغان سۇ فونتانىدىن پەيدا بولغان سالقىن ھاۋا كىشىگە راھەت بېغىشلايتتى. بۈگۈن كەڭ مەيدان پاك - پاكىز، دۇككانلار ئوچۇق بولسىمۇ، ئادەم كۆرۈنمەيتتى. پەقەت بىر نەچچە كىشى قولىغا گېزىتنى ئېلىپ، دۇنيانىڭ قەيرىدىدۇر سۇنئىي گوش ۋە يىمەكلىكلەر ئىشلىنىپ چىقىۋاتقىنىنى غۇلغۇلا قىلىۋاتاتتى. ئوغۇل گۈل-

لۇقلارنى ئايلىنىپ، ھەممە ياققا سەپ سېلىپ
قارىدىدە دوستلىرىنى تاپالمىغاندىن كېيىن
ئارقىسىغا ياندى.

ئانا ئوغلىغا ئەگىشىپ كوچىلارنى ئايلىنىپ
كوڭلى بولۇت باسقاندەك بۇزۇلۇشقا باشلىدى.
بۇندىن 12 يىل بۇرۇن، مۇقەددەس قۇربان
ھېيت كۈنى، ئويلەردىن مىزدىلىك كاۋاپ پۇ-
رىقى كېلەتتى. ئەزىمەت ئانىسى بەرگەن
ھېيتلىق پۇلنى ئېلىپ ئىشىككە قاراپ يۈگەر-
دى. بىراق ھويلىسىدىكى گۈللۈك يېنىدا ئول-
تۇرۇپ ناغرا ئەۋازىنى ئاڭلاۋاتقان ئانا ياغ
ئىچىۋالغاندەك كۆڭلى سىز لىك ئىچىدە قالدى. گو-
يا ئەزىمەت ئوزىنىڭ يېتىملىقىنى بوينىغا
ئېلىپ، تۇل ئانىسىنىڭ قولىغا قالغانلىقىنى
ئاشكارىلاپ، يۈزلىگەن خوشال بالىلار ئىچىدە
بويۇن قىسىپ تۇرغاندەك بىلىندى-دە، ئىتتىك
سىرتقا قاراپ ماڭدى. كوچىلار ئادەمگە تول-
غان، ئاق پاكچۇدىن كوينەك كىيىشكەن ئو-
غۇللار، ئالتۇن جىيەكلىك دوپپا كىيىشكەن
قىزلار غاز قانىتى بولۇپ سەيلە قىلىشماقتا
ئىدى. ئانا ئوغلىنى قىزىق ھېيت مەيدانى-
دىن تاپتى. ئەگەر ئانا ئوغلىنى ئوزى ئوي-
لىغان ھالىتىدە كورسە ئىدى. مۇڭلۇنۇپ يىغ-
لىغان بولاتتى. بىراق ئەزىمەت ئۇنداق ئە-
مەس، دوستلىرى بىلەن قولىدىكى بىر تال
گاز شارنى ئوينىغانچە كېتىۋاتاتتى. ئانا
ئوز ئەقىدىسىدىن قانائەتلەندى. ئۇ ئوغلىغا
ئەگىشىپ مىڭىۋەردى. ئۇ خۇشاللىق ئىچىدە
شەھەر مەركىزىگە بېرىپ قالغىنىنىمۇ سەزمە-
دى. بىراق ھازىرچۇ، ئالەمكېمەسى كەينى -
كەيدىن ئاسمانغا چىقىپ خوش - خەۋەرلەرنى
ئېلىپ كەلمەكتە. ئانا بولسا ئىشقىيۇن، ئۇ
ئوغلىنى خۇددى ئىشقىيۇندەك كۆزىتىپ ماڭ-
ماقتا. ئانا بۇلارنى ئويلىغىنىدا خۇرلۇق
ۋە ئەلەم نەپسىنى بوغۇۋاتقاندەك ئازاپلى-
ناتتى.

ھاۋا ئىسسىپ كەتكەچكە، ئاسفالىت يولدىن
ئاپتاپ تىۋى لاپىلداپ ئۇرۇشقا باشلىدى.
تاغ تەرەپتىن ئۇرۇۋاتقان سالقىن ھاۋامۇ توخ-
تاپ كەتتى. دەرەخ ياپراقلىرى ئۇيقۇغا چوك-
تى. ئانا ئەندى ئوزىنىڭ بىمەھەل سەپىرىد-
دىن ۋاز كەچتى. ئۇ قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى
تامچىيتتى. قوسىقى تارتىشىپ كەتكەچكە، پۇتلى-
رى ماغدۇرسىزلىقتىن تىترەيتتى، يەنە ئۇنىڭ
ئارتۇقچە مېڭىشقا مادارى قالمىغان ئىدى،
شۇڭا ئۇ ئۇستى يېپىقلىق كوچا ئاغزىغا كەل-
گەندە، ئوغلىنى خۇداغا تاپشۇرۇپ، ئارقىسىغا
يېنىپ ئەنە شۇ ئەگمە دەرۋازىلىق ھويلىسىغا
قايتماقچى بولىۋاتاتتى، يان تەرەپتىن چى-
قىپ كەلگەن قېرى ئايال ئەزىمەتنىڭ قولىغا
ئېسىلىۋالدى.

— مەن سېنىڭ نىمەڭ؟

باشلىرى ئاقىرىپ، يۈزلىرىنى قورۇق باس-
قان بولسىمۇ، ئەڭلىك سۇرتۇپ چىرايىنى قى-
زارتىۋالغان بۇ ئايال يىگىتكە تولۇق تونۇش-
لۇق ئىدى. بىراق شۇ ئاندا ئۇنىڭ ئوزىگە
خاس خوشخۇيلىقى تۈگىگەن، سۇرمىلىك كىر-
پىكلىرى ئوراپ تۇرغان كوزلىرىدىن غەزەپ
توك دولقۇنىدەك ئېتىلىپ تۇراتتى.

— سىز مېنىڭ يولدۇشۇم بولىسىز،- دېدى
ئەزىمەت ئارانلا.

— سېنى ھەر كۈنى تېنى يېرىمگىچە كۈتى-
مەن، نەلەردە يۈردۇڭ؟

— ئاپام، ئاپام ساقىسىز بوپقالدى.

ئانا ئالدىغا مەڭدەپ ئورىسىنى يېنىدىكى
سىتولىغا سوقۇۋالغىنىنىمۇ سەزمىدى. ئۇنىڭ
مېڭىسىدىن ئېتىپ چۇشكەن قورقۇنچى بەدىنى-
نى لەرزىگە سېلىپ، تاپىنىدىن سىزىپ چىقى-
ۋاتقاندەك بولدى. دەھشەتلىك كورنىشنىڭ
يەنە بىر قېتىم تەكرارلىنىشىنى كۈتكەندەك
كوكۇش كوزلىرىنى ئۇگىلىدى.

— ئەپكەل، سائەتنى بىردۆەت-دىدى سىمىز ئاپال ئەزىمەتنىڭ قولىنى سىلكىپ، ئالتۇندەك پالتىراپ تۇرغان سائەت بېغىنى قولىدىن چىقاردى، — 2 ئاي ئىچىدە سەن ئۈچۈن 500 يۈەن كەتتى. پۇلنى قايتۇر، بۈگۈندىن باشلاپ ئىككىمىز ئايرىلىپ كەتتۇق.

ئەزىمەتنىڭ چاڭقاپ كەتكەن قارامتۇل چىرايى بوز رەڭگە كىردى. ئۇ گەۋدىسىنى ئاستا-ئاستا قىسىپ، ئىستائەتچان كوزلىرىنى مولدۇرلىتىپ خوجايىنغا ئىنساپ تىلىگەن مالايدەك يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— ھەلىمە خېنىم، مەن سىزنىڭ ياشلىق ھاياتىڭىزنى قايتىدىن باشلاپ، قىران قىزلار قاتارىغا ئۆتىشىڭىزگە دۇئا قىلاي، مېنىڭ ئاتام يوق، تۇل ئانىنىڭ ئوغلى، ئۆيىمىزدە بۇنداق كوپ قەرزنى قايتۇرغىدەك ھېچنەرسىمىز يوق. خۇدا ئالدىدا قەسەم قىلىمەنكى، بۇندىن كېيىن سىزغان سىزدىقىڭىزدىن چىقمايمەن، سىز خۇددى ئۆز قورامىدىكى تاللاپ سۆيگەن گۆزەل قىزغا ئوخشايسىز.

— ساڭا مۇشۇ ئىسسىق كىيىملەرنى كىم بەردى؟ مەن مۇشۇ سائەتنى قولۇڭغا تاقاپ قويغاندا كوزۈڭگە ياش ئېلىپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قوللىرىمغا سويۈپ كەتكىنىڭنى ئېسىڭدىن چىقتىمۇ؟

ئۇنىڭ سىمىز لەۋلىرى ۋە سارغايغان چىشلىرى ئارىسىدىن گۈپۈلدەپ تاماكا پۇرىقى ئۇراتتى. ئانا شۇ چاغدىلا ئوغلىنىڭ پۇل ۋە بايلىق ئۈچۈن بۇ قېرى ئايالنىڭ ياللانما ئېرىگە ئايلىنىپ قالغىنىنى سەزدى. ئۇنىڭ نۇمۇسچان كوزلىرى ياشقا تولدى.

— ھەلىمە خېنىم، مەن خاتا قىلدىم. ئارىڭىزدىكى نازۇ-شىرىن مۇھەببەتنى زىيانغا ئۇچراتتىم. مەن سىزنى ياشىنىپ قالدى، دائىم بىرگە ئولتۇرۇشقا ۋاقتى يەتمەسمىكىن دەپتىمەن، مېنى كەچۈرۈڭ.

— مەن ئۇ گەپلەرگە ئىشەنمەيمەن، — ئاپال سىمىز گەۋدىسىنى بۇرىدى، — بىز دەسلەپ ئۇچرۇشۇپ ئۇستۇڭگە خىروم چاپان كەيگۈزۈپ قويغاندىمۇ شۇنداق دىگەن ئىدىڭ، ھەتتا " سىز مېنىڭ سۆيگۈنۈم، ھەم باشپاناھىم، بىز مەڭگۈ بىر جۇپ كەكلىكتەك ئۆتۈپ كېتىمىز » دىگەن ئىدىڭ. پۇلنى بەر، بولمىسا ئالدامچىكەن دەپ ئۇستۇڭدىن ئەرز قىلىمەن.

تاغ تەرەپتىن چىقىپ كەلگەن يولۇچىلار ئايروپىلارنىشەھەر ئۈستىنى ئايلىنىپ جەنۇپ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى.

رادىيو قايسى بىر دولەتنىڭ يېقىن يىللاردا ئايغا قاتناش باشلايدىغانلىغىنى ئاگلىتىۋاتاتتى. سېمىز ئاپال ئەزىمەتنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تارتماقتا ئىدى.

— ھېلىمە خېنىم، بىز ئىككىنچى قېتىم ئۇچراشقاندا تازا ئايدىڭ كېچە ئىدى، مەن سىزنى كوتىرىپ ئوگزىگە ئېلىپ چىقتىم. بىز ئاي يورىغىدا ئۇزۇنغىچە مۇڭداشتۇق. سىز شۇ چاغدا ئۇزەڭ چېچەن ئىكەنسەن، ھارارىتىڭمۇ ئۇستۇن ئىكەن، مەن خۇددى قىز تويۇمنى ئۆتكۈزگەندەك بولدۇم، دىگەن ئىدىڭىز، سىز ئەنە شۇ قىممەتلىك چاغلار ئۈچۈن كېچىكىنە بولسىمۇ ئورۇن قويمامسىز؟

ئاپال قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئوچىمەنلىك سىماپتەك ئېرىپ كەتكەن ئىدى.

— ئانداقتا قەسەم ئىچىشكە يارامسەن؟

— يارايمەن.

— بوپتۇ، سېنى ئىشىكىمگە يولاتماسلىققا ۋەدە قىلغان ئىدىم. بۇندىن كېيىن ئاپاڭنىڭ ئويىگە بارمايسەن، مەن ھەر كۈنى بىر قېتىم ھاراق ئىچىمەن. ھاراق ئىچكەندە داۋاملىق

AltunOq

يېنىمدا بولمىسەن.

ئوغۇل ھودۇقۇپ قالدى.

— ئۇ چاغدا كىشىلەر ئىككىمىزنىڭ ئەر-خوتۇن ئىكەنلىگىمىزنى بىلىپ قالسا قانداق قىلىمىز؟

— خاتىرجەم بول، — دېدى ئايال، — كىشىلەر سوراشتۇرسە يېقىۋالغان ئوغلۇم دەيمەن، سەنمۇ شۇنداق دېگىن. ياشىنىپ قالدىم. ئەگەر دۇنيادىن ئۆتسەم ھەممە دۇنيا — بايلىق، ئۆي — مۈلكىم سېنىڭ بولىدۇ.

......................................

ئانا ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ غۇبارسىز كۆزلىرىدىن ژىپسىز مارجاندەك تۆكۈلگەن ياش ئېتىگىنى ھول قىلىۋەتكەن ئىدى. ئۇ ئوغلىنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرەتتى. 18 يىل ئاغزىدا سۇ ۋە دان توشۇغان قۇش بولۇپ ئوغلىنى كۈتتى. بۇ جەرياندا يىگنە — ئويماققا سىنچىلاپ بارماقلىرى نەچچە تېشىلىپ، نەچچە ساقايدى. ئالمىدەك تولغان چېكىلىرىدە ئاق ئىزلار پەيدا بولدى. مانا ئەندىچۇ؟

ئۆي ئىچى كالتە پېشايۋانلىق ھويلا كىچىك خوجايىنىدىن ئايرىلىپ تىمغ جان جاپاكەش ئانىنىڭ قولىغا قالغانلىقىغا خىجىل بولىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. گۈللەر سولاشقان، ئانا گۈللۈك يېنىدا ئالتىنى بىلەن چېكىسىنى يۆلەپ جىمجىت ئولتۇراتتى. ئۇ قىزارغان كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ئالغان ئىدى. يىراق ھىلىقى يىرگىنىشلىك مەنزىرە سايىدەك پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىن زادىلا نېرى كەتمىدى.

«مېنىڭ چوڭ دادام تۇغۇلغان شەھەرنىڭ 4 تەرىپىدە كىچىك ياغاچ دەرۋازىلار بولۇپ، شەھەرنىڭ ئىچىدە سازلىق ھەم قومۇشلۇق بولغان ئىكەن. ئۇ چاغدا كىشىلەر بۆز ماتا كىيىپ، قارا چىراقلارنى ياقىدىكەن. قىزىم چو-گۈنلەر ئىشلىتىدىكەن. شەھەرنىڭ ئىككى تەرىپى 6 ئايلىق يول، كىشىلەر سەپەر قىلماقچى بولسا توگىلەرگە مىنىپ، ياغاچ ھارۋىلارغا ئولتۇرۇپ، دەشت باياۋانلارنى كېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىكەن. مانا ئەمدى بۇ كونا دۇنيا ئۆتۈپ كەتتى.

يىراق قارا چىراغ يېقىپ، قۇم چوگۈن ئىشلىتىپ، دۆلەتكىلىك ھارۋىلارنى سورەپ ئۆتكەن ئاتا-بوۋىلارنىڭ ئىنسانى دۇنيانىڭ پاك نومۇسى ۋە ئادەملەرگە بولغان مېھرىۋانلىغىنىڭ ۋاقتى ئۆتتىمۇ؟ راستىلا كىشىلەر ئۇ نەرسىلەرگە ئەقىدە قىلمايدىغان بولۇپ قالدىمۇ؟ راستىلا ئادەملەر بىر-بىرىنى ئالداپ ياشاش، بىر-بىرىنى يېسىپ چۇشۇش دەۋرىگە كىرىدىمۇ؟

ئۇ، ئەل جىمىپ، پۈتۈن شەھەر ئۇيقۇغا پاتقىچە ئەنە شۇنداق ئولتۇردى. كەچ شامىلى ئۇنىڭ چېھرىسىنى سويۇپ ئەۋرىشىمدەك ماڭلاي چاچلىرىنى ئىغىناتتى. يىراق يول ئۈستىدە قونۇپ قالغان توغاينىڭ ئۈزۈپ — ئۈزۈپ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ئانا لەۋلىرى قۇرۇپ، ئۈستىخىنىنىڭ زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقانلىغىنى سېزىپ تۆشەك ئۈستىدە ياتقان ئىدى. ئۇيقۇسى قاچتى. ئۇ يېنىغا ئۆرۈلۈپ، ئاسمانلىۋىدىكى ئۇششاق يۇلتۇزلارغا قاراپ ياتتى، 17 يىل بۇرۇن ئۆتكەن قايغۇلۇق ۋىدالىشىش ئاخشىمىنى ئېسىگە ئالدى.

— بىز توي قىلىشتىن بۇرۇن تەپچۈك تېپىپ ئوينايدىغان كىچىككىنە قىز ئىدىڭ، توي قىلىش بىلەنلا يالغۇز ئۆيىنىڭ پۈتۈن ئىشى ساڭا قالدى. — دېدى تۆشەككە يېتىپ ياتقان ھەسەن ئاكا ئاستا شىۋىرلاپ، — سېنىڭمۇ كۆڭلۈڭگە پۈككەن ئارزۇلىرىڭ بولغىتى. يىراق ئەندى ۋاقىت ئۆتتى. مەن ئۇ ئارزۇلاردىن چىقالمىدىم.

ئۆنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ پىشانىسىدىن ئۆزۈلمەي چىقىۋاتقان سوغ تەرنى ئېيتىۋاتقان ئانا سۆيۈملۈك يولدىشىنىڭ كوز نۇرى بارغانسېرى قىسقىراق بېرىۋاتقىنىنى كورۈپ ئوكسۈپ يىغلىۋەتتى. ھەسەن ئاكا پىلتىڭلاپ ئويناۋاتقان ئەزىمەتنى ئاجىز كوكسىگە ئولتۇرغۇزدى-دە:

— ئوغلۇم، ماڭا ياخشى قارىۋالغىن. سەن ئەندى مېنىڭدىن ئاپاڭغا يادىگار بولۇپ قالدىڭ. يارامىلىق ئادەم بولغىن، جاھان تەرەققى قىلماقتا، لېكىن سەن ھەر قانداق ۋاقىتتا ئۇلۇغ ئەژداتلار داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئىنسانىي خىسلەتنى تاشلىما، ئۆمۈمۈسلۇق دىيانەتلىك ئادەم بول. بۇ ئادەملەرنىڭ قىممىتى، — دېدى ۋە...

بالا قۇمۇچاقتەك كوزلىرىنى قىسىپ، تىلىنى چىقىرىپ كۇلدى. ھەسەن ئاكا ئەزىمەتنى باغرىغا چىڭ باستى-دە، ئانىسىغا ئۇزاتتى...

ئانا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۆنىڭ نەزىرىدە ھەسەن ئاكا ھايات بولۇپ قەۋرىستانلىق ئىچىدە ئۆنى كوتىرىپ تۇرغاندەك ئىدى. ئۇ ئەندى خوشاللىقتىمۇ، قايغۇدىمۇ تەقدىرداش بولغان، دەردى ئۆچۈن دىلكەش پاناھىنى تاپقان ئىدى. ئۇ بېشىغا ئاق رومىلىنى سېلىپ، چوڭ كوچىغا چىقتى-دە، بۇ يالقۇنلۇق ئادەم ئۆنىڭ كوز ئالدىدىن نېرى كەتمىدى.

كېچە ئۆن-تۈنسىز جىمجىت ئىدى. ھەيۋەتلىك سۇۋادان تېرەكلەر كۆن بويى چاۋاك چېلىپ، ئەندى ئۇيقۇغا كەتكەندەك، پۈتۈن شەھەر سۈكۈتكە پېتىپ، بۇ ئايالنىڭ قايغۇسىغا تەڭكەش بولۇۋاتقاندەك ئىدى. پەقەت تىلىۋىدىزۇر ئىستانسىسىنىڭ كوككە تاقاشقان ئىگىز مۇنارىسى بىر تال قىزىل مەرۋايىتتەك نۇرلىنىپ تۇراتتى. ئانا ئاسما چىراقلار شولا چېچىپ تۇرغان

يولنى بويلاپ، گويا ئوز يولدىشىنىڭ باغرىغا ئوزىنى ئېتىپ قان - قان يىغلايدىغان كىشىدەك ئىلدام باراتتى.

ئۇ چوڭ كوبرۈكتىن ئوتۇپ قەۋرىستانلىق تەرەپكە بۇرۇلدى-دە، تۆن پەردىسى ئىچىگە كىرىپ كەتتى ۋە تاڭ سۈزۈلىپ يىراقتىكى سەھرالار، غۇژمەك مەھەللىلەر غىلپال كورۈنۈشكە باشلىغاندا، قەۋرىستانلىققا يېتىپ كەلدى. لاي قىش بىلەن قوپۇرۇلغان ئەگمە دەرۋازىدىن كىرىپ، يۇمران ئاق توپىنى بېسىپ، قەۋرىلەر ئارىسىدىكى كىچىك يول بىلەن مېڭىپ كەتتى.

ئۆنىڭ ئەتراپىدا ئوزلۈكسىز ئوركەشلەپ تۇرىۋاتقان دەريا دولقۇنىدەك مىڭلىغان قەۋرىلەر تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سەبىي بالىلار، بەزىلىرى دەشنام-ھاقارەت، زۇلۇم ۋە ئازاپ ئىچىدە ئورتىنىپ نادامەت بىلەن كەتكەنلەر، بەزىلىرى ئىسسىق ئوي، ئوماق بالىلىرى ۋە سويۈملۈك يولدىشىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغانلار. رەھىمسىز تەبىئەت ئۇلارنى ئەنە شۇ توپراق قوينىغا ئالمىخچە ئارام تاپمىدى. ئۇ گويا نار توگە سانسىز چوجىلەرنى بېسىپ ياتقاندەك بېسىپ كەتتى.

قەۋرىلەر گويا ھەسرەتنى باغرىغا بېسىپ ياتقان مەڭگۈ مىدىرلىماس قورام تاشلاردەك كورۈنەتتى. ئانا قەۋرىستانلىقتا ناماييەندە بولۇپ قالغان دوپ - دوگىلەك رىدە دەرىخنىڭ ئالدىغا كەلدى. بىراق ئۆنىڭ ئالدىدا لاي بىلەن قوپۇرۇلغان، تومۇز ئاپتىۋىدا قاغشىراپ ئاقىرىپ كەتكەن موڭلۇق قەۋرە يوق، ئەتراپى رىشاتكا بىلەن ئورالغان چوڭ قەۋرە تۇراتتى. قەۋرىنىڭ ئالدى تەرىپىگە تىزىلغان گۈللەر باراقسان بولۇپ ئوسۈپتۇ. ئېھتىمال ئايەم كۆنى بۇ قەۋرە بېشىدا شەھەر ياشلىرى تونىگەن بولسا كېرەك. قازان ئېسىلغان چوڭ ئوچاقنىڭ ئىزى قالغان ئىدى.

ئانا تەئەججۇپكە تولدى. ئۇ شۇ بەھلەنگەندەك ئەتراپىغا قارىدى. قەۋرىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ئانىغا تونۇشلۇق بولغان سىدىلەر ۋە قېرى سۆگەت دەرىخى ئۆز پېتىچە تۇراتتى. ئۇ گەۋدىسىنى ئېگىپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، تاڭ شەپىقىدە چاقناپ تۇرغان قەۋرە سۆزلىرىگە كۆز تىكتى-دە، كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى. قولىنى كېرىپ باغرىنى ئېچىپ قەۋرە ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى:

— ھەسەنىم، قەيەردە سەن؟ مەن سېنىڭ مېھرىبان ئاناڭ. مەن ھازىر سەلتەنەتلىك قەۋرە ئالدىدا تۇرىمەن، بۇ راستىنلا سېنىڭ قەۋرەڭمۇ؟ سېنىڭ قەۋرەڭنى ياساپ قويغان كىم؟ قەۋرە ئالدىدىكى گۈللەرنى كىم تىرىپ قويدى؟ قەۋرەڭ بېشىدا ئايەم كېچىسى كىملەر تۈنەك ئۆتكەزدى؟

ئانىنىڭ ئەۋازى چەكسىز قەۋرىستانلىق ئىچىگە سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك، ناھايىتى ئاجىز ئاڭلىناتتى. لاي پەشتاق ئۈستىگە قونۇپ تۇرغان قۇش باغرى بىلەن قەۋرىنى كەڭلەپ يىغلاۋاتقان ئانىغا جىمجىت كۆز تىكىپ ئولتۇراتتى.

— ھەسەنىم، گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسەن؟ مەن سەن كۆرگەندەك ساغلام ھەم پاك. بىراق مەن خاتا ئويلاپتىمەن. ئىنسانلار ھاكىم بولغان بۈگۈنكى دۇنيادا، پاكلىقنى يالغانچىلىق، نومۇس ۋە دىيانەتنى نەپسانىيەتچىلىك بېسىپ كەتتىمىكىن دەپتىمەن. ئۇنداق ئەمەس ئىكەن، ئادىمىزاتنىڭ قان بەدىلىگە كەلگەن ئۇلۇغ ئىستەكلىرى، ئارزۇ-ئارمىنى، گۈزەل ئىچكى دۇنياسى، پاكلىقى ھەم مېھرىبانلىق ھېلىمۇ كىشىلەر قەلبىدە ساقلىنىۋېتىپتۇ. ئۇلار ساڭا ئوخشاش ئۇلۇغ ئادەملەرنى سېغىنىپتۇ. قارا، قەۋرەڭگە قويۇلغان سىرلىق خىشلار مەرمەردەك پاقىراپ تۇرىدۇ. قەۋرەڭنىڭ دۈمبىسى سوزۇلۇپ ياتقان لەھەڭگە ئوخشايدۇ. كىشىلەر تىز پۈكۈپ گۈللۈقلارغا سۇ قۇيغاندا، يۈرىگىڭ ياشارغاندەك بولغاندۇ، تاڭ سەھەر ئۆز قەۋرەڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ ئەنە شۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرسەڭ ئىدىڭ.

— ھەسەنىم، مەن سېنىڭ خاتىرجەم يېتىشىڭنى ئارزۇ قىلاتتىم. بىراق مېنىڭ دەردىم چېكىگە يەتتى. سېنىڭ قەۋرەڭنى ياساپ، گۈللۈقلارغا سۇ قۇيغان ئوغلۇڭ ئەمەس. ئۇ ھازىر قەيەردە؟ نېمىلەرنى قىلىۋاتىدۇ؟ بىلمەيمەن، ئۇ ئۆزىنىڭ نومۇسسىزلىقى بىلەن سەندىنمۇ، مەندىنمۇ كەچتى. ئادەملەر ئۇنىڭدىن يىركەنمەكتە. شەھىرىمىزنىڭ گۈزەل سەيلىگاھلىرىدا ئۇنىڭ ئورنى يوق، دىيانەتلىك ياشلار قاتارىدا ئۇنىڭ ئىسمى يوق. ئادەملەر شاتلىققا تولغان بۇ زاماندا ئۇ سېسىق ھەم قاقشىق گىيادەك ياشىماقتا.

— ھەسەنىم، سەن مېنىڭدىن رەنجىۋاتامسەن؟ رەنجىمىگىن، مەن سەن كۆرگەندەك ساغلام ھەم پاك. بىراق ئادەملەرنىڭ ھاياتى قىيانلىق دەرياغا ئوخشايدىكەن. ئۇنى قانداق باشقۇرۇش ۋە قانداق يولغا سېلىش كىشىنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدىكەن.

— ھەسەنىم، سەن ھايات چېغىڭدا ئىشىك ئالدىمىزغا قويغان ئۈزۈمە كۆچىتى چوڭىيىپ ھازىر ھويلىمىزغا سايە تاشلايدىغان بولدى. شەھەر چېتىدىكى سايلىق سەن ئارزۇ قىلغاندەك گۈزەل جايغا ئايلاندى. ئادەملەر قەدىردان بولۇپ توق تۇرمۇش ۋە گۈزەللىك ئىچىدە ياشىماقتا، سەن ئارزۇ بىلەن كەتتىڭ. سەن مۇشۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرسەڭ ئىدىڭ. مەن ئىشىنىمەنكى؛ زامانىنىڭ تەسىرى، ئۆلگەنلەرنىڭ روھى ۋە ئادەملەرنىڭ دۇئاسى ھايات ئىزىدىن چەتنىگەن يۈز-

لىگەن ياشلارنىڭ قەلبىنى قوياش مۇز چوڭقىسىنى ئىرىتقاندەك ئىرىتىپ تاشلا، سىنىڭ ئوغلۇڭمۇ ئاخىر ئۆز ۋىجدانى ئالدىدا جاۋاپكار بولار، پۇشايمان يە.

ئانىنىڭ قەۋرە ئۈستىگە يۈزىنى يىقىپ نۇرغۇن يىغلىغۇسى بار ئىدى. بىراق ئۇ چارچاپ كەتتى. كۆز ياشلىرى قۇرىدى. ئەۋازى بوغۇلدى. شۇڭا گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ، ياشلىرىنى سۈرتتى. ئورنىدىن تۇرۇپ قەۋرىنى ئايلاندى-دە، ئاق رومىلىنى ئىلىپ قەۋرە ئۈستىنى سۈرتتى ۋە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاخىرقى دۇئاسىنى قىلدى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتتى، ئانا ئۆز ھويلىسىدا يەككە-يىگانە يالغۇز ياشىماقتا ئىدى. ئۇ يەنە گۈللۈك يېنىغا ئولتۇرۇپ كۈن بويى چىمەنگە گۈل تىكەتتى. ئۇ، ئۆتكەن كۈن سەھەر گۈللۈكلارغا سۇ قۇيغىنىنى ھويلىسىغا چىقىپ ئىشىك ئالدىدىكى ئۈژمىلىك سەينانى كىمنىڭدۇ تازىلاپ سۇ قۇيۇپ قويغىنىنى كۆردى. بۇ ئىش توپ-توغرا بىر ھەپتە داۋام قىلدى. ئانا شۈبھىلىنەتتى. ئۇنىڭ ئىشىك ئالدىنى سۈپۈرۈپ قويىۋاتقان كىم؟ ئۇنى كىملەر ياد ئېتىپ سېغىنىپ كەلگەندۇ؟ ياكى ئۇنىڭ ئوغلى ئەزىمەت ئۆز ۋىجدانى ئالدىدا جاۋاپكار بولۇپ پۇشايمان ئىچىدە بۇ يەرگە قەدەم باستىمۇ؟ بۇ كۈن ئۇنىڭ ئويىگە كوك كىيىملىك خەت توشۇغۇچى يىتىملەر مەكتىۋىدىن كەلگەن بىر پارچە خەتنى تاپشۇردى. ئۇنىڭدا مۇنداق دىيىلگەن ئىدى. ” سۆيۈملۈك ئاپا، بىز سىزنى ئاپا دىيىشكە ھەقلىقمىز، چۈنكى سىز ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ھاياتىنى ئىنسانلارنىڭ بەختى ۋە ئامانلىغى ئۈچۈن قۇربان قىلغان كىشىنىڭ يولدىشىسىز. ھەسەن ئاكىنىڭ ۋاپات بولغىنىغا 18 يىل بولدى. بۇ جەرياندا يىتىملەر مەكتىۋىنىڭ بالىلىرى 4 قېتىم ئوقۇش تۈگەتتى. لېكىن ھەسەن ئاكىنىڭ ئۆز ھاياتى بەدىلىگە ئون نەچچە يىتىملار مەكتىۋىنىڭ بالىلىرىنى قۇتقۇزۇپ قالغان ئىنسانى پەزىلىتى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا مىراس بولۇپ كەلمەكتە. بىز ھەر ئايدا بىر قېتىم ھەسەن ئاكىنىڭ ئىنسانى پەزىلىتى ھەققىدە سوھبەت يىغىنلىرىنى ئاچىمىز. ئۇنىڭ كىچىك يىتىملارنى قانداق قۇتقۇزۇپ قالغانلىغىنى ئوقۇتقۇچىمىز سوزلەپ بېرىدۇ. بىز شۇ چاغدا دۇنيادا مۇشۇنداق ئۇلۇغ ئادەملەر بار ئىكەن ھەدەپ كوزلىرىمىزگە ياش ئالىمىز. قەلبىمىز ئۇرغۇيدۇ. بىز شۇنداق ھىساپلايمىزكى؛ ئادەم ئۇلۇغ، ئۇنىڭ ئۇلۇغلىغى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئىشلىگەنلىكىدە. توغرىلىقىدا. ئادىللىقىدا، دۇنيادا نۇرغۇن دولەتمەن ۋە ئابرويلۇق كىشىلەر ئوتىدۇ. ئۇلار ئايروپىلاندا ئۇچىدۇ. كۈن بويى ئايىغى يەرگە تەگمەيدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ مەخسىدى ئاددى ئىنسانلار ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش ئەمەس. بەلكى ھەر بىر قەدىمى قىلچىمۇ رەھىم قىلماسلىق، بىر تىيىن بولسىمۇ شىلىۋىلىش بىلەن تولغان، شۇڭا ئۇلار دۇنيادىن ئوتىشى بىلەن خۇددى كۈز شامىلى غازاڭلارنى ئۇچۇرۇپ كەتكەندەك ئادەملەر قەلبىدىن ئوچىدۇ.

سۆيۈملۈك ئاپا. ئىشكىڭىزنىڭ ئالدىنى كىملەرنىڭ سۈپۈرۈپ قويغىنىنى بىلەمسىز؟ ئۇلار بىز. بىز سىزنىڭ ئۆز ئوغلىڭىزدىن ئايرىلىپ يالغۇز تۇرمۇشتا قالغىنىڭىزنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن ئېچىندۇق، ئەگەر خالىسىڭىز، بىزنىڭ مەكتەپكە كېلىڭ. قايسىمىزنى خالىسىڭىز مەيلى، بىز سىزگە بالا بولىمىز .... «

ئانا خەتنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇيالمىدى. ئۇ خەتنى باغرىغا بېسىپ ئوكسۈپ يىغلىۋەتتى. شۇ ئاندا ئۇنىڭ بېشىدا يۈزلىگەن يىتىم بالىلار ” ئاپا - ئاپا « دەپ تۇرماقتا ئىدى.

# ھايات سەھىپىسىدىن تامچىلار

( نەسىرلەر )

مۇھەممەت سىدىق تومۇرى

## مۇئەللىمنىڭ ماكانى

كىچىك ۋاقتىمدا دادامنىڭ: «بەشكېرەم يەر شارىدىكى بىردىن-بىر مۇئەللىمنىڭ قەدىمى ماكانى ...» دېگىنىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە.

ئاپتوۋۇز تېرەكلىك يولدا ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. دەل-دەرەخلەر ئالدىمىزغا يۈگۈرەپ كېلىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ قويۇق شاخلىرى بېشىنى ئېگىپ تازىم قىلىۋاتقاندەك، يېشىل يوپۇرماقلىرى بىزنى قارشى ئېلىپ چاۋاك چېلىۋاتقاندەك سېزىلەتتى.

بەزىدە بوك باغلاردا مېۋە ئۈزۈۋاتقان قىز-يىگىتلەرنىڭ خوشال چىھرىسى كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئىشەك ھارۋا ۋە ئات ھارۋىلىرى بىلەن شەھەرگە مېۋە-چېۋە ئېلىپ ماڭغان كىشىلەر بىزنى يېقىملىق قاراشلىرى بىلەن قارشى ئېلىشاتتى. ئېرىق بويىدىكى قومۇلاقدا ئويناۋاتقان كىچىك بالىلار ئاپتوۋۇزدىكىلەرگە قول پۇلاڭلىتىپ چۇقۇرۇشاتتى.

ئاپتوۋۇز مەنزىلىگە يېتىپ كېلىپ توختىدى.

بىز ئىشىكتىن كىرىپلا ئوڭ-سولىمىز ۋە ئۈستىمىز بولۇق ساپاقلار بىلەن تولغان ئۈزۈم بېدىشى ئاستىدىن مېڭىپ باققا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتتۇق.

ئاۋال ساھىپخانىنىڭ تەكلىۋى بىلەن گىلەم ئۈستىگە كېلىپ، مېۋە-چېۋە يەپ، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇردۇق. بىردەمدىن كېيىن باغۋەننىڭ يول باشلىشى بىلەن باغنى ئايلاندۇق.

ئۈزۈملۈكتىن چىقىپ، ئانارلىققا كەلدۇق. ئانارلار ئوبدان ئوخشىغان بولۇپ، ھەم مول، ھەم يوغان ئىدى. ئانارلىقتىن ئۆتۈپ، شەرۋەتتى تېمىپ تۇرغان شاپتۇللۇققا، ئۇندىن كېيىن شاخ-شاخلاردا بەئەينى قىزىل ياقۇتتەك يالتىراپ تۇرغان ئەينۇلا ۋە قارا ئۆرۈكلۈككە كەلدۇق. ئىختىيارسىز ئاغزىمىزغا سېرىق سۇ كەلدى. ئەينۇلە ۋە قارا ئۆرۈكنىڭ ئاچچىق-چۈچۈك تەمى ئاشقازىنىمىزنىڭ پائالىيىتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، زېھنىمىزنى ئوتكۇرلەشتۈرمەكتە ئىدى.

ئۇ يەردىن ئۆتۈپ ئامۇتزارلىققا كەلدۇق. بۇ يەردە قاتار كەتكەن نەشپۈتۋە قوتۇر ئامۇتلار راسا ئوخشىغان بولۇپ، مېۋىلەرنىڭ سالمىقىدىن شاخلار يەرگە تېگەي-تېگەي دەپ قالغان ئىدى. ئامۇتنى ھەر قېتىم چىشلىگەندە، ئۇنىڭ ھەسەلدەك تەمىدىن ۋۇجۇدىمىز ياپىراپ كەتتى. ئامۇتلۇقتىن ئۆتۈپ، تارتىنچاق قىزنىڭ مەڭزىدەك قىزىرىپ پىشقان ئالمىلىققا قەدەم قويدۇق.

ئالاھىزەل ئۈچ سائەتتىن كېيىن بىز بۇ كۆكاگىنىڭ 100 مودىن ئارتۇق كېلىك بېغىدىن چىقىپ، باشقا خوشنا باغلارنى كۆرۈشكە ماڭدۇق.

مېنىڭ قىزىقتۇرۇشىمنى قوزغاۋاتقىنى پىستە بېغىدىكى ئەمىيا تىللىنىش ئەھۋالىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈش ئىدى. ئەسلى بۇ يەردە ئازاتلىقتىن بۇرۇنقى پىستىدىن ئىككى تۈپ ساقلانغان بولۇپ، ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» نىڭ قالايمىقانچىلىقلىرىدا بۇ ئىككى تۈپ پىستىنىڭ شاخلىرى قۇرۇپ نابۇت بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن ئىدى ... مانا ئەمدى ئىشچانلارنىڭ مېھنىتى بىلەن ياشنىغان چىرايلىق پىستىزارلىقىمىزنى ئىچ-ئىچىمىزدىن خوشال قىلاتتى.

بىزگە تونۇشتۇرۇپ: " يېقىنقى يىللاردىن بېرى پىستە كۆچەتلىرى بىر قانچە باققا كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ناھايىتى ياخشى ئۆسمەكتە » – دېدى باغۋەن ئاكا.

شەمشاتتەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان پىستە ئورمانلىقى ماڭا خەلقىمىزنىڭ مىڭ – مىڭ يىللىق تارىخى سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەسلىتىۋاتقاندەك، مەيىن شامالدا لەرزان ئىغاڭلاپ، يوپۇرماقلىرى شوخ شىتىرلاپ، قەلبىمگە ئاجايىپ لېرىك ھىسلارنى تولدۇرماقتا ئىدى. مەن پىستە دەرىخىنىڭ ياپراقلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ: " ئىھ ! ... پىستە ! مانا مەن سېنىڭ ئەتىۋا ياپراقلىرىڭنى سۆيىدۇم. ئاھ ! ... يۈرۈگۈم قانىدى بۇ قېتىم شۇنچە ... گويا مېھرىبان ئانامنىڭ ئوپۇشىدەك ئىللىق بىر نەپەسنى سەندىن ئالدىم ... ئىخ ! پىستە، چۈنكى سەن، ئانا تۇپراقتىن قۇۋۋەت ئېلىپ ۋايىغا يەتمەكتىسەن. سېنىڭ ھەر بىر شاخ، ھەر بىر ياپراق، ھەر تال مېۋىلىرىڭدە ئانا تۇپراقنىڭ شىپالىق مەلھىمى يۇغۇرۇلۇپ مۇجەسسەم بولغاندۇر. شۇڭا مەن سېنى سۆيىمەن! چىن قەلبىمدىن ياخشى كۆرىمەن، مەدھىيىلەيمەن ! ... » – دېدىم ئاستا پىچىرلاپ.

پىستە بېغىدىن تەسلىكتە ئايرىلىپ، مەھەللىدىكى باداملىق ۋە ئەنجۈرلۈك باغلارنىمۇ ئايلاندۇق.

ئاغىنەم ماڭا خۇشپۇراق بىيە ھەممىدە ئاللىقاچان پىشىپ ئاخىرلاشقان شاتۇت، گىلاس، جامەلە، ئالۇرات، توغاچلار ھەققىدە قىزىقارلىق رىۋايەتلەرنى سۆزلەپ بەردى.

مېنى چەكسىز خوشال قىلغىنى شۇكى، بۇ يەردىكى ئەزىمەتلەرنىڭ جىمىسى ھەم باغۋەن ھەم دېخان بولۇپ، ئۇلار قولى ئەپچىل، ئەقىللىق، ئىشچانلاردىندۇر. ئۇلار باغۋەنچىلىكنىڭ ھەممە سىرىنى بىلىدۇ، شۇنىڭدەك دېخانچىلىقتىنمۇ بارلىق قانۇنىيەتلىرىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ.

بەشكېرەمگە زىيارەتكە كەلگەن چەتئەللىكلەر بەشكېرەم ئۆرۈكلىرىنىڭ 20 خىلغا يېقىن سورتلىرىدىن ئەۋرىشكە تاللاپ كۆچەت ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى ھەممىدە باشقا مېۋە تۈرلىرىدىنمۇ كۆپلەپ سورت ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلغان.

ھەر قانداق چەت دۆلەت ئادىمى بەشكېرەمگە كەلسە، ھەر خىل مېۋىلەردىن سورت ئېلىپ كېتىشنى كۆڭلىگە پۈكىدۇ. بۇ جەننەتتەك يۇرتتىكى خىلمۇ – خىل شېرىن مېۋىلەرنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ ھەۋىسى كېلىدۇ ھەم ئۆز مەملىكىتىدە مۇشۇنداق مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈشنى ھەم يېيىشنى ئارزۇ قىلىدۇ ... بەشكېرەم باغۋەنچىلىكتە ھەقىقەتەن ۋىلايىتىمىز، ئاپتونوم رايونىمىز ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىپتىخارى ھەم پەخرىدۇر.

بەشكېرەم باغلىرىنىڭ ئاجايىپ مەنزىرىسىنى ئوبدانراق سۈرەتلەپ چىقىش ئۈچۈن ھەر قانداق ئادەم بۇ يەردە بىر نەچچە كۈن ئەمەس، ھېچ بولمىغاندا بىر يازنى ئۆتكۈزۈشى كېرەك.

بەشكېرەم باغلىرىنىڭ ۋە مېۋە تۈرلىرىنىڭ نۇرغۇنلىقىغا قاراپ شۇنداق ئېيتقىم كېلىدۇكى، بەشكېرەم ھەقىقەتەنمۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق مېۋىلەرنىڭ كانىدۇر، شۇنداقلا مېۋە - چېۋىنىڭ ئون مىڭ يىللىق قەدىمى ماكانىدۇر.

بۈگۈنكى كۈندە بەشكېرەم ئىشچان خەلقىمىزنىڭ ھالال تەرلىرى بىلەن كۈندىن - كۈنگە گۈللەپ، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ ھەقىقى جەننىتىگە ئايلانماقتا!

پايانسىز باغلار كۆزۈمگە شۇنداق چىرايلىق كۆرۈنمەكتىكى، مەن ئىختىيارسىز ھالدا: "بەشكېرەم ۋەتىنىمىزنىڭ شان - شوھرىتى. بۇ مول مېۋىلەر خەلقىمىزنىلا ئەمەس، ھەتتا دۇنيا ئاھالىسىنى تەمىنلەشكىمۇ يەتىسە كېرەك" دېگەن پىكىرنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم…

دوستۇم ئەگەر جەننەتتەك بەشكېرەم باغلىرىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈشنى ئارزۇ قىلسىڭىز بۇ مېۋىلەرنىڭ گۈزەل ماكانىغا قەدەم تەشرىپ قىلغايسىز.

## ئانا - مەكتىۋىم

ئەي، سۆيۈملۈك ئانا مەكتىۋىم! مەن سېنى چىن دىلىمدىن سۆيىمەن. مەكتىۋىم! كىچىككىنە گۆدەك چېغىمدا سېنىڭ خاسىيەتلىك بوسۇغاڭدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، مۇقەددەس ئىلىم - مەرىپەت قۇچىقىڭغا تۇنجى قېتىم قەدەم قويغانلىقىمنى مەڭگۈ ئەسلەيمەن.

مەكتىۋىم! سېنى سۆيمىگەن كىم بار، سېنىڭ بىلىم ئىشقىڭدا كۆيمىگەن كىم بار؟ داھى، ئالىم، يازغۇچى، شائىر، گېئولوگ، ئىنژېنېر، ئاستىرونوم ھەممىسى سەندە ئوقىدى، سەندىن تەلىم ئالدى، دۇنيانى چۈشەندى، مىڭ - مىڭ يىللىق ئۇزۇن تارىخىنى تەتقىق قىلىپ، بۈگۈنگە تەدبىقلىدى، گۈزەل كەلگۈسىگە نەزەر سالدى…

ئىھ! مەكتىۋىم! سېنىڭ بىلىم مەنبەئىڭنىڭ مول سۈيى مەڭگۈ ئېقىپ تۈگىمەس شوخ بولاقتا، مېھرى - مۇھەببىتىڭنىڭ چەكسىزلىكى بىپايان دېڭىزغا ئوخشايدۇ. چۈنكى سەن كۆپ ئەسىرلەردىن بۇيان ياش ئەۋلادلارغا ئىللىق قوينۇڭنى ئېچىپ كەلدىڭ. ئۇلارنىڭ پاك، سەممى، سەبى ۋە بىلىمگە تەشنا قەلبىگە ئىلىم - پەن ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ كەلدىڭ.

كىشىلىك دۇنياسىدا ئۆزگەرمەس شۇنداق مۇقەددەس ئەنئەنىكى، ئۆسمۈرلەر سېنىڭ ئالەمشۇمۇل ھاياتبەخش بىلىم شەرۋەتلىرىڭنى مىڭ ئەسىرلەپ ئىچتى، ھازىرمۇ تويماي ئىچىۋاتىدۇ، كەلگۈسىدە يەنە ئىچىدۇ، كۆڭۈل ۋادىسىنى ۋە ئېقىل ئېتىزىنى سېنىڭ تۈگىمەس بىلىم قامۇسلىرىڭ بىلەن قاندۇرىدۇ…

مەكتىۋىم! سەن ئاڭلىقلىق بىلەن نادانلىقنى، ئىلىم - مەرىپەت بىلەن بىلىمسىزلىكنى، تەرەققىلىك بىلەن گۇمراھلىقنى، ئىلىم ئوقۇماق بىلەن كۆزى ئوچۇق قارىغۇلۇقنى، گۈللەنگەن زامانىۋى پەن - تېخنىكا بىلەن قالاقلىقنى، كەشپىيات - ئىختىرا بىلەن جاپا - مۇشەققەتنى بىتچىت قىلغۇچىدۇرسەن!

مەكتىۋىم! سەن ئۇلۇغ سەن، قۇدرەتلىك سەن، سۆيۈملۈك سەن، قەدىرلىكسەن! يەر ئاستىدىن

مول بايلىقلارنى قېزىش، ئالەم كېمىسى بىلەن پىلانېتلار ئارا ئۇچۇش، شۇنىڭدەك ۋەتەنىدە ھەم دۇنيادا كۆڭۈلدىكى يېڭى ئىجات، يېڭى يۈكسىلىش مۆجىزىلىرىنى بەرپا قىلىش ئىنسان بالىسىنىڭ سەندىن ئىچكەن ئىلىم ـ مەرىپەت شەرۋەتلىرىڭنىڭ خىسلىتىدىن، سەندىن ئالغان تالانت ۋە قىزغىنلىقلىرىدىن، سەن يېتىلدۈرگەن ئالىي قابىلىيەت ـ ئىقتىدارىدىن، خۇددى داھىي لېنىن ئېيتقاندەك: «ئۆگىنىش، ئۆگىنىش، يەنە ئۆگىنىش» تىن ھەمدە جاسارەت تۇلپارىنى قەيسەرلىك بىلەن چاپتۇرۇپ، قىيىنچىلىق داۋانلىرىنى يەنچىپ ئۆتكەنلىكتىن ۋۇجۇتقا كەلمەكتە!

يىراق، مەكتىۋىم ··· كوپ ئەسىرلەردىن بۇيان سەن نۇرغۇن بوران ـ چاپقۇنلۇق، چاڭ ـ توزاڭلىق مۇدھىش كۈنلەرنى، ئەگرى ـ توقاي سەپەر مەنزىللىرىنى باتۇرلارچە بېسىپ ئۆتتۈڭ. ئۇزۇن تارىختىن بىرى بىۋاقىت چىققان تەتۈر قۇيۇنلار دەستىدىن مەرىپەت بېغىڭدىكى ياش نوتىلىرىڭ سۇندى، چەيلەندى، جاھالەت كويىقاپلىرى نۇرغۇن قىممەت كۆرمىگىلىغان ئىجتىھاتلىق ئىگىلىرىڭنى يالماپ كەتتى. ئېلىشتىڭ، چېلىشتىڭ، باتۇرلارچە كوكرەك كەردىڭ، لاچىن بولۇپ كوكتە ئۇچتۇڭ.

ھەقىقەتەن بۈگۈن قوياشلىق ئۇلۇغ ۋەتىنىمدە سىمۇرۇغ كەبى قانات قاقتىڭ! قاقاھلاپ كۈلدۈڭ، مۇرات ـ مەقسىدىڭگە، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىڭغا يەتتىڭ ۋە يەتمەكتىسەن، چوقۇم يېتىسەن !

ئەي، سويۈملۈك ئانا مەكتىۋىم ! سېنى مەڭگۈ سۆيىمەن ۋە قەدىرلەيمەن. ئىلىم ـ مەرىپەت بولىقى قايىنىغان گۈلشىنىڭنى، بەخت نۇرى چاقنىغان گۈزەل چېھرەڭنى كۈيلەيمەن، يەنىمۇ ئالغا باس، يۈكسەل مەكتىۋىم.

# ياشلىق دەۋر

ياشلىق دەۋر دولقۇنلۇق دەرياغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدا ئۈمىت، ئىشەنچ، يۈكسىلىش، ئارزۇ ـ غايە ۋە كۈچ ـ قۇدرەت تولۇپ تاشقاندۇر. دوستۇم! سىز غەيرەت ـ جاسارىتىڭىزنى ياخشى ئۇرغۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەڭ، ئەنە شۇ چاغدىلا ئارزۇ ـ غايىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرالايسىز. ھورۇنلۇق ۋە بوشاڭلىق قىلسىڭىز سىزدىكى ئۈمىت ۋە ئىشەنچ ئاقار يۇلتۇزدەك بىۋاقىت يوقۇلىدۇ.

ياشلىق دەۋر گويا كوكلەمدە چېچەك ئاچقان مېۋىلىك دەرەخكە ئوخشايدۇ. دوستۇم ! ھەر چېچەكتىن شېرىن مېۋە پۇشۇرۇپ، ئەلنى بەھرىمەن قىلىشىمۇ ئۆز شىجائىتىڭىز بىلەن، خەلقىڭىزگە ھېچ قانداق مېۋە ـ توھپە ئىنئام قىلالماسلىقىڭىزمۇ ئۆز ئىختىيارىڭىز بىلەن بولىدۇ.

ياشلىق دەۋر خۇددى پەسىللەر ئەركىسى گۈزەل باھاردا شاقىراپ ئاققان قىيانغا ئوخشايدۇ، دوستۇم! باھار سۇلىرى بىنام يەر ۋە چول ـ باياۋاننى سۇغا قاندۇرۇپ كوكلەمىدانغا ئايلاندۇرغاندەك ئومۇرنىڭ گۈلتاجىسى ۋە مۇستەھكەم ھۇلى بولغان ياشلىق دەۋردە ئۆگىنىش، يۈكسىلىش، پەن ـ تەتقىقات، ھۈنەر ـ سەنئەتتە ئەگەر سىز ئۇتۇق قازىنىپ، ئاساس يارىتالىسىڭىز، ئومە-

رىڭىزنىڭ ئاخىرىغىچە ۋەتەن ھەم خەلقىڭىز ئۈچۈن ئاجايىپ پۈتمەس ـ تۈگىمەس تۆھپىلەر تەق ـ
دىم قىلىپ ، ھايات سەھىپىڭىزنى ىنبىاھا چىمەنزارلىقتا ئايلاندۇرالايسىز، خەلقىمىزمۇ سىزنى ئە ـ
بىدىل ـ ئەبەپ ئۇنۇتمايدۇ، لېكىن " ئۈژمە پىش، ئاغزىمغا چۈش " دەپ تەييارتاپ بولۇپ يۈ ـ
رىيدىغانلارنىڭ ياشلىق ۋە ئۆمرىنىڭ قىلچە قىممىتى بولمايدۇ.

ياشلىق دەۋر بەجايىكى كوككە باش تىرەپ تۇرغان ھەيۋەتلىك ئىگىز تاققا ئوخشايدۇ، دوس ـ
تۇم! سىزنىڭ ئۇنىڭدىكى كومۇر ۋە باشقا مەدەنلەرنى قېزىپ ، خەلقىمىزگە تەقدىم قىلالىشىڭىزمۇ
ئوز ئەجرىڭىز بىلەن، تەقدىم قىلالماسلىقىڭىزمۇ ئوز خۇي ـ پەيلىڭىز بىلەن بولىدۇ.

دوستۇم! ياشلىق دەۋر ئەنە شۇنداق خاسىيەتلىككى، ئۆگەنگەنلىرىڭىز ، تەتقىقات ـ ئىختى ـ
رالىرىڭىز ۋە يازغان كىتاپلىرىڭىز ئوز ئېلىڭىز ئۈچۈن شان ـ شوھرەت، توككەن ھالال تەرلىرى ـ
ڭىز دۈشمەنگە ماتەم، دوستلىرىڭىزغا شاتلىق ۋە كۈچ ـ قۇۋەت بېغىشلايدۇ،

شۇڭلاشقا ئېيتىمەنكى، ياشلىق دەۋر ئومۇرنىڭ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ يارقىن، ئەڭ يېقىملىق، ئەڭ جۇشقۇن،
ئەڭ قابىل ـ ئىقتىدارلىق، ئەڭ پاساھەتلىك، ئەڭ جىلۋىدار ئالتۇن دەۋرىدۇر.

ياشلىق دەۋرنى بىھۇدە ئوتكۇزۇۋېتىپ، كېيىن قېرىغان چاغدا ھەسرەت چەكسىڭىز، ئوتكەن
ۋاقىت ھەرگىز قايتا قولغا كەلمەيدۇ. بەلكى " كېيىنكى پۇشايمان، ئوزەڭگە دۈشمەن " دىگەندەكلا
ئىش بولىدۇ، خالاس.

ياشلىقنى قانداق ئۆتۈم ـ نەتىجە ۋە ئۇتۇق ـ زەپەرلەر بىلەن ئوتكۇزۇش ھەر كىشىنىڭ
ئوز ئىلكىدە! ھورمەتلىك دوستۇم! ئېيتىڭا، سىز گۈزەل ياشلىقىڭىزنى قانداق ئوتكۇزمەكچى؟

# ۋاقىت

دوستۇم، تۇغۇلغانلىقىڭىزغا قانچە يىل بولغان بولسا، سىزنىڭمۇ شۇنچە يېڭى يىلنى بېشىڭىز ـ
دىن ئوتكۇزگەنلىكىڭىزگە قىل سىغمايدۇ. چۈنكى بۇ تەبىئەتنىڭ قانۇنى.

مانا، ئوزەمنى ئالسام 40 ياشقا كىردىم، شۇڭلاشقا بۇ يىل ئومرۇمدىكى 41 نچى يېڭى يىلنى
قارشى ئالماقتىمەن. دوستۇم، سىز مېنىڭ قىرىق يىلىمنىڭ ھەممىسىنى ئوخشاش بىر قېلىپتا ئوت ـ
تى دەپ ئېيتالامسىز؟ياق، قىرىق يىلىمنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر قېلىپتا ئوتكىنى يوق. چۈنكى
تەبىئەت ۋە جەمىيەتنىڭ قانداق يوسۇندا ئوتۇشىنى بەلگىلەپ فورمۇلا تۈزۈپ بېرىش كۆلكىلىك
ئىش بولسا كېرەك.

قىرىق يىل ئەمەس، بىر يىلدىن سوز ئاچىدىغان بولساق،شۇ بىر يىلدا تالاي ئىشلارنىڭبو ـ
لۇپ ئوتكەنلىكىگە بەزىدە ئىشەنمەيمۇ قالىمىز. لېكىن ئەمىلىيەتنى كۆزۈتۈپ قارايدىغان بولسى ـ
ڭىز ئىشەنمەي ئىلاجىڭىز يوق. ئەمدى بىر يىل تۇرماق، بىر كۈندىن گەپ ئاچايلى، بىر كۈندە

تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتە قانداق كۆپ ئىشلارنىڭ بولۇپ ئۆتىدىغانلىقىنى پەرەز قىلالامسىز؟ بىر كۈندە تالاي ئىشلارنىڭ بولۇپ ئۆتىدىغانلىقىنى چۈشىنىش تەس بولمىسا كېرەك.

ئەمدى بىر كۈن تۇرماق بىر سېكۇنتتىكى ئىشلاردىن سۆز ئاچايلى. بىر سېكۇنت كىشى ھاياتىدا ئىنتايىن قىسقا ھېساپلىنىدۇ، لېكىن بەزىدە شۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كۆپلىگەن ھەل قىلغۇچ ئىشلارنىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ ۋاقىت توشۇپ ئانا تەۋەللۇت قىلغاندا بالا يەرگە چۈشكىچە چاقماقتەك تېز ئۆتكەن سېكۇنت-دەقىقىلەر بىلەن ئانا بالىنىڭ ھايات تەقدىرىگە باغلىق بولغان مۇھىم پۇرسەت ئىكەنلىكىنى ھەممە چۈشىنىدۇ.

يەنە ئېيتايلى، يەرنىڭ سېكۇنت ئىچىدە قاتتىق سىلكىنىپ يېرىلىشى بىلەن شەھەرلەر ۋەيران، كۆرمىڭلىغان ھاياتلىق گۇمران بولۇدۇ. گەرچە يەر تەۋرەش ئىنتايىن قىسقا ۋاقىتتا بولۇپ ئۆتكەن بولسىمۇ، بىراق، ئۇنىڭ تۈپەيلى پەيدا بولغان ۋەيرانچىلىقنى ئوڭشاش ناھايىتى قىيىنغا چۈشىدۇ. بەزىدە شىددەتلىك ئۇرۇش پەيتلىرىدە بولسا، تاغدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان سېپىل-ئىستىھكاملار قۇدرەتلىك پارتلاتقۇچلارنىڭ دەھشەتلىك زەربىسى بىلەن سېكۇنت ئىچىدە كۇم-تالغان بولۇپ، كىمنىڭ يېڭىش-يېڭىلىشىنى بەلگىلەيدۇ...

خەلقارا توپ مۇسابىقىلىرىدا ئىككى دۆلەت ئىسپورتچىلىرى تەڭلىشىپ قالغاندا، ئەڭ ئاخىرقى سېكۇنتتا چۈشكەن توپ بىلەن ھەل قىلغۇچ غەلىبە قولغا كېلىدۇ. دېمەك سېكۇنت ۋاقىتقىمۇ ئەسلا سەل قاراشقا بولمايدۇ. شۇنداق، سېكۇنتلاردىن سوتكا، سوتكىلار توپلىشىپ يىل ھەممە ئەسىرلەر بەرپا بولىدۇ....

دوستۇم ۋاقىت ئەنە شۇنداق خىلمۇ-خىل خاتىرىلەرنى قالدۇرۇپ چاپسان ئۆتىۋېرىدۇ. ئادەم قېرىپ، ھامان بىر كۈنى ئۆلىدۇ. سىزنىڭ ياشىغانلىقىڭىزغا گۇۋالىق بېرەلىگىدەك، ھېچ بولمىغاندا ياخشىراق بىرەر پاكىتنى ئەۋلادلىرىڭىزغا قالدۇرۇشىڭىز كېرەك. گەپ سىزنىڭ ئاز ياشىغان ياكى كۆپ ياشىغانلىقىڭىزدا ئەمەس، بەلكى، ياراتقان ئىختىرا-تۆھپىڭىز ۋە نەتىجىڭىزگە باغلىقتۇر، چۈنكى ئادەمنىڭ مىڭ يىل ياشىيالىشى مۇمكىن ئەمەس، ھەر قانچە كۆپ ياشىسا يۈز يىل ئۆمۈر كۆرۈشى مۇمكىن.

دوستۇم! سىز ۋاقىتنى ياشاشقا ئالدىراڭ، خەلقىڭىزگە، ۋەتىنىڭىزگە ئۆز ئىشلىرىڭىزدىن ياخشى ئۇتۇق، ياخشى نام-شۆھرەت، ياخشى نەتىجە-سەمەرىلەرنى قالدۇرۇپ كېتىشنى ئويلاڭ.

ۋاقىت چەكسىز قىممەتلىكتۇر. ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇش ئۆمۈرنى ئۇزارتىش دېمەكتۇر. ۋاقىت دېمەك-غەلىبە دېمەكتۇر. ۋاقىت ھەقىقەتەنمۇ ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىكتۇر، ۋاقىتنىڭ قەدرىگە يەتكەن، ھاياتنى مەنالىق ياشاپ ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ نامى خۇددى دۇنيا تارىخىدىكى مىڭلىغان مەشھۇر ئالىم ۋە يازغۇچىلارنىڭ مۇقەددەس نامىغا ئوخشاش تارىخنىڭ شانلىق سەھىپىسىدىن مەڭگۈ ئۆچمەس ئورۇن ئالىدۇ.




سارىخان ئاچىنىڭ ئۆيى كەنتنى يانداپ
ئۆتكەن چوڭ يولنىڭ بويىدا ئىدى. بۈگۈن
كۈندىكىدىن سەھەررەك ئورنىدىن تۇرغان
ئانا هويلا، ئىشىك ئالدىلىرىنى چىنىدەك پا-
كىزە سۈپۈرۈپ، يەرگە خۇددى ماھىر نەققاش
گۈل چەككەندەك سۇ سەپتى. ئاندىن كېيىن
ئۈستىۋاشلىرىدىكى چاڭ - توزاڭنى قېقىۋېتىپ،
قول، يۈز ۋە پۇتلىرىنى پاكىزە يۇيۇپ، تاھا-
رەت ئېلىپ بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. ناماز-
دىن كېيىن ئۆرۈمچىگە ماڭغانلىرىغا بىر ئاي
بولۇپ قالغان، لېكىن خەت - خەۋىرى كەل-
مىگەن بالىلىرىغا خاتىرجەملىك تىلەپ يىغ-
لاپ، ئۇزاق دۇئا قىلدى.

— سارىخان ئاچا خوشخەۋەر! ئانىنىڭ ۋۇ-
جۇدى ياپراقتەك تىترەپ، يۈرىكى خوشخەۋەر-
نى ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇپ، گورسىلدەپ سوق-
ماقتا ئىدى. ئۇزاق ئوتمەي هويلىغا بويىغا
يەتكەن، قارا قۇمچاق بىر قىز كىرىپ كەلدى.

— سارىخان ئاچا، ئەنۋەرجان ئاكامlardin
خەت كەپتۇ! - دېدى ئۇ قولىدىكى كونۋېرت-
نى ئۇزۇتۇۋېتىپ، - تۈنۈگۈن گۈگۈمدە چىققان
ئىدىم. پوچتىخانىغا كىرسەم، بۇ خەت تۇرۇ-
دىكەن، ئالغاچ كىرىپ ئىشىكلىرىگە كەلسەم
سىلە يوق، ھەتتا قاراڭغۇ چۈشكەندىمۇ خوش-
خەۋەرنى ۋاقتىدا يەتكۈزەي دەپ بىر نەچچە
قېتىم كەلدىم، يەنە يوق...

— ۋاي ئالتۇن قىزىم، سىزنى تازا ئاۋارە
قىپتىمەن - دە، - دېدى ئانا خەتنى قولىغا
ئېلىۋېتىپ - قۇمباغدا، بىر تۇققۇنىمىزنىڭكىدە
توي بولغان ئىكەن، شۇ يەرگە - تويغا كىر-
گەنتىم. ناھايىتى كېچىدە چىقتىم. ۋوي!...
گۈلسۈم، يېڭى بىر گەپ ئاڭلايمەنغۇ، راستمۇ؟

— نىمە گەپ؟ - ھەيران بولۇپ سورىدى
قىز.

— ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قۇمباققا قاراپ
ئۇچاي، دەۋاتقان ئوخشىمامسىز؟

— كىم بىلىدۇ، - دېدى قىز، - بولمىغان
ئىشنى بولدى دېۋەتكىلى بولمايدىكەن.

— شۇنداق، - دېدى ئانا گۈلسۈمنىڭ گېپى-
نى تەستىقلاپ، - بولۇش - بولماسلىقنى خۇ-
دادىن ئۆزگە ھېچكىم بىلمەيدۇ.

— گەرچە ئەنۋەرجانلار بىزنى يارا تمىسى-
مۇ، - دېدى گۈلسۈم قېيىدىغان قىياپەتتە، -
يەنە يارىتىدىغانلا چىقىدىكەن.

— بىرسى چالمادىسە، - دېدى ئانا گۈل-
سۈمنىڭ كوڭلىنى ياساپ، - يەنە قانچىسى
ئالما دەپ ئۆزىنى ئاتىدۇ - دە، مەنچە بول-
سام، سىزنى ئابىيالا كېلىن قىلىۋالغان بو-
لاتتىم. گۈلجاما لمۇ ئاكىسىدىن نارازى بول-
دى. بىزنىڭ ئىلاجىمىز قانچە، نىگا غايىپ
دىگەن شۇ - دە! تويىنى قاچان قىلىدىغان
بولدۇڭلار؟

— كۆزدە — ئونىنچى ئايلاردا.

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، — دېدى ئانا خوشاللىقىنى بىلدۈرۈپ، — كونىلار: « كۆز پەسلى مول پەسلى، توي پەسلى » دېيىشىدۇ. ئاڭلىسام، كېيوغۇل بولىدىغان يىگىت مۇ ناھايىتى ئوبدان، چىرايلىق ئوغۇل ئىكەن. قېنى خەتنى ئېچىپ ئوقۇپ قىزىم، مەن بىر ئاڭلاي.

گۈلسۇم خەتنى ئاچتى — دە، ئاۋازلىق ئوقۇشقا باشلىدى:

« — مەن ئۈچۈن دۇنيادا ھەممىدىن قەدىرلىك بولغان سۆيۈملۈك ئانا، — دەپ يازغان ئىدى گۈلجامال، — ئۇرۇمچىگە تېنچ ئامان يېتىپ كەلدۇق، ئاكام بىلەن گۈل ئەمبەر ئاچاملا مېنى چوڭ دوختۇرلارغا كۆرسەتتى. دوختۇرلار پۈتۈمنى قېتىقىنىپ، ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ، ئاخىردا ئىلمىي مۇلاھىزە ئارقىلىق « ئوپېراتسىيە قىلىنسا تولۇق ساقىيىدۇ » دەپ ئېنىق ھۆكۈم چىقىرىشتى. مۇشۇ ئالدىمىزدىكى ھەپتە ئىچىدە پۈتۈمنى ئوپېراتسىيە قىلماقچى. مەن دەسلەپ قورققان بولسامۇ، دوختۇرلارنىڭ ئىلمىي چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سەللىمازا ساقىيىشقا كۆزۈم يەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن سەن ئەنسىرەپ ئوشۇقچە يىغلاپ جېنىڭنى ئۈپراتما، مەندىن مېھرىبان دوستۇم گۈلسۇمگە سالام يەتكۈز… »

خەتنى ئاخىرغىچە ئوقۇغان گۈلسۇم بېشىنى كۆتىرىپ سارىخان ئاچىغا قارىدى: ئانىنىڭ كۆزلىرىدىكى لىقمۇ — لىق ياشنى ۋە قورۇلۇپ يىغلاشقا ھازىرلىنىۋاتقان لەۋلىرىنى كۆردى.

— ئەنسىرىمىسىلە سارىخان ئاچا، — دېدى گۈلسۇم تەسەللى بېرىپ، — ھازىر پەن — تېخنىكا ئىنتايىن يۈكسىلىپ كەتتى. دوختۇرلارنىڭ تېخنىكىسىمۇ ناھايىتى ئېشىپ كېتىپتۇ. چۈرت ئۈزۈلۈپ كەتكەن قولنى ئۇلايدىكەن، ھەتتا مېڭە، يۈرەكلەرنىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوپېراتسىيە قىلالايدىكەن، بۇنىڭغا قارىغاندا گۈلجامالنىڭ كېسىلى ئانچىكى بىر گەپ، ئەڭ مۇھىمى كۈزدە — تويغا ئۈلگۈرۈپ كەلسە بولاتتى.

— ئىنشائاللا، كەلەر قىزىم، — دېدى ئانا كۆز ياشلىرىنى ئاق رومىلىنىڭ بىر ئۇچىغا سۈرتۈپ، — ئوپېراتسىيە ئوڭۇشلۇق بولۇپ، ساقايسا خەت يېزىپ چوقۇم ئەكەلدۈرىمەن.

دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ گۈلسۇمنى ئۇزاتقان ئانا قايتىپ ھويلىسىغا كىرىپ، خەتنى ئېچىپ تويماي سىنجىلاپ قاراشقا باشلىدى. لېكىن ساۋاتسىز بولغاچقا، ئۇنىڭ خىرەلەشكەن كۆزلىرى ھېچنىمىنى پەرق ئەتمىدى، بىراق قولىغىدا خەتتىن: « ئانا، جېنىم ئانا، مەندىن خاتىرجەم بول، خۇدايىم بۇيرۇسا ساقىيىپ، پات يېقىندا يېتىپ بارىمەن » دېگەن ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى ۋە خىيال قۇشلىرى پەرۋاز قىلىپ ئارزۇلۇق قىزىنىڭ ئوبرازى كۆز ئالدىدا سۈرەتلەندى.

× ×

گۈلجامال تۇغۇلۇپ ئۆزاق ئۆتمەي، پۇتىنىڭ مايماق ئىكەنلىكى سېزىلدى. گۆشى دوختۇرخانىسىدىكىلەر كۆرۈپ: « ھازىر ئامال يوق 6 — 7 ياشقا كىرگەندە ئوپېراتسىيە قىلسا ئوڭشىلىدۇ » دېيىشتى. لېكىن بەزىلەر « تۇغما مايماقنى ئوپېراتسىيە قىلسىمۇ ساقايتقىلى بولمايدۇ، بەربىر توكا بولىدىغىنى بولغان » دەپ سارىخان ئاچىنىڭ كۆڭلىگە ئەندىشە سېلىپ بىئارام قىلدى.

بىر دەرتنى ئاز دېگەندەك 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق بۇ ئائىلىگە زور بەختسىزلىك ئېلىپ كەلدى: گۈلجامالنىڭ دادىسى مومىن ئاكا دادۇي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى ئىدى. تاياق زەربىدىن ۋاقىتسىز

كوز يۇمۇپ، يورۇق دۇنيا بىلەن ۋىدالاشتى.
بىر ئۇينىڭ بارلىق دەرت ـ ئەلەمى تۇل ئا-
يالنىڭ بېشىغا كىيىلدى. بۇ چاغدا ئوغلى
ئەنۋەرجان 10 ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ، قى-
زى گۇل جامال ئەمدىلا 4 ياشقا قەدەم قويـ-
غان ئىدى.

"ئوغۇل بولسىمۇ كاشكى،-دەپ ئويلايتتى ئانا،-
قولتۇق تايىغى بىلەن ئويناۋاتقان قىزىغا قاراپ،
چوڭ بولسا تۇرمۇشقا چىقماسمۇ، ئوي-ئوچاقلىق
بولماسمۇ؟...زادىقاندىداق بولا...»بۇقايغۇلۇق خى-
يال ئانىسىنىڭ كاللىسىدىن كەتمەيتتى. ئانىسىنىڭ
يىگىنى يىگەن، ئەتكىنى ئەتكەن بولمايتتى.
ياتسا ـ قوپسا خىيال يىپىغا چىرمىشىپ ئا-
زاپلانغىنى ئازاپلانغان. ھەسرەتلىك ياش تو-
كۈپ نالا ـ زارە قىلغىنى قىلغان ئىدى. بە-
زىدە ئويلا ـ ئويلا ئانىسىنىڭ خىيالىغا چوچەك-
لەردىكى غايىۋى ۋەقەلەر كېلىپ ئۈمىت چىرى-
غىنى ياندۇراتتى.

"... جادىگەر سېھرى بىلەن يىگىتنىڭ ئە-
زالىرىنى تامامەن پالەچ قىلىپ قويۇپتۇ، پۇتى
باسمايدىكەن، قولى تۇتمايدىكەن، كوزى كور-
مەيدىكەن، تېنى سەزمەيدىكەن،قۇلىغى ئىڭشايـ-
دىكەنۇ- لېكىن ئاۋازى چىقمايدىكەن، بىر چاغدا
ئاياق ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. يىگىت بۇ تاۋۇشنى
جادىگەرنىڭ ئاياق تاۋۇشى بولسا كېرەك دەپ
ئويلاپ، يالۋۇرۇشقا گەدىنى قويماي، غەزەپ-
تىن جىلە بولۇپ تۇرغاندا، يېقىملىق بىر ئا-
ۋاز ئاڭلىنىپتۇ:

ــ ئوغلۇم ئاغزىڭنى ئاچ!...

يىگىت: "رەھمەتى ئاتامنىڭ روھى ھازىر
بولغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، خوشال بو-
لۇپ، دەرھال ئاغزىنى ئېچىپ ئالدىغا تەلمۈ-
رۈپتۇ. ئۇ ئادەم "سۈپ» دىگەن ئىكەن ۋۇجۇ-
دىدا ئاجايىپ تاتلىق بىر ھوزۇرلىنىش يۈز
بېرىپتۇ-دە، سەللىمازا ساقىيىپ قاپتۇ. كوزى-
نى ئېچىپ قارىسا، ئالدىدا دادىسى ئەمەس،
ئاقساقال نۇرانە بىر ئادەم تۇرغىدەك. ئەتراپ
ئىمپار - زەپەر پۇراپ كېتىپتۇ.

ــ ئەي يىگىت،-دەپتۇ بوۋاي ئوغلانىڭ بە-
دەنلىرىنى مۇجۇپ تۇتۇپ قويغاندىن كېيىن،
ھەرگىز قورقما ئىنشائاللا مۇرادىڭغا يېتىسەن.

ــ ئاتا،سىلە...

ــ مېنى سورىساڭ،-دەپتۇ بوۋاي يىگىتنىڭ
كوڭلىدىكىنى بىلىپ،-ردجا يۇل غايىپلاردىن بو-
لىمەن. مېنى بۇ يەرگە خىزىر ئەلەيھىسالام بى-
لەن ئىلياس ئەلەيھىسالام ئەۋەتتى.»

سارىخان ئاچا موھەممەدىن بىر نەچچە قې-
تىم ئاڭلاپ، دىلىغا ئورناپ قالغان بۇ چو-
چەكنى كېچىلىرى ئەسلەپ، مۇشۇنداق بىر
رەھمەتىنىڭ قىزىغىمۇ ئىلتىپات قىلىشنى ئارزۇ
قىلىپ، خۇدادىن تىلەيتتى. لېكىن يەنىلا ئار-
زۇ ـ ئارزۇلۇقتا،گۇل جامال قولتۇق تايىغىدا
ئىدى.

گۇل جامالنىڭ پۇتى شۇ دەرىجىدە ئېغىر
مايماق ئىدىكى، قولتۇق تايىغىسىز ماڭالماي-
تى. كىيىملىرىنى ئولتۇرۇپ كىيىپ، ئولتۇرۇپ
سالاتتى.

بۇ يىل ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەلا دە-
رىجىدە پۈتتۈردى. ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئوقۇ-
غۇچى تاللىغىنى كىرگەن مۇئەللىم ئەنكىتكە
قاراپ، ئالدى بىلەن گۇل جامالنى تاللىدى.
ئوقۇغۇچىلارنى ئىستىروي قىلغاندا قولتۇق
تايىغى بىلەن سەپكە كىلىپ تۇرغان گۇلجاما-
نى قالدۇرۇپ قويماقچى بولدى. مەكتەپ مۇ-
دىرى بىر مۇنچە سوزلەپ قوبۇل قىلىشنى تە-
لەپ قىلغاندا، تەشكىلىنىڭ سەمىگە سېلىپ ئا-
ندىن بىر نىمە دەيدىغانلىغىنى ئېيتىپ چىقىپ
كەتتى.

گەرچە گۇل جامال قولتۇق تايىقسىز ما-
ڭالمىسىمۇ، ئادەتتە قولتۇق تايىغى بىلەنچاق-

قان ھەركەت قىلاتتى. ئۇسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتاتتى. بەلكى ئۇسۇلغا دوستى گۈلسۈمدىنمۇ ئۇستا ئىدى. شۇنداقتىمۇ كىشىنىڭ كۆزىگە ئۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسى كۆرۈنمەي پەقەت قولتۇق تايىقىلا كۆرۈنەتتى.



— قانداق قىلىش كېرەك؟

بۇ سوئال گويا ئانىنىڭ بوينىغا سېلىنغان سىرتماق، پۇت - قولىدىكى كويزا - كىشەن ئىدى. بىچارە ئانا كېچە-كۈندۈز ئولتۇرسا-قوپسا، سىرتماقنى ئۈزۈپ، كويزا - كىشەننى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئازات بولۇشنى ئويلايتتى.

ئانىنىڭ ئېچىنىشلىق كۆز ياشلىرىنى كۆرۈپ، نالە- پەريادىنى ئاڭلىغان ئۇرۇق-تۇققان، خۇلۇم - خوشنىلار ئاڭلىغان-كۆرگەنلىرىگە ئاساسەن ھەر خىل مەسلىھەت بېرىپ يول كۆرسىتەتتى. بەزىلەر: دوختۇرخانىدا ئوپېراتسىيە قىلدۇرسا پۇتىنىڭ پۇتۇنلەي كاردىن چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئانىنى قورقۇتسا: يەنە بەزىلەر: جىنكەشكە كۆرسۈتۈپ، باخشى-پېرىخۇنغا ئوقۇتۇشنىڭ زورۇرلىگىنى تەكىتلەيتتى.

— پالانى يۇرتتا بىر قىز بالىنىڭ بىر كېچىدىلا پۇتى دەسسىيەلمەيدىغان بولۇپ قالغان ئىكەن دەيتتى ئۇلار ھېكايە قىلىپ،-دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارسا ئوكۇل قىپتۇ. شۇ بالىنى بىلەن پۇت - قوللىرى ھوپپىدە ئېششىپ كېسىلى ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ. دەرھال دوختۇرخانىدىن بالىنى قايتۇرۇپ چىقىپ دوگۋاغلىق بىر جىنكەشكە ئوقۇتقان ئىكەن، تېزلا ساقىيىپ- تىمىش...

بۇ خەۋەر سارىخان ئاچىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ، ئۈمىت چىرىغىنى قايتىدىن ياندۇردى. ئۇ يەردە ھاشىم قارىم دېگەن بىر تۇققىنىنىڭمۇ بارلىغىنى ئەسلىدى - دە، بۇ ئىشتا ئۇ ئادەمنىڭ يېقىندىن ياردەم قىلىشىغا ئىشەنچ باغلاپ، بېشىغا چوڭ ئاق داكا رومىلىنى ئارتىپ، پىيادىلار يولىغا چىقتى. ئىزدەپ - سوراپ ھاشىم قارىمنى تېپىپ، مەقسىدىنى ئىزھار قىلدى.

— بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىزدا، دېدى قارىم سارىخان ئاچىنى داسقانىغا تەكلىپ قىلىپ بو-

لۈپ، ـ جىنكەش، پىرىخۇن ۋە رەمباللىقنىڭ ھەممىسى كاھىنلىق دېيىلىدۇ. كاھىنلارغۇ شەكسىز دوزىخى ھىسابلىنىدۇ. بەلكى كاھىنلارغا ئىشىنىپ، ئېتىقات قىلىپ، شۇ تەرەپكە ماڭغانلارمۇ مەلئۇن بولىدۇ...

— يا ئاللا!... — دەپ پىچىرلىدى سارىخان ئاچا، قارىمىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قورقۇپ، — ئىلاھا، بىزلەرگە قەھرىڭ كېلىدىغان ئىشلارنى قىلدۇرمىغىن...

ھاشىم قارىم سۆزىنىڭ ئاخىرىدا گۈل جامالنى تىۋىپ ـ دوختۇرلارغا كۆرسۈتۈش توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئانىنىڭ ئۈمىدى دوختۇرغا باغلاندى. ئەمما قارىمىنىڭ سۆزىگە مۇۋاپىق خەيرى ـ سەدىقە قىلىۋېتىپ، ئاندىن دوختۇرغا ـ شەھەرگە ئېلىپ بارماقچى بولدى. خەير ـ سەدىقە بەرگەندىمۇ قوي ئۆلتۈرۈپ، 5—6 چارەك گۈرۈچ سېلىپ، شويلا قىلىپ، جۇمە كۈندە ئازنا نامىزىنىڭ جاماەتىنى چاقىرىپ دۇئاسىنى ئالماقچى، ئاندىن كېيىنكىسىگە قەدەم قويماقچى بولدى. لېكىن تەييارلىق پۈتمەي، بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى.

× ×

بۇ يىل گۈل جامال 10 ـ سىنىپنى ئەلادە رىجىدە پۈتتۈردى. سول پۇتى ھېيىمناق بولغاچقا، ئالى مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش كېنىشكىسىنى ئالالمىدى. بۇ ھال ئۇنىڭغا قاتتىق ئەلەم قىلدى.

ئۇ بۇ يىل دەل 17 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئۈستىخانلىرى بولەكچە يوغىناپ، رەڭگى ـ رۇخسارى نۇرلىنىپ پارقىراپ، گۈزەللىكى كامال تاپقان ئىدى. ئىككى ئۆرۈم ئارقىسىغا قويۇۋەتكەن بىلەكتەك تومۇلۇقتىكى تۇن قارا، ئۇزۇن چاچلىرى بېلىنىڭ تۆۋىنىگىچە لەپىلدەپ چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنغان ئوتلۇق كۆزلىرى بولسا، زېرەكلىكتىن بەلگۇ بېرىپ ئويناپ تۇراتتى. كەڭ پېشانە ئاستىغا ئورۇنلاشقان ئوغاقتەك ئەگمە قەلەم قاشلىرى سەل تۆۋەنگە سوزۇلغان بوغداي رەڭ يۈزىگە ياراشقان بولۇپ، قۇيۇپ قويغاندەك ئانىسىغا ئوخشايتتى. لەۋلىرى نېپىز، چىشلىرى سەدەپتەك ئاپپاق ۋە تەكشى بولۇپ، كۈلسە بەئەينى سەھەردە ئېچىلغان قىزىل گۈلنى ئەسلىتەتتى.

لېكىن سول پۇتىدىن ئازار يەپ، قەلبى زەخمىناك بولغان گۈل جامال ئىلاجسىز دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى. سارىخان ئاچا بولسا، بويىغا يېتىپ رىسىدە بولۇپ قالغان يالغۇز قىزىنىڭ ئىستىقباللىنى ئويلاپ، قايغۇرۇپ، كۈنسېرى ئورۇقلاپ كەتمەكتە ئىدى. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ئۆرۈمچىدە ـ مەلۇم دوختۇرخانىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ئوغلى ئەنۋەرجاننىڭ خەت ئارقىلىق قىلغان نەسىھەتلىرىمۇ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئوغلىدىن نارازى بولۇپ كايىغىنى ئىدى. بولۇپمۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئۇزاق ئۆتمەي بىللە ئوقۇغان بىر قىز ساۋاقدىشى بىلەن توي قىلىۋالغانلىقى يارىغا تۇز سەپكەندەك بىر ئىش بولدى. چۈنكى، سارىخان ئاچا بىلەن گۈل جامال ئوچۇقلا ئەنۋەرجان ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلسە، گۈلسۈمنى ئېلىپ بېرىمىز دەپ يۈرۈشەتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن گۈلسۈممۇ بۇ ئۆيگە كىرمەيدىغان بولۇپ قالدى. دوستىنىڭ بىر نەچچە كۈن ياستۇق قۇچاقلاپ كۆز يېشى قىلىپ، ئەلەم چەككىنىنى ئاڭلىغان گۈل جامال توكۇلدۇتۇپ ھاسىسىنى تايىنىپ، گۈلسۈمنىڭكىگە كىرىپ، ئاكىسىنى ئەيىبلەپ، دوستىدىن ئەپۇ سورىدى. ئۇلار دوستلىغى يەنە ئەسلىگە كېلىپ كىرىپ ـ چىقىپ،

AltunOq

ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرۈشتى. لېكىن سارىخان ئاچا بەكمۇ ئالدىراپ قالغان ئىدى. كىمنىلا كورسە، يىغلاپ هال ئېيتىپ، يۈرەك دەردىنى تۆكەتتى.

ـ مۇنچىلا قىپ كەتمىسلە سارىخان، ـ دەيتتى بەزى كىشلەر تەسەللى بېرىپ، ـ تولا يىغلاپ قايغۇرۇپ دۇنيادا يوقلا بولۇپ كېتىپلا، قايغۇنى كوڭۇللىرىدىن چىقىرىۋېتىپ، توق ـ توق يەپ، خاتىرجەم يۈرسىلە، جان دىگەن كۈندە چېچەكلەمدۇ؟

ـ ئۇغۇ شۇنداق، ـ دەيتتى ئانا ئوزىنى قانچە تۇتاي دىسىمۇ ئىلاج بولماي كوزلىرىدىن ياش دەرياسى سەلدەك قۇيۇلۇپ، ـ بۇ يىل قىزىم 20 ياشقا كىرىپ قالدى، بىر دەمەتلىكلىرىنىڭ هەممىسى ئەرگە تېگىپ، ئوي ـ ئوچاقلىق بولۇپ، بىر ـ ئىككىدىن پەرزەنتكە ئانا بولۇشتى. بۇ بەختسىز قىزىم قانداق ۋاقىتتا تۇغۇلۇپ قاپتىكى، هېچ بىلەلمىدىم!...

ـ هوي سارىخان، ـ دىدى بىر كۈنى قۇمباغدىن چىققان ئايال تۇققىنى، ـ تولا قايغۇرۇپ ئالدىراپ كەتمە، بۇكەمدە قىزلارنىڭ كېيىنرەك تۇرمۇشقا چىققىنى ئېيىپ ئەمەس، چۇنكى هوكۇمەت ياشلارنىڭ كېيىنرەك تۇرمۇش قۇرۇشىنى تەكىتلەۋاتقاندىكىن، ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ.

ـ كوزۇمنىڭ ئوچىغىدا، مېنىڭ بارىمدا، ـ دىدى سارىخان ئاچا كوڭلىدىكى مۇددىئاسىنى ئاشكارىلاپ، ـ ئوي ـ ئوچاقلىق، بالا ـ ۋاقىلىق بولىۋالسا، مەندىن كېيىن قانداق قىلىدۇ؟

ـ يەنە خۇدايىم بار. قىزىڭ پەرزانتتەك گۈزەل بولغاندىكىن، ئەلۋەتتە بىر خوشتارى چىقىدۇ.

ـ ۋاي جېنىم تۇققۇنۇم، ـ دىدى سارىخان ئوز سوزىنى تەكىتلەپ، ـ سىلىنىڭ دىگەنلىرىمۇ توغرا...

ـ ئانا، ئاكامدىن خەت كەپتۇ! ـ دەپ تاشقىرىدىن كىرىپ كەلگەن گۈل جامال ئانىسىنى سوزدىن توختاشقا مەجبۇر قىلدى. ئەنۋەر خېتىدە، ئانىسىنىڭ ۋە سىڭلىسىنىڭ ئامانلىقىنى سوراش بىلەن، ئوزلىرىنىڭ تېچ ـ ئامان تۇرغانلىقىنى ئېيتىپ، يات ئارىدا خوتۇننى ئېلىپ قەشقەرگە بارىدىغانلىقىنى يازغان ئىدى. بۇ خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن سارىخان ئاچىنىڭ كوڭۇل ئاسمىنىدىكى بۇلۇتلار تارقاپ، دىلى تەسكىن تېپىپ پۇت ـ قوللىرىغا ماغدۇر كىرگەندەك بولدى.

× ×

خېتى كېلىپ 40 كۈندىن كېيىن ئەنۋەرجان ئايىلىنى ئېلىپ ئۇرۇمچىدىن كەلدى. نەچچە يىللاردىن بىرى ئوغلىنى سېغىنىپ كەتكەن ئانا ئەنۋەرجاننىڭ پىشانىسىغا ئانىلىق مېهرى بىلەن سويۇپ قويدى. كېلىنى گۈلئەمبەرنى باغرىغا بېسىپ، مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ ياشلىرىنى راۋان قىلدى. گۈلئەمبەرمۇ ئوزىنى تۇتالماي يىغلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ يۈرىكى ئوزئارا سىرداشقاندەك دۈپۈلدەيتتى.

ـ ئاچا، ـ دىدى گۈلئەمبەر ئەتىسى قېينىئانىسىنىڭ دەردىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ـ هەرگىز كوڭۇللىرىنى يېرىم قىلىپ، يىغلاپ جانلىرىنى قورلاتمىسلا، سىڭلىم گۈلجامالنى ئۇرۇمچىگە بىللە ئېلىپ كېتىپ پۇتىنى ئوزىمىز داۋالايمىز.

ـ ئوپىراتسىيە قىلامسىز ؟ ـ دىدى ئانا ئەنسىرەپ.

ـ خاتىرجەم بول ئانا، ـ دىدى ئەنۋەرجان ئانىسىغا ئىشەنچلىك ئاهاڭدا، ـ بىر ماياق پۇت مەسىلىسىنى هازىرقى تېببى ئىلىم بىر تەرەپ قىلالايدۇ...

– خۇدايا شۈكرە باللىرىم، – دەدى ئانا مەمنۇن بولۇپ كوز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، – ئىنشائاللا دىگىنىڭلاردەك بولار.

ئۇلار قەشقەردە بىر ئاي تۇرغاندىن كىيىن گۈل جامالنى ئېلىپ خىزمەت ئورنىغا قايتىشتى. سارىخان ئاچا ئوغلىنىڭ تۇسقىنىغا ئۇنىماي شەھەرگە كېلىپ ئۆزۈتۈپ قويدى.

– خۇدا يىمغا ئامانەت باللىرىم، – دەدى ئانا دۇئا قىلىپ ئاق يول تىلەپ، – نەگە بارساڭلار بەختىڭلار ئوچۇق، دىلىڭلار خاتىرجەم بولسۇن، پەقەر تۇل ئانائلارنى ئېزىنتۈپ قالماڭلار...

× ×

ئۇلارنىڭ كەتكىنىگە 5 ئاي بولغان ئىدى. بۇ ئارىلىقتا بىر نەچچە قېتىم خەت ئالماشتۇرۇشلار بولغان بولسىمۇ، تىپخىچە ئانا كوڭلى تولۇق خاتىرجەم بولالمىغان ئىدى. بۈگۈن كەلگەن خەتنى ئوقۇتۇپ ئاڭلىغاندىن كىيىنلا كوڭلى ئەمىن تاپتى. ۋاقتىنى ئوتكۈزمەي گۈلسۈمگا خەت يازدۇردى. خەتنىڭ ئاساسي مەزمۇنى قىسقىچە مۇنداق ئىدى:

«...ئەقىللىق ئوغلۇم ئەنۋەرجان ...سىلەرگە رەخمەت. بۇ ياخشىلىغىڭلارنى ھەرگىز ئۇنۇتالمايمەن، خۇدا يىم ئومرۇڭلار ئۇزۇن، دولەتىڭلار زىيادە بولسۇن، ئەخلەت ئالساڭلا ئالتۇن، كۈل ئالساڭلا كۈمۈش بولسۇن. بۇ قېتىمقى يازغان خېتىڭلارنى ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ چەكسىز خۇرسەن بولدۇم! گۈل جامالنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىنىپ تولۇق ساقايغانلىغىنى، ئىشتىن سىرتقى سەنئەت گۇرۇپپىسىغا قاتناشقانلىغىنى ... يېزىپسىلەر. ھازىر مەن ئاجىزلاپ قالدىم. بىر ئادەم مەندىن خەۋەر ئالمىسا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇششۇ خەت تىگىشى بىلەن گۈلجامالنى دەرھال ئەۋەتىپ بېرىڭلا ...»

خەت سېلىپ بىر ئايدىن كىيىن سارىخان ئاچا بىر پارچە تېلىگىرامما تاپشۇرۇۋالدى. ئۇنىڭدا گۈلجامالنىڭ يولغا چىققانلىغى يېزىلغان ئىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئانا ئويلىغانسېرى خوشاللىغى دولقۇنلاپ،ھاياجان كۈچىدىن ئۆزىنى باسالماي قالدى. ئانىنىڭ ئويلىشىچە،بوگۇنكى گۈلجامال ئۇنىڭ ھېيىمناق قىزى بولماستىن، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان يۈرەك باغرىدىن سېغىنىپ ۋىسال ئىشقىدا دىدارىغا مۇشتاق بولغان، ئەزالىرى ئەيىپتىن خالى قىددىرلىك قىزى ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ، ئوي – ھويلىلارنى پاكىزە تازىلاپ، ياغ سېلىپ، كۈنجۈت سېپىپ نان يېقىپ تەييارلىق قىلدى. قىزىنىڭ قاچان،قانداق ھالەتتە كېلىشىنى ئويلاپ سەكپارە بولاتتى.

بۈگۈن كىچە ياخشى چۈش كورگەن ئانا خوشال ئويغىنىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ، ئۇستىگە ئاق ئەتلەستىن كوينەك، بېشىغا ئاق رومال ئۇستىدىن باسۇرۇپ تەتلا دوپپا كىيمۇۋالغان بولۇپ، روھىھالىتىدىن بىر خىل جۇشقۇن-خوشاللىق چىقىپ تۇراتتى. ئانا ئوچۇن بولۇپمۇ تېلىگىرامما كەلگەندىن كىيىنكى كۈنلەر ناھايىتى ئۇزۇن سېزىلدى. بۈگۈننىڭ ئۇزۇنلىغى ھەممىدىن ئېشىپ كەتتى. كوز قۇياشى ئونىڭ بىلەن قىيىشقاندەك سېخىلەرچە نۇر چېچىپ تەبىئەت ئۇستىدە جىلۋە قىلاتتى.

ئاخىر ۋاقىت كەچكە يېقىنلاشتى. بۇ چاغدىكى يېزا مەنزىرىسى شەپەق نۇرىدا سۇس قىزىل تۇسكە كىرگەن ئىدى. سېغىنغان دىلمەھبۇبىغا ئىنتىزار بولغان ئانا ئىشىك ئالدىغا بىر نەچچە قېتىم چىقىپ كىردى. بىر چاغدا تاشقىرىدىن: «كەلدى – كەلدى!...» دىگەن قىچۇ ئاۋاز ئاڭلاندى – دە، بىرتوپ

بالىلار بەس ـ بەستە يۈگۈرۈپ هويلىـغا كىـ
رىپ: "گۈل جامـال ئاچـام كەلـدى!..." دەپ
خەۋەر قىلىشتى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان سارىخان ئاچا ئور-
زىنى ئۇنۇتقان هالدا تاشقىرىـغا چاپـتى. بۇ
مەزگىلدىكى ئانا ۋۇجۇدىنى لەرزىگە كەلتۈر-
گەن روهى هالەتنى تەسۋىرلەشكە تىل ئاجىز-
لىق قىلاتتى.

دەرۋازا ئالدىغا ئۇچقاندەك ئېتىلىپ چىقـ
قان ئانا چوڭ يولدا ۋىلىسىپىتنى مىنىپ كې-
لىۋاتقان بىر قىزنى كـوردى، بۇ گۈل جـامال
ئىدى. لېكىن هاياجانلانغان ئانا ۋېلىسىپىت-
تىن چۈشۈپ ئالدىغا كىرمىگىچە تونۇيالمـىدى.
گۈل جامال «ئانا» دەپ ئۆزىنى تاشلىغاندىلا،
سارىخان ئاچا راستىنلا قىزىنىڭ كەلگەنلىگى-
نى ۋە سەللىمازا ساقايغانلىغىنى بىلدى. ئۇ-
لار كورۈشۈپ، قۇچاقلىشىپ، گىرەلىشىپ-چىر-
مىشىپ كەتتى. كوزلەردىن ياشلىرى تـاراملاپ
توكۈلدى!....

گۈل جامال كىلىپ بىر هەپتىدىن كېيىـن
گۈلـسۈمنىڭ تويى بولدى. تويدا سازچىلىپ،
ناخشا ئېيتقان خوشاللىق تەنتەنىسى پەلەككە
يەتتى. ياش هەم چوڭلار بىر ـ بىرىنى تار-
تىپ ئوسۇل ئوينۇشۇپ مەرىكىنى قىزىتىۋەت-
تى.


گۈل جامالمۇ بىر نەچچە قېتىم مەيـدانغا
چۈشۈپ، ئەگىپ يورغىلاپ، ئورگۈلۈپ ـ چۆر-
گۈلۈپ، ئىگىلىپ-تولغۇنۇپ، خۇش تەبەسـسۇم
ئىلكىدە يېقىملىق جىلۋە قىلىپ دىللارنى سو-
يۇندۇرۇپ، ئۇسۇل ماهارىتىنـى نامايان قىلا-
دى. كىملەردۇر:

ــ ھەممىدىن گۈل جامال ئۇستىكەن، ــ دېيىشتى.
ئۇرۇمچىدە سەنئەتتە ئۆگەنگەندۇ ـ دېيىشتى
يەنە بەزىلەر،

ـ خۇدا يىمىرادىگىنى بەرسۇن قىزىم، ــ دېيىش-
تى ياشانغانلار چىن دىلىدىن ئاپىرىن ئېيتىپ، ـ
ۋۇجۇدۇڭ دەرىخى دەرت كـورمىسۇن!...

مەرىكە ئەهلى ئۇسول ئويناۋاتقان ساهىپ-
جامال سەنەمگە قاراپ، بىردە قىز گۈزەللىگى-
نى ۋە ئۇسۇل ماهارىتىنى ماختىسا، يەنە بىر-
دە دوختۇرلۇق ئىلمىنىڭ يۈكسەك كۈچ-قۇدرى-
تىگە تەھسىن ئېيتىشاتتى. سازەندىلەر بولسا
كوزلىرى قىزغا بەنت بولغان هـالدا، سازلى-
رىنى سايرىتىپ، جېنىنىڭ بـېرىچە نـاخشا
ئـوقۇپ نەۋا قـىلىشاتتى:

دەۋرىمىز چاچقاچقا نۇر، بەختىمىز كۈلدى بۈگۈن،
كۈندە توي، دىللار خوشال ئوينايمىز ئەمدى بۈگۈن.
كوككە يەتتى بېشىمىز قايغىدىن ياشناپ ماڭا،
پارتىيىگە ئەگىشىپ ئورلەيمىز ئەمدى بۈگۈن...



# سايرا، بوز تورغاي

( نەسر )

ئابدۇقادىر تاش

ئېگىز كۆكتە پەلدىرلاپ، توختاۋسىز سايراۋاتقان بوز تورغاينىڭ ئاۋازى ئىش – ئەمگەك قايناۋاتقان ئېتىزدىكى قىز – يىگىتلەرنىڭ جاراڭلىق ناخشا ۋە كۈلكە سادالىرىغا جور بولماقتا ئىدى. بۇ كىچىككىنە جانىۋار نېمە ئۈچۈنكىن، باشقا قۇشلارغا ئوخشاش باغلاردا، ئورمانلاردا، گۈل-چىمەنلەر ئارىسىدا سايرىماي، ئېتىز ئۈستىدىلا ئېگىز كۆكنىڭ قەھرىگە كۆتۈرۈلۈپ، شۇنچە ھەۋەس بىلەن يېقىملىق ۋە شوخ سايرايدىكەن؟ ئۇ يا بۇ كەڭرى ۋادىنىڭ بۈگۈنكىدەك گۈللەپ – ياشنىشىغا زوقلىنىپ، ئۇنى جان – دىلى بىلەن كويلەۋاتامدىكىن؟ ياكى بۇ ۋادىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىنىمسىز ئەمگەك بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقان قىز – يىگىتلەرنىڭ چەۋەر قوللىرىغا ئاپىرىن ئوقۇۋاتامدىكىن؟

ئۇ يالغۇز بۈگۈنلا ئەمەس، ھەر كۈنى دېگۈدەك كېچىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى قالغاندىلا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، ئەشۇنداق شوخ ۋە جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن پۈتكۈل جانلىقلارنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىدۇ. دېھقانلارمۇ ئۇنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ ئويغىنىپ، ئېتىزغا بېرىپ، بىر كۈنلۈك ئىشىنى باشلىۋېتىدۇ. ئېتىزدا ئىش – ئەمگەك قاينىغان چاغلاردا بولسا، ئۇنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، قايناق ئەمگەك ساداسى بىلەن بىرگە قوشۇلۇپ، بۇ كەڭرى ۋادىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋېتىدۇ ...

مېنىڭ پۈتكۈل پىكىر – خىياللىرىم ئەشۇ كىچىككىنە جانىۋار بوز تورغايغا مەركەزلىشىپ قېلىپ، ناخشا ئېيتىشتىنمۇ، ئىشتىنمۇ توختاپ، پۈتۈن دىققىتىم بىلەن ئۇنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىشقا باشلىدىم. شۇ تاپتا بوز تورغاي مەن ئىشلەۋاتقان ئېتىز ئۈستىدىلا تىنىمسىز پەلدىرلاپ، كۈيىنى بارغانسېرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈپ، ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرۈپ سايرىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ شوخ – يېقىملىق ئاۋازى يۈرەك تارلىرىمنى ئۈزلۈكسىز تىترىتىپ، قەلبىمدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن كۈچلۈك مۇھەببەت ۋە مەدھىيە كويلىرى ئۇرغۇشقا باشلىدى:

سايرا بوز تورغاي ! ناخشاڭنى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈپ سايرا ! سېنىڭ ناخشاڭ بىزنىڭ ناخشىمىزغا جۈر بولسۇن! پۈتكۈل تەبىئەت دۇنياسى ۋە ھايات قايىنىمى شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ جانلانسۇن ! سەن ئەزەلدىن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ماھىر كۈيچىسى ھەم غەزەلخانىسەن، سېنىڭ مۇڭلۇق ناخشاڭ قانچە ئەسىرلەردىن بېرى جاپاكەش ئەمگەكچى خەلقنىڭ مۇڭ - زارىغا جۈر بولۇپ كەلدى. پادىچىلارنىڭ نەي ئاۋازى، ئوتۇنچىلارنىڭ مۇڭلۇق ناخشىلىرى ۋە يوقسۇللارنىڭ ئاھۇ - زارلىرىغا ھەمدەم بولۇپ سايرىغان مۇڭلۇق ئاۋازىڭ ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەت، كۆڭلىدىكى پىغان - ھەسرەت ۋە غەم - قايغۇلىرىنىڭ ئازراقمۇ بولسا كۆتۈرۈلۈشىگە يار دەم بەرگەن بولغىدى ؟ سېنىڭ يېقىملىق، مۇڭلۇق ناخشاڭنىمۇ پەقەت شۇلارلا قۇلاق سىلىپ تىڭشايتتى.

ئۇ زامانلار ئەمدى كەلمەسكە كەتتى. سەن ئىلگىرى ماكان قىلىپ كەلگەن بۇ قاقاسلىق مانا بۈگۈن گۈل - چىمەنلەر بىلەن پۈركەنگەن ئاشلىق كانىغا ئايلاندى. بۇ يەر سېنىڭ ماكانىڭ، ئەسىرلەردىن بېرى ماكان قىلىپ كەلگەن ئېزىز يۇرتۇڭ، ھازىر بۇ يۇرتتا ئىلگىرىكىدەك جاپاكەشلەرنىڭ مۇڭ - زارلىرى، نالە-پەريادلىرى ئاڭلانمايدۇ، ئۇنى مەڭگۈ ئاڭلىمايسەن. غەم - قايغۇ دېگەن نەرسىمۇ يوق، ئىلگىرىكى جاپاكەشلەر بۈگۈنكى دەۋرنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلاندى، ھەممىسىگە سەپ سالساڭ چىرايلىرىدا كۈلكە، ئاغزىدا خوشال چاخچاق، دەۋرىمىزنى كۈيلەپ ئېيتقان ناخشا - قوشاقلار تۈشمۇ - تۈشتىن ياڭراپ تۇرىدۇ. ئېھتىمال سەنمۇ كىچىككىنە بىر قۇش بولغىنىڭ بىلەن بۇلارنى ئاللىقاچان چۈشىنىپمۇ يەتكەنسەن، شۇڭلاشقىمۇ بۈگۈنكىدەك مۇنداق قايناق ھاياتقا، كۆنسېرى گۈللەپ - ياشناۋاتقان كائىناتقا مەپتۇن بولۇپ، ئۆز خۇشاللىقىڭنى باسالماي، مانا مۇشۇنداق شوخ، جاراڭلىق ئاۋازىڭ بىلەن سايراپ كېتىدىغانسەن.

سايرا تورغاي، سايرا! ھەتتا ئىش - ئەمگەك قاينىمىدا ئۆز ناخشامنى باشلاي، ئىككىمىز جۈر بولۇپ، بۈگۈنكى بۇ ئازات دەۋرانىمىزنى كۈيلەيلى ھارماي!

(بېشى 122 - بەتتە)

قۇش پېيىگە چۈشۈپتۇ . بىر كۈنى ھېلقى پەي لەيلىگۈلگە ئايلىنىپتۇ . گۈلدىن يەنە بۇرۇنقىدەك " يالغۇزغا ھەمرايىڭ بولاي ، سەن بىلەن بىرگە بولاي ، ناخشا ئېيتىپ ، غەزەل ئوقۇپ، ئىچ پۇشقىڭنى ئالاي » دېگەن ناخشا ئاڭلىنىپتۇ . قىسمەت بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ خوشلۇقتا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئېقىپتۇ .

قىسمەت ئەمدى ھەر كۈنى ئىشتىن قايتىپ كەلگەندە ، لەيلىگۈلدىن يەنە يېقىملىق ناخشىنى ئاڭلاپتۇ . خۇشپۇراق چېچىپتۇ . يەنە بىر ئايەم ئاخشىمى كېچە سۈتتەك ئايدىڭ بوپتۇ . قىسمەت پەرىزاتنى ئويلاپ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ چىراق تۈۋىدە كوينەك ياماپ ئولتۇرۇپتۇ . تۇساتتىنلا چىراق پىلىگى يەنە ئوتكەندىكىدەك قىپ - قىزىل گۈلگە ئايلىنىپتۇ . قىزىلگۈل بارا - بارا پورەكلەپ ئېچىلىپتۇ . گۈل ئىچىدىن پەرىزات چىقىپتۇ . قىسمەت ئۆزىنى پەرىزاتنىڭ ئالدىغا ئېتىپتۇ . ھورۇنلۇق قىلىپ بىكار تەلەپ بولۇپ يۈرۈپ ، پەرىزاتنى خاپا قىلغىنىغا يۈز مىڭ تۆۋە قىپتۇ. پەرىزات قىسمەت بىلەن يەنە قايتىدىن مېھرىۋان بىر جۈپ ئەر-خوتۇن بولۇپ ، ئىلگىرىكى ئەمگەكچان تۇرمۇشنى باشلاپتۇ . ئاي ئوتۇپتۇ ، يىل ئوتۇپتۇ . پەرىزات ئايدەك چىرايلىق ئوغۇل تۇغۇپتۇ . يىللارنىڭ ئوتۇشى بىلەن ئوغۇلمۇ چوڭ بوپتۇ . تۇرمۇشى تېخىمۇ باياشات ، كۆڭۈللۈك ئوتۇپتۇ .

(ئابدۇراخمان مومىن تۈزگەن)

# بۆركۈت بىلەن قۇچقاچ

( مەسەل )

ئومەرجان روزى

قۇچقاچ بۆركۈتنىڭ ئېگىز ئاسماندا لەزان پەرۋاز قىلىپ، يىراق - يىراقلارغا ئەركىن ئۇچۇپ كىتىۋاتقانلىقىغا قاراپ، ھەم ھەيران بولۇپ، ھەم ھەسەت قىلىپ: " ھەي، ئىسىت، مىنىڭمۇ ئىككى قانىتىم تۇرۇغلۇق نىمىشقا بۆركۈتتەك ھەم ئىگىز، ھەم يىراققا ئۇچالمايمەن، دەپ ھەسرەت چېكىپ يۈرۈپتۇ.

بىر كۈنى قۇچقاچ بۆركۈتنى ئۇچرۇتۇپ ئۇنىڭغا: " ھەي بۆركۈت، مەن نىمىشقا ساڭا ئوخشاش ھەم ئېگىز، ھەم يىراقلارغا ئۇچالمايمەن؟ سەن ماڭا ئۆزەڭنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بەرسەڭچۇ؟" دەپتۇ. قۇچقاچنىڭ سوزلىرىنى ئاڭلىغان بۆركۈت مىيىغىدا كۈلۈپ: "بۇنىڭدا نەدىمۇ سىر بولسۇن؟ مەن ئۇچقاندا ھەرگىز ساڭا ئوخشاش يەردىكى پارچە - پۇرات دانلارغا، سېسىق گەندە ئۈۋاقلىرىغا، كىچىك قۇرۇتلارغا نەزىرىمنى سېلىپ تۇرمايمەن. ئۇ نەرسىلەرگە ھەرگىز نەپسىمنى قارىتىپ ئۇچمايمەن. سېنىڭ ماڭا ئوخشاش ھەم ئىگىز، ھەم يىراقلارغا ئۇچۇش نىشانەڭ يوق تۇرسا، قانداقمۇ ماڭا ئوخشاش ھەم ئېگىز، ھەم يىراقلارغا ئۇچالايسەن؟ " دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

***

# ۋەتەن مۇھەببىتى

مۇنىرە رىشات ( ئوقۇغۇچى )

جان ۋەتەن نامىڭنى ئالسام تىلىمغا،
ئۇرغۇيدۇ قەلبىمدە ئوتلۇق ھايا جان.
مۇقەددەس تۇپرىغىڭ ئۈچۈن مۇھەببەت،
ئوچمەيدۇ دىلىمدا مەڭگۈ ھىچ قاچان.

جاھاننى ئاختۇرۇپ كەزسەممۇ مىڭ رەت،
تېپىلماس سەن كەبى خىسلەتلىك دىيار.
مېھرىۋان قۇچىغىڭ بولغاچ داھاردەك،
بېغىشلار مەن ئۈچۈن سۆيگۈ ھەم مادار.

تۈگىمەس بايلىقنىڭ كانى سەن ۋەتەن،
ھەيۋەتلىك تاغلىرىڭ گويا كى گوھەر.
ئاقىدۇ شوخ سۇلار چاچرىتىپ ئۈنچە،
ئۇنىڭ ھەر تامچىسى مىسالى كەۋسەر.

قانداقمۇ پەرزەنتىڭ بولاي ئالدىڭدا،
سەن ئۈچۈن جېنىمنى قىلمىسام پىدا؟!
ئىلىم - پەن بېغىدا شان زەپەر قۇچۇپ،
قىلىمەن كەلگۈسى سېنى چىن رىزا.

# ئوپال ئورنەكلىرى

تۇردى سامساق

## سالام

سالام بوۋا ھورمىتىمنى قوبۇل ئال،
پەخىردىم مېنىڭ ساڭا سالام بەرگىنىم.
تارىخىمغا تەۋەرۈك بوپ قالغۇسى،
ئاستانەڭگە زىيارەتكە كەلگىنىم.

سەن بۈزرۈكۋار — ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى،
پەن بابىدا قەلەمكەشلەر پىرىسەن.
مەرىپەتنىڭ ئاسمىنىدا چاقنىغان،
مەڭگۈ ئۆچمەس يۇلتۇزلارنىڭ نۇرىسەن.

سەن مۇقەددەس ئۇستازىمىز، كۆيچىمىز،
پەخىرلىنەر ئەۋلاتلىرىڭ ئەبەتكە.
سەنغۇ چەكسىز بايلىق تولغان تېغىمىز،
ئېرىشتۈرگەن بىزنى ئولمەس لوغەتكە.

سالام ساڭا ئەي مەرىپەت چولپىنى،
قەشقەر ئوغلى ...
كەلدىم بۈگۈن قېشىڭغا.
زاتى كېرەم، ئەي ئېزىزان موھتىرەم،
بەشكىرەمدىن گۈل كەلتۈردۈم بېشىڭغا.

## ھاي - ھاي تېرەك

”ھاي-ھاي» تېرەك سايىسىدا تۇردىمەن،
ھەر شاخ بىلەن بىر - بىر سوھبەت قۇردىمەن.

ھەيرانىمەنكى زۇمرەت قاشتا ئولتۇرۇپ،
ئۇندىكى ھال - دىلغا ھىسلار تولدۇرۇپ.

بۇلاق بويى چوڭ تېرەكنى بۆكلىگەن،
قۇرۇق غولىنىڭ تېگى تال - تال كوكلىگەن.

چورىسىدە رىشاتكىلار رەتمۇ-رەت،
گويا ئۇلار قاراۋۇلدا چوڭ ئەترەت.

ھاي - ھاي تېرەك گويا ئۇلۇغ بىر پەدەر،
يىلتىزىدىن نەسىل ئوتكەن شۇ قەدەر.

”ھاي- ھاي» تېرەك، ھەيۋەت تېرەك، نۇرسۇپەت
بىزگە تارىخ، بەلكى بۇمۇ بىر لوغەت.

## نورۇز بۇلاق

نورۇز بۇلاق كوز چەشمىسى كوزۇمدە،
ئىچسەم دىلغا دەرمان سەزدىم ئوزۇمدە.
ئىخ... ئاجايىپ، كىمخاپ يەڭلىغ يېشىل قاش،
قالسام ···
ئەپسۇس نىزام بارغۇ تۇزۇمدە.

## ئوپال قىزى

ئوپال قىزى ناخشا بىلەن كۇتىۋالدى بىزلەرنى،
كوكۇل كۇيى، دىل ئارامى، گۇزەل سەھرا سەنئىتى.
مەيلىمىزنى مايىل قىلار، قەلبىمىزنى قايىل ھەم،
رەڭدار گىلەم سەھنىسىدە ئۇسۇللار نىڭ سەنئىتى.

راۋاپ، تەمبۇر تەڭكەشلەنگەن، نەغمىلىك داپ سا-
داسى،
بوستان بويلاپ كېتەر ئىدى باغرى كۇلگەن ئېتىزغا،
باغدا كاككۇك، كولدە ئودەك، كوكتە تورغاي
ناۋاسى،
ئۇن قوشاتتى مۇھەببەتنىڭ مېھرى ئاققان ئېغىزغا.

مەپتۇنمەن ئوپال قىزى، ئەمگەك قىزى گۇل قىزى،
سەنئىتىڭگە سۇرئەت ئالدىم، ھەرنازىڭنى ئىزدىگـ
ىدىن.
دىلغا دەرمان، ئىجادىمغا ئورنەك ئالدىم، كۇچ
ئالدىم،
مەخمۇت نامى نۇرلاندۇرغان، ناخشا كانى-
كوزۇڭدىن.

سالام ساڭا ئوپال قىزى، ئىجات قىزى، نۇر قىزى،
يۇرەك سوزى سىرلىرىمدىن ئۇنچە تىزدىم ئېلىۋال.
ئۇنچىلەر نىڭ ئارىسىدا بىر، بىر نەمەسىپ قويدۇم،
كوزۇڭ بولسا تونۇۋال-دە، ئىچ قوينۇڭغا سېلىۋال.

1983 - يىل ئاۋغۇست - سىنتەبىر، قەشقەر، ئوپال

## يۇرتۇم

( ناخشا تېكىستى )

سايىت سادىق

تۇغۇلغان يەر گۇزەل تۇپراق،
سۇيۇملۇك گۇل دىيار يۇرتۇم.
سىنىڭ مېھرىڭ يۇرەكتە ئوت،
كوكۇلدە ئىپتىخار يۇرتۇم.

قوينۇڭدا باھار-كوكلەم،
ياشنايدۇ ھايات كوركەم.

ھوسنۇڭ ئەيلىدى مەپتۇن،
مىنى چىن بەختىيار يۇرتۇم.

ھامان شانلىق سەپەر بويلاپ،
يېڭى غەلىبە زەپەر بويلاپ.
ئۇرلەبەت كامالەتكە،
كۇرەشتە جەڭگىۋار يۇرتۇم.

# يېزا ئىلھاملىرى

(چاتما شېئىر)

ھوشۇر ئىبراھىم

## مۇقەددىمە

مەن بارىمەن، يېزا ئارىلاپ، ئۈستەڭنى بويلاپ،
گويا ئېقىن سۇدا ئۈزگەن بېلىقتەك ئوينىاپ.
يوللىرىمغا سوگەت ـ تاللار سايە تاشلايدۇ،
سايە ئەمەس، پايانداز ئۇ، دىلنى ياشلايدۇ.
مەن بارىمەن، گۈزەل ئارزۇ قۇچاقلىرىدا،
ئالتۇن تاۋلاش ئۈچۈن تۇرمۇش ئوچاقلىرىدا.
كوز ئاپراتىم توغرىلانغان سۈرەت ئېلىشقا،
يانچۇغۇمدا دەپتەر ـ قەلەم داستان يېزىشقا.
پىكرىم تېرەن، تەپەككۇرۇم گوياكى شەمشەر،
تەسەۋۋۇرۇم تۈگىمىنىگە تۈيۈلار كەۋسەر.
مەن بارىمەن، خىيال ئېتىم تىزگىنىن سىرىپ،
دولقۇنلايدۇ ھاياجاندا يۈرۈگۈم ئىرىپ.
گۈزەل يېزام ئىشقى گويا قەلبىمدە گۈلخان،
مەن بارىمەن، كىمنىدۇر قېنىم توكۈلگەن ماكان.
ئاچا يىمپ زور ئۆزگىرىپسەن جەننەتكە تالىق
گۈلدەك چىراي بوپ كېتىپتۇ بارچە خالايىق.
كورگەنلىرىم شۈنچىلىك كوپ-تاغدەك تۈيۈلدى،
غەلبىگەدىن قەلب جامىغا مەيلەر قۇيۇلدى.
ئالتۇن يېزام سېنىڭدىن زور ئىلھاملار ئالدىم،
شانلىق غەلبە ـ پاكىتلارنى قەلبىمگە سالدىم.
پەقەت ئۈنىڭ تامچىسىنى قىلاي ھىكايە،
بۇ دىمەكلىك ئانا يۈرتقا چولتا مەدھىيە.

## باغۋەن

سېلىم ئاكا ئەللىك ياشتا، قېشى ئوسگەلەڭ،
بويى قامەت، كوزى ئوتكۇر، يۈزى ناۋاترەڭ.
خادىمدىن چاپان كەيگەن، بېلى باغلاغلىق،
قىشمىن، يېزىن كورسەڭ ئۈنى سەرپىش تۇما قلىق.
ساقال بۇرۇت خوپ ياراشقان چىراي-شەكلىگە،
پولات كەتمەن ھوسۇن قوشقان بويى ـ بەستىگە.
ئەل جامائەت ماختايدىكەن «ئۇستا باغۋەن» دەپ،
«قەن»دەيدىكەن ئۇ ئوستۇرگەن مىۋىلەرنى يەپ.
توت يىل بۇرۇن سېلىم ئاكا بولۇپ شادىمان،
بوز يەر ئېچىپ، تەر ئاققۇزۇپ، قىپتۇ باغ-ۋاران.
ئەنجۇر، ئۈزۈم، شاپتۇل، ئانار تىككىپتۇ رەت ـ رەت،
كېچە ـ كۈندۈز تەر ئاققۇزۇپ ئىشلەپتۇ پەقەت.
ھەر تۈپ مىۋە ئۈچۈن كومۇش تەرلەر توكۈپتۇ،
چولنى بوستان قىلىشنى ئۇ، دىلغا پۈكۈپتۇ.
كوچەتلەرنى ئەلا سورتقا ئۇلاپتۇ بىر ـ بىر،
سۇغۇرۇشچۇن ئېرىق ئاپتۇ، ياساپتۇ ھەم قىر.

ياخشى سۈپەت ئوغۇتلارنى كوپلەپ قۇيۇپتۇ.
چاڭقىماستىن كوچەتلەرمۇ سۇغا تويۇپتۇ.
كوچەت تۈۋىن يۇمشىتىپتۇ كەتمەندە چاناپ،
قۇم قۇيۇپتۇ، تۇپراقلارنى راسا ياخشىلاپ.
كۆنلەر گويا تەسۋى كەبى ئوتۇپتۇ قانچە،
سىلىم ئاكا بۇ كۆنلەرنى سەزمەپتۇ ئانچە.
چاپقانسىرى كەتمەن بىسى ئۇپراپ كېتىپتۇ،
كوچەتلەرمۇ يىللار ئوتۇپ بويىغا يېتىپتۇ.
ئوتكەن يىلى ياش كوچەتلەر مىۋە بېرىپتۇ،
ھەممە يەلەننىڭ مىۋىلەرگە ئاغزى تېگىپتۇ.
يېڭى باغنىڭ مىۋىسىگە بازار تولۇپتۇ،
يىگەن كىشى تاماق چېكىپ رازى بولۇپتۇ.
ئەجرى بىلەن بىنام يەردە ھالۋا پىشىپتۇ،
سىلىم ئاكا دارامىتى كوپلەپ ئېشىپتۇ.
مىڭ يۈەن پۇلنى ئېشىنىپتۇ بانكىدا قويۇپ،
قالغىنىنى يەپ-ئىچىپتۇ، كوز-قارنى تويۇپ...

سىلىم ئاكا شاتلىقىدىن سوزلەپلا كەتتى،
تەكلىپ قىلدى «تېتىپ كورۇڭ، ۋايىغا يەتتى.»
كىردىم باققا (ئۈچمۇ ئىكەن يېڭى باغ-ۋاران)
كوز تاشلىدىم ئاسماق - ئاسماق مىۋىلەرتامان.
«ئالتۇن» دىدىم شاخ مانتىسى-ئەنجۈرنى ماختاپ،
بوك-باراخسان بوپ كېتىپتۇ ھەر يانغا شاخلاپ.
شاخلارئارا ئـاچا - دىيەك قـويۇلغان قاتار،
پىشقان ئەنجۈر بۈرنىدىن زەر-شەرۋىتى ئاقار.
ئۈزۈپ ئېلىپ بىرنى شاختىن ئاغزىمغا سالدىم،
تەمى تىلنـى يېرىۋەتتى، ھەيرانلا قالدىم.
«ئېخ! سۇ يۇملۇك ئۇستا باغۋەن، ئاپىرىن!» دىدىم...
كوڭلۇم ياير اپ، ئەنجۈرلەردىن تويغىچە يىدىم...
مىۋىلەرنىڭ تاتلىق تەمى دىلغا ئـورۇلدى،
ئىلھام تېشىپ چىن قەلبىمدىن سەلدەك قۇيۇلدى.
باركاللا، كومپارتىيە سىياسىتىگە!
بـاركاللا، سىـلىم بـاغۋەن ماھارىتىگـە.

## „ئەمەتخان باي“

ئامەت كەلسە دەپ، ئىزدىن دىخانغا تولۇق،
ئىشلەش بىلەن ئوخشايدىكىن زىرائەت بولۇق.
«ئەمەت گاداي» بۇ سوزۇمنىڭ ئىسپات-دەلىلى،
بوپ قاپتۇ ئۇ بۈگۈن مانا بايلار سەرخىلى.
ئۇن نەچچە يىل بۇرۇن بەش جان ئەمەت دىگەننىڭ
سورسىمايلا قوي، ئوي ئىچىدە ئۆلار يىگەننىڭ؟
ئەرۇ-خوتۇن جان قاخشىتىپ ئىشلىگەن تىنماي،
چوڭ ئوغلىمۇ كارغا كەلگەن-تەر توككەن ھارماي.
لېكىن كۆزدە ئۈچ كىشىگە تەگمەي دارامەت،
قەرز ئۈستىگە قەرزلەر ئارتقان يىللاپ-داۋامەت.
ئۈچ جان ئىشلەپ ئىككى جاننى باقالمايشۇنداق،
ئويلار ئىدى كېچە-كۈندۈز «قىلىمىز قانداق؟»
.................................................
يەر كوكەرمەس، گۈل ئېچىلماس يامغۇر بولمىسا،
ھوسۇل بەرمەس يەرمۇ، دىخان كۈچقا تولمىسا.

سىياسەتـتىن بەخت قۇشـى قوندى بېشىغا،
كەلدى ئامەت، كەلدى قايـتا دىخان ئىشىغا.
ئەمەت بۇ يىل كوپ بولغانىدا قىرىق بەشتە باردۇر،
ئۈنىڭ بۈگۈن تۇرمۇش كۆنى باشقىچە ھالدۇر.
ھوددە يەرگە ئەمەت ھەر يىـل راسا ئىشلىدى،
كىۋەز تېرىپ ساتـقان پۇلغا ناۋات چىشلىدى.
ئاق دوپـپىنى چېكىسىگە كىيىـپتۇ ئەپچىل،
يانچۇقتا پۇل... ھېچنەرسىدىن ئەمەسكەن خىجىل.
ئاشلىقلىرى پاتماي قاپتۇ تاغار - تاغارغا
باغلاپتۇ ئۈي، ئېشەكلەرنى رەتلىك قاتارغا.
يېڭى سالغان ئويىگە كىرسەڭ كوڭۇل يايرايدۇ،
تەكچىسىدە ئۈن ئالغۇبار، غەزەل ياڭرايدۇ.
تامدا گىلەم، يەردە كىگىز، ئىسىل شىرداقلار،
قوتىنىدا لىغىلدايدۇ سېمىز بورداقـلار...
بۇرۇنقىدەك قەرزنى سۇلەپ كەلمەيدۇ كادىر،

ئۈچ مىڭ يىلدىن ئوشۇق پۇل بار بانكىدا ھازىر.
ئوتكەن يىلى چوڭ ئوغلىنى ئۆيلەمۋالدى ئۇ،
ئۆي كەينىگە ئەپچىل باغچاق قىلدۇۋالدى ئۇ.
قول ئۈزاتسا يېتەر ھەريان — توققۇزىمۇ تەل،
گۈل باھارلىق دەۋردىلا ئارزۇ بولدى ھەل.

كومپارتىيە ئۇلۇق، دانا — دەۋرىمىز گۈزەل،
باي بولۇشچۇن ھەممىدىن بەك سىياسەت ئەۋزەل.
ھايياجاندا دوپپامنى مەن ئاسمانغا ئاتتىم،
"ئەمەتخان باي" سېنى ماختاپ قوشاققا قاتتىم.

# يۈرەك سوزى

ئون نەچچە يىل بۇرۇن كېلىپ ھېلىمخاننى،
يوقلىغاندا قويغان ئىدى ئۈچ زاغرا ناننى.
بۈگۈن يەنە يوقلاپ باردىم ئۇنىڭ ئۆيىگە،
ھۆرمەت بىلەن چىقاردى ئۇ، ئۆيىنىڭ تۆرىگە.
كەگرى داستان سېلىپ، قويدى قاتلىما، ھەمەك،
پىشقان تۇخۇم، قەن — ناۋاتىمۇ ئالدىمدا، دېمەك.
"يېگەن ئوغلۇم"، — دېدى مېنى ئاغزى بېسىلماي،
ھەم كەتكىنى قويمىدى ئۇ، قازان ئېسىلماي.
شۇ ئەسنادا قاقاخلىغان توخۇلار ئۈنى —
چىقىپ كەتتى، ھەيران بولۇپ سورىدۇم ئۈنى.
— مەن سوزلىمەي، ئوزۈڭ چىقىپ كورۈۋىباق، — دېدى.
نەۋرە ئوغلى — تۇرغۇنجاننى ماڭا ياندىدى.
چىقىپ ئارقا ھويلىسىغا كوڭلۈم سويۈندى،
كوزلىرىمگە بىرتۈپ رەڭدار بولۇت كورۈندى.
دانلىشاتتى مىكىيانلار توپ — توپى بىلەن،
چۈرۈقلايتتى چوجىلەرمۇ رەت — رىتى بىلەن.
قىبلەتامدا يوغان كېتەك — ئۈستى يېپىلغان،
توت تەرىپىگە رەتلىك قىلىپ ئۇۋا سېلىنغان.
ئۇۋىلاردا مۇشتەك — مۇشتەك تۇخۇملار توپى،
تۈتۈپ كۈرسەم ئىسسىق ئىكەن ئۇلارنىڭ كوپى.
بىر تەرەپتە سۇ كورىسى، تاغاردا قوناق،
بىر تەرەپتە كېپەك، كوكتات يەنە ئاقۇشقاق...
تۇرمۇش دېگەن شۇنداق نەرسە قىسمىتى ھەرخىل،
گاھ سېرىقتال، گاھ باياشات ئوتمەيدۇ بىر خىل...

دەر ھەقىقەت ئۇمۇ دەۋر چارقىغا باغلىق،
قانۇنىيەت بۇ ئەزەلدىن شۇنداق ئاتاغلىق...

× ×

ھېلىمخان چىقىپ كەلدى ئالدىمغا مېنىڭ،
ئىززەت بىلەن باردىم مەنمۇ ئالدىغا ئۇنىڭ.
سويدۇم ئۇنىڭ ئەمگەكسويەر بىر جۈپ قولىغا،
نەزەر سالدىم رۇخسارىغا، زىلۋا بويىغا.
ئاپپاق چېچى قىردىلىقتىن بەرسىمۇ دېرەك،
بەكمۇ تېمەن، تېتىك ئىدى، شۇنداقلا زىرەك.
— دارامىتىڭ قانداق ئانا، ھە، ھالىڭ نىچۈك؟
ياشانغاندا قانداق قىلدىڭ ئىشنى مۇنچىلىك؟
— كومپارتىيە سىياسىتى كۈچ — قۇۋۋەت بەردى،
ھالال تەرىم، مەدەت بېرىپ قەددىم كوتەردى.
كىرىم پۇلۇم ئىككى مىڭدىن ئېشىپ كەتتى تېز،
توخۇ باققان ئەجرىم بىلەن مەن بولدۇم ئېزىز.
بۇرۇن قۇرۇق ئۇستىخاننىم، يېلىگىم تولدى،
يېلىڭ ئىدىم، كىيىم — كېچەك توشقەۋەت بولدى.
نەۋرەمگىمۇ ئېلىپ بەردىم «پىڭخاڭ»① ۋەلسىپىت،
چاپان كەيدىم دوخاۋدىن، كوينىگىم جەرجېت.
رادىيو بار، سوز ئاڭلايمەن ئۇلۇغ بېيجىڭدىن،
رەخمىتىم كوپ پارتىيىگە ئوتلۇق دىلىمدىن!...
يۈرەك سوزى دىلىنىڭ نازۇك تارىنى چەكتى،
ھاياجاندا كوزۈمدىن ياش توكۈلۈپ كەتتى...
نىمە دېگەن ئاق نىيەت ئۇ، قەلبى ساپ گوھەر،
يۈرۈگۈمدىن ئۈنى كۈيلەپ ئوقۇدۇم غەزەل!

① «تورۇزا» ماركىلىق ۋېلسىپىت

# ئەۋلات غۇرۇرى

»كوكتاتچىلىق« قاسىم ئۈچۈن بوۋىدىن مىراس،
ئۇزۇن يىلدىن بۇ كەسىپنى ئىشلىگىنى راس.
بىراق، قاسىم بۈگۈنگىدەك روناق تاپمىغان،
دادىسىمۇ بۇنى ھەرگىز ئويلاپ باقمىغان.
ئون نەچچە يىل بۇرۇن سايىم ئاكا ھايارتى،
تۇنجى ئوغلى قاسىم ئاكا ئۈچقۇر قاناتتى.
راسا ئىشلەپ بىر يىلى ئۇ تېرىدى كوكتات،
لېكىن ئۇنىڭ نەتىجىسى بولدى ئاھ،ۋاي-دات!
مۇشتەك-مۇشتەك باش چىقىرىپ ئاينىغان تۇرۇپ،
بىر سەھەردە بۇيرۇق بىلەن تاشلاندى يۇلۇپ.
-قۇڭلۇق يەرگە سەي تېرىپسەن، دېدى شىپاۋدۇيجاڭ،
-كاپىتالىزىم ئەۋج ئاپتۇ،-دېدى دادۇيجاڭ.
لاڭخا، بەسەي، ياڭيۇ، لازا چاناپ تاشلاندى،
سايىم ئاكا ھەم قاسىمنىڭ كوزى ياشلاندى.
نەخ مەيداندا كۈرەش-يىپەن ئەۋجىگە چىقتى،
»كاپىتالىزىم قۇيرىغى« نى گورىگە تىقتى.
بىرسى كەتمەن چۈلدىسىنى كوتەردى ئېگىز،
بىرسى كورسەتكۈچ قولىنى قىلدى زىخ-بېگىز.
قولنى باغلاپ، ئېگىشتۈرۈپ قىلدى شەپەرەڭ،
سايىمكامنىڭ يۈز-چىرايى بولدى چەيزىرەڭ!
-تووا قىلدىم، ئەي خالايىق، بولدى قىلىڭلا،
جاننى مۇنداق قىينىغىچە گوردە قويۇڭلار!
پەريادىغا پەرۋا قىلماي قىلدى سازايە،
ئەشۇ ۋەقە يۇرتقا سالدى قاپقارا سايە.
دىگەندەكلا سايىم ئاكا گوردە ياتتى،
قاسىملارنىڭ يۇرىگىگە تومۇرزىخ پاتتى!...

× ×

ئۇلۇغ ۋەتەن چوملىگەچكە باھار پەيزىگە،
قاسىم يەتتى بۇ باھارنىڭ قىممەت-قەدرىگە.
خوشال قىلىپ ئاتا-بوۋا روھىنى قاسىم،
كوكتات تېرىپ، بۇرۇنقىدەك يىمىدى ۋايىم.
ھوددە يەرنىڭ بىر قىسمىغا تېرىپ سەي-كوكتات،
قالغىنىغا ئۇندۇردى ئۇ ئاشلىق - ناباتات.
قۇش كەسىپتىن قوش مېغىزدەك دارامەت ئالدى،
ئىككى يىلدا قەد كوتىرىپ باي بولۇپ قالدى.
ئوخشاپ كەتتى لازا، شوخلا، جاڭدۇ ھەم بەسەي،
ئوخشاپ كەتتى چاچتەك لەغمەن - ئوخشىغاچقا سەي.
يىراق-يېقىن بازارلارغا موتۇدا ① ئۇچتى،
ھالال تەرنىڭ بەدىلىگە شان-شەرەپ قۇچتى.
ئالدىن ماڭغان ئەزالارنىڭ بىرى بولدى ئۇ،
سوتسىيالىزىم دەۋرىدىلا كۈچتا تولدى ئۇ.
غەم-قايغۇسىز ياشناپدۇ ئۇ، باياشات ئىلقتا،
كوڭلى ئارام تېپىپ قالدى كوكتاتچىلىقتا...
خوشال بولدى دەۋرىمىزدىن ئەجدادلار روھى،
كوككە يەتتى پەرۋاز قىلىپ ئەۋلات غۇرۇرى!
دېخان كۈلەس شات-بەختىيار دەۋران بولمىسا،
دەۋر گۈللەپ-ياشنىمايدۇ ئىمكان بولمىسا،
ئىمكان بولماس، كومپارتىيە جانان بولمىسا.
شۇڭا دەيمەن چىن يۇرەكتىن جاراڭلىق ھامان
ئاپىرىن! ئەي كومپارتىيە، ئەي قەدرى جاھان!

## خاتىمە

يازدىم دوستلار، تەسىراتىمنىڭ ئوندىن بىرىنى،
دېخانلارنىڭ ئەجرى بىلەن ھالال تېرىنى.
شۇ كومۇش تەر قەلبىمدە زورقىيان بوپ ئاقتى،
ھىسياتىم دىل خەزىنەم ئىشكىنى قاقتى.

① موتو - موتوسىكلىت

ئويغانغانداك سەھەردىكى تاتلىق ئۇيقىدىن،
نۇرغۇن بىلىم ئالدىم دوستلار يېزام قوينىدىن.
كومپارتىيە بەرگەچ ئىمكان دېخانغا تولۇق،
باي بولۇشنىڭ داغدام يولى ئېچىلدى نۇرلۇق.
ئورلە دېخان، باتۇر خەلقىم تاپقىن بەرىكە،
كېلىچەكتە ئوينايلى بىز قۇتلۇق مەرىكە!

مەن قايتىمەن، گۈزەل يېزام كوزوم كەينىدە،
كوڭلۇم قالدى ئىختىيارسىز يوق ئۇ مەيلىمدە.
قايتماقتىمەن، ئېزىز يۇرتۇم، جانىم تەندىدۇر،
ئوزوم قايتقان بىلەن ھامان
كوڭلۇم سەندىدۇر !

1983_ يىل قەشقەر.

# باھار تۈيغۇلىرى

ئابدىرىشىت سەلەي

## باھار شامىلى

سوقتى باھار شامىلى،
تەبىئەتنى ئويغوتۇپ.
گۈرۈلدەيدۇ تىنىمسىز،
دەل - دەرەخنى ئوينۇتۇپ.

ئېتىزلىققا يول ئالدى،
يەڭنى تۈرۈپ دېخانلار.
باھارنىڭ شامىلىدىن،
ھوزۇرلاندى بۇ جانلار.

كوكتىكى پاراشوت كەبى،
كورۈندى ئاق لەگلەكلەر.
شىلدىرلىسا چۈچىسى،
خوشال بولار گۈدەكلەر.

ئەي، باھارنىڭ شامىلى،
ئەجەپ ئىللىق پۈرايسەن!
دەپتىرىمنى ۋاراقلاپ،
ئېيتقىن نىمە سورايسەن؟

## باھاردىكى كۈمۈش قار

چۈشەر ئويناپ ئاپپاق قار،
تىۋىتتەك توزغاقنىڭ.
كورسەتمەكچى بولغاندەك،
ھەيۋىسىنى سوغاقنىڭ.

كۈلدى قۇياش پاللىدا،
بىر ئەجەپلىك تۇيۇلۇپ.
ئېرىپ كەتتى كۈمۈش قار،
چۈشكىنىگە ئۇيۇلۇپ.

## باھار سۈلىرى

ئەگەر بولۇپ ئۆستەڭدە،
ئاقار باھار سۈلىرى.
ئەجەپ خۇش ئاڭلىنار،
شاقىرىغان ئۈنلىرى.

تولغۇنار ئېرىقلاردا،
شوخ قىزلاردەك ناز قىلىپ.
ئېتىزلارغا يول ئالار،
مول ھوسۇلغا ساز چېلىپ.

## باھار ئەلچىسى

كوك ئاسماندا سەپ تارتىپ،
تورنىلار ئۇچۇپ ئوتتى.
خۇش - يېقىملىق ئاۋازى،
زېمىننى قۇچۇپ ئوتتى.

ئېتىپ كوككە بوكىنى،
شاتلىنىشتى بالىلار.
ئەي، باھارنىڭ ئەلچىسى،
خۇش كەپسىلەر تورنىلار!

## گۈلباھار

باش باھاردا خوشنامنىڭ،
ئايىلى بىر قىز تۇغدى.
گۈزەل باھار ئىشقىدا،
"گۈلباھار" دەپ ئات قويدى.

تەبرىكلەپ قوچتى شامال،
قىزنىڭ چېچى يەلپۈنەر.
شاتلىقتىن ئاتا - ئانا،
گۈلباھارغا تەلپۈنەر.

## مەدەنىيەت خەۋەرلىرى

« شىنجاڭ ياخشى » رەسىملەر كورگەزمىسى بېيجىڭدە ئېچىلغاندىن كېيىن، جۇڭگو گۈزەل سەنئەت سارىيى 16 پارچە ئەسەرنى سېتىۋېلىپ ساقلاشنى قارار قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئاپتورلارنىڭ ئەسەرى 3 پارچە. بۇلار: گۈزەل سەنئەت جەمىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ دائىمى ھەيئەت ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك گۈزەل سەنئەت جەمىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمەت ھېيتنىڭ «باش باھار» ئەسىرى، گۈزەل سەنئەت جەمىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك گۈزەل سەنئەت جەمىيىتىنىڭ دائىمى ھەيئەت ئەزاسى خۇاڭ دالېيىنىڭ «كېيىنكى ئەۋلاتلار ئۈچۈن» ئەسىرى، گۈزەل سەنئەت جەمىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك گۈزەل سەنئەت جەمىيىتىنىڭ ئەزاسى ئابدۇۋايىتنىڭ «دېھقاننىڭ خۇشاللىقى» ئەسىرى.

# بىر سەيپۇڭ توغرىسىدا ھىكايە

(ھەجۋى ئۇچېرىك)

نۇر مەھەممەت ئېركى

يازاي بۇگۇن جامائەت،
بىر سەيپۇڭدىن ھىكايەت.
بىر ساختىدىن يىرگىنىپ ،
مىڭغا قىلماڭ مالامەت.

شۇنداق ئىلھام كەپ قالدى،
مېنى يازغىن دەپ قالدى.
سەيپۇڭنى دوست تۇتقانىغا،
بەردىم كورۇڭ كاپارەت.

## تونۇش سەيپۇڭغا ئىش بېرىش

كېچە ئالدىم پەلتولۇق،
دىلۇن دىگەن رەختىن مەن.
بەردىم تونۇش سەيپۇڭغا،
كوردۇم قىزىق كارامەت.
رەخ ئېلىشىنىڭ ئۇستىدە،
سەيپۇڭ ھازىر ۋە نازىر...
ئالغان رەخنى "يىتەر" دەپ،
قىلىپ تۇردى قىرائەت...
ئوزى ئالدى ھەتتاكى،
لازىمەتنى خىلمۇ ـ خىل...
"چىقىم" دا ئۇ بولدى مەرت.
قىلدى قالتىس شىجائەت،
رەختىن ئارتۇق ئالدى ئۇ،
سۇرۇشكىنى بىر چەندان.
بىر يانچۇققا بىر مېتىر،
رەخنى ئالدۇق سالامەت.

يانچۇقلىغى يەتمىسە،
ئەستەرلىگى ئاز كەلسە...
ئېلىپ بېرىش ۋەزىپەم،
تېخى قالدى ئامانەت.
ئۇنۇتمىدى تىۇگمىنى ،
ھەتتا ماگا ئالدۇردى..
كورسەتتى ئۇ ، ئاجايىپ،
قاۋقاشلىقتىن ماھارەت.
باشلاپ كىردى ئاخىردا،
"پىچىمچى" نىڭ ئالدىغا.
سىزدى پوسۇن شەكلىنى،
شاھىت قىلىپ كىتابەت.
بۇ "شاھىت" نى بەردى ئۇ،
"رەسمىيەت"نى توغرىلاپ.
"ئىش پۇتۇش كۇن" ئۇستىدە،
بەردى قەغەز، كايالەت.

AltunOq

## سەيپۇڭنىڭ ئەتىسى

سەيپۇڭ ئۇستام «ئەتە»سى،
خۇددى مەسىنىڭ ۋەدىسى.
ئەتە ، ئەتە ، ئەتىدىن،
قىلار دائىم تىلاۋەت.
مىڭ «ئەتە» دىن بىر «ئەتە»
راستچىقمىغاي ھىچقاچان.
يادىڭدا يوق بىر «ئەتە»،
تىلەك بولغاي ئىجاۋەت.
پۈتۈن نۇقسان تۈزەلگەي،
بۇ جاھاندا ۋە لىكىن،
تۈزەلمىگەي سەيپۇڭدا،
بۇ «ئەتە» گە خىيانەت.
شۇ خىيالدا شەكلەندىم،
«كاپالەتكە» مەن قاراپ...
مەخسۇم سۇپەت بىرۇۋتنى،
ئۇيناتتى ئۇ، شۇ سائەت.
تالىپ سۇپەت ھىجايدى،
بوينىنى ئۇ قىيشايتىپ،
ئىشقا سالدى «ئىش ئېلىش»،
ۋاقتىدىكى «لىتاپەت»:
جوزا قويدى ئىززەتلەپ،
يالغان كۈلدى ھورمەتلەپ...
ئىشەندۈردى ئاجايىپ،
قىلىپ جىلۋە، نازاكەت.

تەقلىت قىلىپ تۈلكىنى،
ساختا سەيپۇڭ سۈلكىنى...
ئۇ مۇغەمبەر كۈلكىنى،
چاغلاپتىمەن ساداقەت.
توزاق قۇرسا تاپانغا،
كېسىلمىگەن چاپانغا.
ئوقۇپتىمەن رەخمەتنى،
كورمەي تۇرۇپ زىياپەت.
«چاپان پۈتۈش كۈنى» دىن،
باردىم بەش كۈن كېيىن مەن.
قىلدى شۇئان «ئەتە» نى،
سەيپۇڭ ئۇستام ئىناyeت.
چاپان پۈتتى دىدى ئۇ،
قالدى پەقەت قول ئىشى...
«ئەتە» كىيىپ كەتسىلە،
خۇدا قىلسا ئىرادەت.
بۇنداق يالغان ۋەدىدىن،
بۇنداق چەكسىز ئەتىدىن،
بۇنداق كەلدى-كەتتىدىن...
بولۇپ تۇردى داۋامەت.
كىم بىلىدۇ جاۋەندە،
رەختىم بەلكى ئۇخلىغاي ...
«ۋەزىيەت» تىن خەۋەرسىز،
ئىلىپ ئارام - پاراغەت ...

## ئىش بۇزۇپ پۇت ئېتىش

شۇنداق «ئۇلۇغ ئەتە» دىن،
ئوندىن ئارتۇق «ئەتە» نى.
دەل ئوتكۈزۈپ باردىم مەن،
يەنە قايتتىم خىجالەت ...
سوڭقى نوۋەت بىر ئەرتە،
بېرىپ كوردۇم چاپاننى.

موخۇر قىلغان ئاجايىپ ،
بۇزۇپ سەيپۇك ئىناۋەت.
چوڭ دەرت دىسەم ئەتىنى،
ئۇ چىقاردى سەتىنى ...
پۇتنى ئىتىپ تۇردى — دە،
ئىشنى بۇزۇپ قاباھەت.
ئانداق تىكىڭ دىسەم مەن،
كورۇڭ مۇنداق تىكىپتۇر ...
بىراق تىخى گىپى جىق،
قىلىش تۇگۇل نادامەت.
زاكاز قىلسام يانچۇقنى،
چاپلىما دەپ مەن ئىينىق.
ئىش زاكازچە بولماپتۇ،
بۇ قەيەرچە دىيانەت؟
دىسەم: ئەبەل قىلماپسىز،
بۇيرۇتمىغا مۇشۇنداق؟
ھىچ چويلىدا توختىماس،
بەرگەن جاۋاپ — شىكايەت:
رەخنىڭ ئىينى تار ئىكەن،
باشقا ئەيىپمۇ بار ئىكەن.
رەخ ئاز كىلىپ ئوتكۇزدۇق، —
دىدى،—بۇنداق كاساپەت.
دىدىم: رەخنى ئالغاندا،
سىز ئۇستىدە تۇرغانمۇ؟
دىدى. كەسسەك يەتمىدى،
بىز تىرىشتۇق بىغايەت.
بەرگەن جاۋاپ ئەپلەشمەي،
مەنتىقلىرى يەملەشمەي ...
ئاخىر چۇشتى ماختاشقا،
مىينىگدە يوق لاياقەت.
ئۇزۇن بولدى بويلىرىم،
غۇنچە بويلۇق تۇرسامۇ...
قاۋۇل بولدى ئۇسقىنىم،
ئوزۇم كاتتا ناھايەت.
كاتتا ئادەم ئىمىشمەن،

چاپاننى "زور" تىككەنمىش.
كىچىك چاپان بىرەرمىش،
كىچىكلىكتىن دالالەت.
مىنى شۇنداق "چوڭ" دەپتۇ،
چاپاننى تار تىكمەپتۇ.
شۇڭا رەختىم يەتمەپتۇ ...
بۇ باھانە ئىبارەت.
دىدىم: زاكاز قانۇنى،
ئىش قىلىشتۇر زاكازچە.
تەشكىل بۇنى دىگەندۇر؟
سىز قىلماپسىز ئىتائەت.
دىدى: سىلە چوڭ سۇپەت،
بۇ چوڭ سۇپەت تۇرىدۇ ...
چوڭ سۇپەتكە لايىقتۇر،
ئوز لىرىدە جاسامەت.
يىگى پاسۇن شىتىلە،
ئۇنى كىيەر پىتىلە ...
كونا پاسۇن تۇرغاندا،
يىڭى پاسۇن نەھاجەت!؟
سىز كىيەمسىز چاپاننى؟
دىدىم ئاكا،—ياكى مەن؟
بۇيرۇتمىغا خىلاپلىق،
نەدىن چىقتى بۇ ئادەت؟
مانتۇ بۇيرۇپ ئاشپەزگە،
موما بەرسە ئالامسىز؟
قىينى بىر ئاز ئىشلىتىڭ،
بۇ ھەقتە سىز پاراسەت؟
ئىيتىپ كەلسەك چاپاندا،
كوپتۇر ھەرخىل قۇسۇرلەر.
مەن بۇ يەردە دەپ ئوتەي،
يەنە ئۇچ خىل قاساۋەت:
قويۇن يانچۇق ئىچىپسىز،
ئوڭ تەرەپكە بەك قىزىق.
بۇنى قىلماس جاھاندا،
سىزدىن بولەك ھاماقەت،

يارىتىپسىز دۇنيادا،
بۇنداق يېڭى "كەشپىيات"
چىقاردىڭىز بۇ ئىشنى،
كىمدىن ئېلىپ ئىجازەت؟
پەتلە- مەن دەپ تۇرۇپتۇ،
قاراپ ئەنە سەت توشۇك...
يېپى پوقلاش مىسالى،
بىر خارابە ئىمارەت.
قىلالماپسىز پەتلىنى،
شىداپ گويا توقامدەك...
ئېسىت سىزگە چوك بىنا،
ئىسىت سەيپۇك سالاپەت!
توشۇك بىرسى بەك يوغان،
ئەتسەم توگمە توختىماس...

بىرسى پاتماي چىلىشتىم،
تۇگمە بىلەن بىر سائەت.
يەشسەم ئېتىپ بىر مەررە،
ئۈزۈلدى پاس تۇگمىسى.
ئېتىپ - يېشىش تۇگمىنى،
بولدى ئەجەپ رىيازەت.
تۇتالماپسىز قوساقنى،
بىر تال يىپقا كەگىردەك..
سىز تۇتۇپسىز بۇ ئىشقا،
بەك تېجەشلىك سىياسەت.
هەر ئۈزۈلسە تۇگمىسى،
كۇلدۇم كورۇك بىر قېتىم...
سەيپۇكلارچە مەرتلىكتىن،
بەرگەچ بۇ ئىش بىشارەت.

## تەتۇر „ تولەم “

بىز قىلىشتۇق بىر زامان،
ۋارى - ۋارى شۇ يۇسۇن.
ئاخىر بولدى " سەن " لىشىش،
قاندا ئورلەپ هارارەت.
ئېيتتى ئاما: نۇقسانىنى،
سەيپۇك ئۇستام تۇزىتىڭ!
باشقا سەيپۇك ئۇستامغا،
سىز كەلتۇرمەڭ هاقارەت!
چاپان - پەلتۇ بولماپتۇ،
بوپتۇ كاۋا سامسىسى...
كورگەزمىگە قويغىدەك،
قىزىق كېسەل - ئاسارەت.
سەيپۇك ئەپتى بۇزۇلدى،
هايا يىپى ئۈزۈلدى...
قارا مۇشۇك تاشلىدى،
يەنى يولسىز خاراجەت.
دىدى سەيپۇك " ئەپبەرسۇن
رەختىن يەنە قىرىق سانتى. "
دىدىم: " ماقۇل " بۇنىڭغا،
ئەپسۇى قىلىپ پالاكەت.
" ئوڭلاش هەققى بەش كوبچەن "-
دىدى سەيپۇك ئارقىدىن.
يىمەك بولدى هالال دەپ،
ئەشۇ هارام دارامەت.
كەلدى قەهرىم بۇ چاغدا،
شۇ ئىنساپسىز گەپ ئۇچۇن،
دىدىم هارام يىمەككە،
قىلمىغىن سەن جاسارەت!
ئەمەل قىلماي زاكازغا،
بۇزۇپ قويۇپ چاپاننى.
يەنە خەققە ساتامسەن،
ئونكۇزۇپ سەن جىنايەت.
ئىككى ئون كوي رەخ ئوزى،
كەتتى سىمكار ئون بەش كوي.

يەنە ئۇن كوي بەر دىسەڭ
بۇ نىمە ئىش، نە ئاپەت؟
تۇخۇم ئالسام بىر موغا،
مەن بوياتسام ئۇن موغا،
قىلىشامدۇ ئادەملەر،
مېنى زاڭلىق ئالامەت؟!
قانچە نۇرغۇن كىشىگە،

بۇنداق ئىشىپ تۇردۇڭسەن؟
قانچە هارام يىگۈزدى؟
بۇ سىھىرىگەر تاپاۋەت؟
سەن ئىشچىمۇ، سودىگەر؟
ئىشچى بولماس ھىلىگەر...
مەزمۇندىنى ھەركىمنىڭ
قىلىۋر ئىشى ئىشارەت.

## ئىش ھەققىنىڭ يۈزىنى قىل !

سەن قىلمىساڭ ئەگەردە،
تونۇش، بىلىش يۈزىنى.
كورسەتمىسەڭ ھاللىنىپ،
تەشكىلىگە ساداقەت.

ئىش ھەققىنىڭ يۈزىن قىل!
تونۇشلۇقنى بىلمىسەڭ...
"سىمكار» بىلەن تونۇش سەن،
شۇنىڭغا قىل رىئايەت.

"سىمكار »ئاتلىق نىمەرسە،
ئىش قىلغانغا بىردىلۇر...
ئىش بۇزغانغا بىردىمەس،
بۇ سوزۇمدۇر كىنايەت.

سەن دىگەندەك ئالارسەن،
ئىش ھەققىنى تەل ـ توكۇس...
مەن دىگەندەك ئىمىشقا،
ئىشىم پۇتمەس بۇ ھالەت؟

"مەسئۇلىيەت تۇزۇم" دەپ،
پىرىنسىپ بار بىلەمسەن؟
بىلمىگەچكە سەن بۇنى،
چىقتى ئاغرىق، ئاداۋەت.

خېرىدارنى خار كورمە،
جەمىيەتنى تار كورمە...
هارام پۇلنى يار كورمە،
تاپاي دىسەڭ كامالەت.

قولۇڭ كوردى بىر جۈپ نان،
ئوتكەن كۇنۇڭ ئۇنۇتما!
ئىككى، نانىنىڭ بىرىدە،

داپ چىلىش ئۇ، جاھالەت.
ئەدەپلىك ھەم مەدىنى ـ
بولسۇن دىدىم مەن سېنى.
بۇنىڭ يولى ـ پاك بولۇش
ئالدامچىلىق ـ شاقاۋەت.

بىر مۇسۇلمان مەن دەيسەن
زەررە ئىنساپ بىلمەيسەن...
ئوتەلەمسەن بۇرادەر،
ئالداپ شۇ خىل قىيامەت؟

بىر چاپانغا نەچچە رەت،
ئالماق بولساڭ ئىش ھەققى.
قانداق قوبۇل بولىدۇ،
ئويلاپ كورگىن ئىبادەت؟

"سۇپەت»، دەيسەن مەجلىستە
سۇپەت شۇنداق بولامدۇ؟
يېڭى زامان ئەخلاقى ـ
بىرلە قىلغىن تاھارەت.

بۇ كارخانا ـ ئورۇنىڭ،
داڭقى ئەلدە خېلى چوڭ.
"داغ » چوشۇرمە ئۇنىڭغا،
بۇزۇپ بۇنداق سانائەت.

× ×

ئىسىمىڭ ئوچۇق يازمىدىم،
قايسىڭ بولساڭ تېپىۋال!...
ئېركى يازسام نامىڭنى،
بىرەر ئەجەل، ئاھانەت.

1983 ـ يىل قەشقەر

# ئىككى شېئىر

ئابلىز ھەلىمىدىن

## گۈل باھارى كەلمىسە...

قار كوچۈپ، مۇزلار ئېرىمدۇ گۈل باھارى كەلمىسە،
قىر-ئېتەكلەر كۆكىرەمدۇ گۈل باھارى كەلمىسە.

ياڭزا - ياڭزا ئېچىلىپ گۈل باغلىرى چاچقان پۇراق،
بۇلبۇلى خەندان ئورامدۇ گۈل باھارى كەلمىسە.

يېڭى بەيگە سەپىرىدە يول بېسىپ چەبدەس بىلەن،
دۇلدۇلى تاغلار ئاشامدۇ گۈل باھارى كەلمىسە.

ئاسمىنىدىن سۇرۇلۇپ جۇت، چېھرىگە نۇرلار يېغىپ،
دىلدا ئىلھام قوزغۇتامدۇ گۈل باھارى كەلمىسە.

جان ۋەتەن! قوينۇڭدا ياراپ ئۆمرىمىز ئۆتمەكتە شات،
شائىرلىق كۈيگە قاتامدۇ گۈل باھارى كەلمىسە.

## دېخان

كەلدى كوكلەم جىلۋە قىلىپ، بۈگۈن مانا ھوت، دېخان،
پەيتىنى قولدىن بەرمەستىن كەتمىنىڭنى تۇت دېخان.

بەختىڭ سېنىڭ پارلىماقتا جۇلالىنىپ كۈنسېرى،
ئەل ئۈستىدىن قوغلانغاچقا، مەڭگۈلۈككە جۇت، دېخان.

بەھرى ئېلىپ سىياسەتتىن شىجائەتكە تولغاچقا،
راسا ئىشلەپ ئاتتۇردۇڭسەن مېھنىتىڭدىن قۇت، دېخان.

مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشتا ئىلىم - پەنگە تايانغان،
قىممىتى زور تەجرىبەڭنى خاتىرەڭگە پۈت، دېخان.

AltunOq

"كۆن سەھەردىن باشلىنىدۇ، يىلنىڭ ئىشى باھاردىن"
دېگەن ھېكمەت مەناسىنى چىڭ ئېسىمگە تۇت، دېخان.

تىكلەپ جەسۇر ئىرادەڭنى، ئىش قايىنىتىپ ئېتىزدا،
كۆز لۆككىدە تېخىمۇ زور شان ـ شەرەپنى كۈت، دېخان.

# ئۇستازىم بىلەن

مەھەممەت روزى

تاللەر، شىشىلىپ گۈللەر ئېچىلغان،
يوللار چىرايلىق ئىدى بىر ئاخشام.
شۇدەم ۋۇجۇدۇم تولدىزوق بىلەن،
كوڭلۇمدە ئوركەش ياسايدۇ ئىلھام.

تويۇقسىز كوزۇم چۈشتى چوڭ يولدا،
ياشانغان ئۇستاز قاسىم بوۋايغا.
كورۇپ مۇڭداشقان ئۇزاق ـ ئۇزاقتىن،
كورمىگەن ئىدىم يېقىندى ئايدا.

ئېغىز ئاچتى ئۇ مۇلايىمغىنا،
" تىرىشچان ئوغلۇم سەپەر قايا قا ؟ "
"تەتقىقات ئۈچۈن ماڭدىم ئۇستازىم،
ۋاقتىڭىز بولسا يۇرۇڭ بىز ياققا."

"ياخشى، يارايسەن ئوغلۇم!..."دېدى ئۇ،
چوڭ يولنى بويلاپ باردۇق مۇڭدىشىپ.
"ئەي ئوغلۇم،-دېدى مەنىلىك قىلىپ،-
تىرىش، ئىجات قىل، سۈرئەت قوغلىشىپ.

ئاڭلىسام ھازىر تىرىشىش قىلىپسەن.
« يۇلتۇز ھەققىدە » ئىلمىي كىتاپچا .
قىلغىن ئىجتىھات كۈتىدۇ بىزدىن،
ۋەتەن، دەۋرىمىز توھپە شۇ تاپتا...

پەندە تۇپ ـ تۇز يول بولمىغاچ ھېچ ۋاخ،
قان ۋە تەر بىلەن كېلەر يېڭىلىق.
ئۇلۇغ پارتىيەم بەردى چوڭ ئىمكان،
ئىستىقبالىمىز شۇنچە كەڭ ، ئىللىق.

مېنىڭ ھاياتىم قاندا قىلىغىنى،
نەچچە قېتىملاپ ئاڭلىغان ئىدىڭ.
« مارس ھەققىدە » يازغانلىرىمنى،
قىسسەلەر يېزىپ داڭلىغان ئىدىڭ.

شۇغۇللانسام مەن تەتقىقات بىلەن،
سەن چېپىپ يۇرۇپ ياردەم بېرەتتىڭ.
ھەر بىر ئىختىرا، يېڭىلىقلاردىن،
قەلبىڭ بېغىغا گۈللەر تىرەتتىڭ.

ئەمدى سەن بۇگۈن يېتىلدىڭ مانا،
قانات چىقىرىپ، بولۇپ مەرت قىران.
تەپەككۇرۇڭدىن كۈلسۇن لالىلەر،
نائىل ھەممىگە تىرىشچان ـ ئىشچان.

رازى مەن ئوغلۇم رامانىمىزدىن،
بىكار تۇرۇشتىن بولدۇم مەن يىراق.
( رەھبەرلىك مىنى "دەم ئېلىڭ" دېگەن)
ئىجاتتىن توختاش ماڭا يات يىراق."

دىلىمدا بىر ئوت ــ شۇ ئوت تىلىگىم،
پەرۋازلار قىلىش سەييار يولىدا،
ئېچىلىدىغۇ ئالەم سىرلىرى،
سەن ۋە مەن كەبى ئىنسان قولىدا »

دىلىمغا نەقىش ئويدى بۇ سوزلەر،
سەزمەي مەنزىلگە كېلىپمۇ قالدىم.

ئۇستازىم بىلەن قول تۇتۇپ بىللە،
گويا يۇلتۇزغا بېرىپمۇ قالدىم.

دىدىم: «ئۇستازىم قىزىتىپ چېلىش،
ئىلىم يولىدا قىلايلى جەۋلان.
بىلىپ دۇنيانى، سەييارىلارنى،
ئىنسان كۇچىدىن يازايلى داستان.»

..........::::::::::..........

# ياشلىغىم

مـەۋلان

نى ئارزۇ، غايىنى قەلبىگە پۇككەن،
ئارمانلار ئىشـقىدا تەرىنى توككەن،
ئۇندۇرۇپ ياشلىقنىڭ بېغىدا سەرخىل—
گۇللەرنىڭ، ئەل ئۇچۇن بەرگىنى توككەن،
ئەمەسمۇ شۇ مېنىڭ قىران ياشلىغىم.

قوندۇرۇپ دەپتەرگە بۇلبۇل ــ گويانى،
پارلىتىپ ئىجاتتا ئالـتۇن قۇرلارنى،
يۇرگۇزۇپ تەپەككۇر، ئىجات ئىشقىدا،
ئىجتىھات ئېتىدا كەزگـەن دۇنيانى،
ئەمەسمۇ شۇ مېنـىڭ سەيلان ياشـلىغىم.

مۇھەببەت بابىنى ۋاراقلاپ باققان،
ساداقەت جامىغا مەي بولۇپ ئاققان،
سويگۇدە ۋەتەننىڭ ئىشـقىدا يېنىپ،
ئانا ئەل كوڭلىگە ئاجايىپ ياققان،
ئەمەسمۇ شۇ مېنـىڭ ۋۇلقان ياشلـىغىم.

„ لۇكچەكلەر » ئەيلىسە يۇرەكنى زەرداپ،
بىلىمنىڭ كۇچىدە ئەيلىگەن بەربات،
دوسقا ــ دوس، دۇشمەنگە بولۇپ قەھرىتان،
مۇھەببەت ــ نەپرەتنى قەدىرلەپ ياشاپ،
ئوتكەنغۇ شۇ مېنىڭ ۋىجدان، ياشلىغىم.

ۋە لېكىن، مۇڭلاندىم ۋاقىتلار ئوتۇپ،
تۇرماسكەن مىنۇتلار ياشلىقنى كۇتۇپ،
زورۇرى ئۇنى چەن قەدىرلـەپ ياشاپ،
ئىختىرا ئەيلىسە ئولمەسكىن يۇتـۇپ،
ئاڭلا بۇ سوزۇمنى ھىجران ياشلىغىم!

# ئانا ھەققىدە ناخشا

ئابدىرېھىم ھەسەن

ئېخ، ئانا سوقىدۇ ئوتلۇق يۈرۈگۈم،
مۇبارەك نامىڭنى ئالسام تىلىمغا،
ھۆرمىتىڭ قەلبىمدە سۆيگۈگە تولۇق،
پاك مېھرىڭ تۇتاشقاچ چوڭقۇر دىلىمغا.

سەن بولغاچ جان ئانا كۆڭلۈم بېغىدا،
ئېچىلدى رەڭمۇ - رەڭ توزىماس چېچەك.
ھە، بۈگۈن نامايان بولماقتا مانا،
ئالدىمدا ئەتىكى گۈزەل كېلىچەك.

باغرىڭدىن ھېساپسىز نۇر ئىمىپ ئۆسكەچ،
باھاردەك تۇس ئالدى قىران ياشلىقىم.
ھۇرۇنلۇق ماڭا يات، ئەمدى چوڭ بولدۇم،
تۈگىدى نادانلىق "شوخ" بەڭۋاشلىقىم،

مەرىپەت بېغىدا كۈلگەن بالاڭمەن،
تونۇتقاچ سەن ماڭا ئاق ھەم قارىنى.
نەسىھىتىڭ جاراڭلاپ چېكىپ ئوتىدۇ،
رىشتىڭدىن ئېشىلگەن قەلبىم تارىنى.

ئاقلايمەن بۇرچۇمنى جەڭ - چېلىشلاردا،
ھالال، ئاق سۈتۈڭگە قىلماي خىيانەت.
كۆيمىسەم ئىشقىڭدا، سۆيمىسەم سېنى،
بولار بۇ مەن ئۈچۈن ئېغىر جىنايەت.

ھاياتىم تۆۋرىكى، ئۆچمەس چىراغىم،
ئىقبالىم تېڭىنىڭ چولپىنى ئۆزۈڭ،
كۆڭلۈم دەپتىرىگە پۈتۈلگەن مەھكەم،
"ئوغلۇم ئالغا باس!" دېگەن شۇ سۆزۈڭ،

جىسمىڭغا يارىشىپ بولغان مۇجەسسەم،
ۋاپادار، ئاق كۆڭۈل، چىدام، زېرەكلىك.
خىسلىتىڭ ماڭا يار، ياشايمەن چوقۇم،
ۋەتەن ھەم خەلقىمگە بولۇپ كېرەكلىك.

خۇشالمەن قويۇلغاچ دىل پىيالەمگە،
ئەي ئانا، مېھرىڭنىڭ سۆيگۈ شارابى،
ئانىسىز ياشاش ھەي، ئۆلگەندىن يامان،
ھەممىدىن بەك ئېغىر ئۇنىڭ ئازابى.

بىغۇبار پاك قەلبىڭ بىر ئەزىم دەريا،
ئېقىپ شۇ دەريادا ياشايمەن غەمسىز.
لەززەتلىك ئاق سۈتۈڭ سىڭگەچ تېنىمگە،
شەيدا مەن، بىر ئۆمۈر ساڭا مەن چەكسىز.

جان پىدا يولۇڭدا، يانمايمەن ھەرگىز،
توسالماس ئالدىمنى مۈشكۈل، تاغ - داۋان.
ئىرادەم مۇستەھكەم، نىشانەم پارلاق،
سەن بىلەن سەپىرىم بولغۇسى راۋان.

# خەلقىم

## پالقۇن ئۆمەر

يېڭى دەۋرىم ئېلىپ كەلدى ساڭا پۈتمەس مادار خەلقىم،
گۈزەل غايەڭ چېچەك ئاچتى، كۆلۈپ سەندە قارار، خەلقىم
جەسۇر پالۋانلىرىڭ ماڭدى سەپەرلەرگە قاتار خەلقىم،
ساما قوينىدا چولپانمۇ ساڭا خۇشۋاق باقار خەلقىم،
ئۈمىت شۇڭقارلىرىڭ كوكتە قاناتىن شوخ قاقار خەلقىم.

جاھان ئەھلى ئارا مەشھۇر مىراس ھەم شوھرىتىڭ باردۇر،
جىمى ئالەمگە ئەندازە بۈيۈك سوز سەنئىتىڭ باردۇر،
كۆكۆم قىلماققا تاغلارنى تېنىڭدە قۇدرىتىڭ باردۇر،
شۇڭا ئىقلىمدا ئوچمەس نۇر چىراقتەك ھورمىتىڭ باردۇر،
سىنىڭ شەنىڭنى دەيمۇ شول زامانغا نۇر ـ ياغار خەلقىم.

ھەقىقەتچى ئەزەلدىنسەن، ئۈنىڭ ئىشقىدا پەرۋانە،
قەدەملەر تاشلىدىڭ دادىل ئىلىم بابىدا مەردانە،
ئىجات ئوكيانىدىن سۈزدۈڭ داۋامەت ئۈنچە ـ دۈردانە،
ئەقىل ـ ھېكمەتتە قىلدىڭسەن پۈتۈن ئىقلىمنى ھەيرانە،
نادانلىقتىن يىراق شەنىڭ، دىلىڭدۇر بىغۇ بار خەلقىم.

بېشىڭنى باستىغۇ بىر چاغ ۋاپاسىز شۇم زامان تاغى،
ساڭا پۈتمەس ئەلەم بولدى قاباھەت قۇترىغان چاغى،
بولۇپ ئىز قالدى قەلبىڭدە رەقىپىڭ ئەيلىگەن داغى،
خازان بولدى رەزىل ئىسپلاس ئاياغدا پەن ـ بىلىم باغى،
شايتون ئىلكى قىلدى زەپ تېنىڭنى زەخمىكار، خەلقىم.

نىجىسلار ئەيلىدى ۋەيران غورۇر ھەم ئىپتىخارىڭنى،
ئوغۇرلاپ ئالدى تارىخىڭ، مىراسىڭ ـ قولدا بارىڭنى.
زۇلۇم ـ خورلۇققا ئۇچراتتى سىنىڭ پاك دىلى ـ ئارىڭنى.
ئۆچۈرمەك بولدى تارىختىن مۇبارەك ئۇشبۇ نامىڭنى،
قىسىلدىڭ، زارلىدىڭ يەتتى ساڭا پۈتمەس ئازار، خەلقىم.

بولۇپ كومپارتىيەم باشچى، يوقاتتى شۇمقا باھەتنى،
بېشىڭدا قۇترىغان زۇلمەت تۈنى قايغۇ ـ نادامەتنى،
داۋا بىرلە ساقايتتى سەندىكى ئوچمەس جاراھەتنى،
يېڭى دەۋرىم بىلەن تاپتىڭ ئومۇرلۇك ھور سائادەتنى،
قۇچاق ئاچتى گۈزەل ئەتە ـ ساڭا خۇشخۇي باھار، خەلقىم.

بۈگۈن كۈنسېرى جەڭلەردە قۇچۇپسەن شان ـ زەپەر كوپلەپ،
قىلار جەۋلانەھەر ياندا شىجائەت بايرىغىڭ لەپ ـ لەپ،
ھۇجۇم باشلاپتۇ ئوتكەلگە بولۇپ ئوغلانلىرىڭ سەپ ـ سەپ،
ئاتار ھەممە سېنى جەزمەن " ئىجات مۇنبىرىدە بار " دەپ،
بۈيۈكتۇر مەن ئۈچۈن نامىڭ دىلىمدا ئىپتىخار،خەلقىم.

بەختلىكمەن ئۇلۇغ ئەلنىڭ زەبەردەس نەسلىدىن بولغاچ،
تومۇرىمغا ئەبەت ئوچمەس ھەقىقەت قانلىرى تولغاچ،
دىلىم يايرايدۇ بۇلبۇلدەك چىمەن باغلاردا خەند ئۇرغاچ،
تېنىمدە قۇدرىتىم كوپتۇر گۈزەل ئىقبالنى يار قىلغاچ،
ساڭا بولغان تەشەككۇرۇم گويا سەلدەك ئاقار،خەلقىم.

## مەدەنىيەت خەۋەرلىرى

3 ـ ئاينىڭ ئايىغىدا ئاپتونوم رايونلۇق مىللى ـ دىنى ئىشلار كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى، گۈزەل سەنئەتچەمىيىتىنىڭ شىنجاڭ شوبىسى بىرلىكتە ئىسجادىيەت سوھبەت يىغىنى ئوتكۈزۈپ، «شىنجاڭ ياخشى » كورگەزمىسىگە قويۇلغان 160 پارچە گۈزەل سەنئەت ئەسەرىنى باھالاپ چىقتى. نەتىجىدە 48 پارچە ئەسەر مۇكاپاتلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتىدىن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر 1 ـ دەرىجىلىك بىر پارچە بولۇپ، ئاپتورى مەممەت ھېيت، ئەسەرنىڭ ئىسمى«باش باھار» 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەر 4 پارچە، بۇلار خۇاڭ دالەينىڭ «كېيىنكى ئەۋلاتلار ئۈچۈن»، جۇمە يۈسۈپنىڭ «چاچ قوشاق تويى»، تۇردى ئىمىننىڭ «يازلىق ئورام ئالدىدا»، ئابدۇۋايىت ئابدۇللانىڭ «دېخاننىڭ خوشلىغى» ئەسەرلىرى.

رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەر 3 پارچە. بۇلار: مەممەت نەبى ( تا ـ جىك)نىڭ«كەشتىچى ئاياللار»، ئابلىمىت كامىل (ئوزبېك) نىڭ «ئوز بېكلار ئائىلىسى»، تۇرسۇن ئېزىزنىڭ «مەشرەپ» ئەسەرلىرى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەشقەر ۋىلايىتى ـــ گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ـ تەشكىللەش خىزمىتى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

# « قۇتاتقۇبىلىك » تىكى باللار تەربىيىسىگە دائىر مەزمۇنلار توغرىسىدا

ماخمۇت زەيىدى

ھازىر پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە مەدە-
نىيەتلىك ۋە ئەدەپلىك بولۇش پائالىيىتى
قانات يايماقتا. بۇ ھەركەت ئەڭ كىچىك ئوس-
مۈرلەردىن تارتىپ، تاكى ياشانغان كىشىلەر-
نى، ئوقۇغۇچىدىن تارتىپ تاكى ھەر قايسى
ساھەدىكى ئىشچى - خىزمەتچى ۋە پەن خادىم-
لىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، كىشىلەرنىڭ ئىس-
دىيە ۋە سوز - ھەركىتىدە چوڭقۇر بۇرۇلۇش
ياساشنى مەخسەت قىلىدۇ.

مەلۇمكى، مەدەنىيەتلىك بولۇش دېگەن
سوز - مەلۇم مەنىدە بىلىم ئىگىللەش، ئەقىل-
لىسى ئىلىم - مەرىپەتتىن خەۋەردار بولۇش؛
ئەدەپ دېگىنىمىزدە، گەپ - سوز، يۈرۈش -
تۇرۇش جەھەتلىرىدە قائىدىلىك بولۇش قا-
تارلىقلارنى كورسىتىدۇ. بۇ نەرسىلەر كىشى-
لەرنىڭ ئەمەلى پائالىيىتىدە كورسىتىلىشى
لازىم.

11- ئەسىردە ياشاپ ئوتكەن ئۇيغۇر خەلقى-
نىڭ مەشھۇر مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ خاس
ھاجىپ بىلىم ئىگىللەش بىلەن بەخت - سا-
ئادەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى، ئەدەپ - ئەخلاق
مەسىلىلىرىنى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىپ كور-
سەتكەن. بۇ ھەقتە « قۇتاتقۇبىلىك » داستا-
نىدا ئالاھىدە توختالغان. ھاياتنى سويۈش،
ياخشىلىقنى قەدىرلەش، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ
بىلىم ئۆگىنىش، قېرىغانىدا ئۆزىنىڭ ھالاۋىتىنى
كورۇش قاتارلىق جەھەتلەردە كوپ توختال-
غان. ئادەم بالىسىنىڭ قەدىر - قىممىتى بى-
لىم بىلەن ئولچىنىدىغانلىقىنى ئالاھىدە كور-
سىتىپ ئوتكەن.

ھەممىگە ئايانكى، بىزنىڭ كوپ مىللەت-
لىك ۋەتىنىمىز قەدىمقى زامانلاردىلا ئىلىم -
مەرىپەتنىڭ بۇلىقى بولۇپ، جاھان مەدەنىيە-
تىنى يارىتىشتا توردىن ئورۇن ئالغان ئىدى.
كوپلىگەن مەشھۇر ئالىم، مۇتەپەككۇر، يازغۇ-
چى - شائىرلار ۋە سەنئەتكارلار مەيدانغا
كەلگەن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بولسا ئەنە
شۇلارنىڭ بىرسى ئىدى.

يۈسۈپخاس ھاجىپ: ئادەم بالىسى تۇغۇلۇش
بىلەنلا ئالىم بولۇپ قالمايدۇ. ئۇ تەدرىجى
ئوسۇش جەريانىدا ئۆگىنىدۇ ۋە يېتىلىپ با-
رىدۇ، دەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ كىچىك چاغ-
لىرىدىن باشلاپ ياخشى ئۆگىنىش لازىملىقى-
نى تەكىتلەيدۇ:

كىچىگلىگتە بىلسە ئوغۇل - قىز نەنى
قارىپ ئولمەگىنچە ئۇنتىماس ئانى
تاقى بىر سەبەپ قولسا ئوغلان بىلىگ،
كىچىگىدە تەگۈرگۈ بىلىگكە ئەلىگ
ھازىرقى تىلغا ئۆرۈلۈشى مۇنداق:
بىلىمەككە بىر سەۋەپ قىلسا ئوغۇل.
كىچىك چاغدىن قويغاي بىلىمگە كوڭۇل.

شائىرىمىز ياش - ئوسمۇرلەرنىڭ كىچىك
ۋاقتىدىنلا كوڭۇل قويۇپ بىلىم ئۆگىنىشىنى

ئۈگەنگەندىمۇ قىيتىقىنىپ ياخشى ئۈگىنىشنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئەيتقان:

ئاخشىمى كەچ يېتىپ يەنە سەھەر تۇر،
سەھەر تۇرغان كىشىنىڭ بەختى ئاشۇر△

مەلۇمكى بىلىم ھاسىل قىلىش ئۈچۈن بەكمۇ ئەستايىدىل بولۇش كېرەك. ئاخشامقى ۋاقىتلارنى بوشقا ئۆتكۈزمەسلىك، يەنە سەھەر تۇرۇپ ئۈگىنىش ـ ۋاقىتنى قەدىرلەشكە قارىتىلغان، ئۆمۈرنى قەدىرلەشكە قارىتىلغان، بولۇپمۇ ياشلىق مەزگىلى كىشىنىڭ قىممەتلىك مەزگىلى بولۇپ، بۇ مەزگىلدە بىلىم ئىگەللەش كىشى ھاياتىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگۈلەيدىغان مۇھىم پەيتى ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى بۇ مەزگىل كىشى ئۆمرىدە پەقەت تەكرارلانمايدۇ. شۇڭا شائىر ياشلاردىن تىتىك بولۇپ، سەھەر تۇرۇشنى تەلەپ قىلغان.

كىلاسسىكلار بالىنىڭ ياخشى ئۈگىنىشى ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلارنىڭمۇ كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئالاھىدە جېكىلەيدۇ. ئائىلە تەربىيىسىنىڭ بۇ ئىشقا چوڭقۇر تەسىرى بولىدىغانلىغىنى كۆرسىتىدۇ. شائىر مۇنداق يازىدۇ:

ئوغۇلنى كىچىگىدىن ئوقۇتداق زورۇر،
كىچىك چاغدىن بىلسە ئۈتۈقلۇق بولۇر.

ئوغۇل-قىزغا ئۈگەت پەزىلەت، بىلىم،
پەزىلەت بىرلە بولسۇن خۇلقى مۇلايىم.

ئاتا ئەمگىگى سىڭسە بالىغا كۆپ،
بولۇر بۇ بالىنىڭ خۇيى پەيلى خوپ.

كىچىك بالىنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى، شۇنداقلا ئۇ بالىنىڭ يارامىلىق ياكى يارامسىز بولۇپ قېلىشى ئا يـ لىنىپ كېلىپ ئائىلە تەربىيىسىگە كۆپرەك باغـ لىنىدىغانلىغىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

نىمە دۇر ئىشتىكىل ئوغۇللۇق كىشى،
كۆپ ئىشنى كۆچۈرگەن، يېتىلگەن يېشى.

كىمنىڭ ئەركە بولسا ئوغۇل ـ قىزى،
چېكىپ ئاھ ۋە ھەسرەتتە يىغلار ئۆزى.

ئوغۇلنى قىسىپ تۇتسا بۇ ياخشى ئىرور،
ئاتاسى، ئاناسى بەختىلىك بولۇر.

زەكى ھەم ئالىم ئەرسە ئوغۇل ئاتىسى،
ئۇنى چىڭ تۇتقۇلۇق شولدۇر چارىسى.

(« قۇتادغۇبىلىك » نامەنگەن نۇسخا 118 ـ بەت.)

بۇ مىسرالارنى ئوقۇغاندا ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئائىلىدە قانداق بولۇشى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قانداق مۇئامىلىدە بولۇشى، ئۆسمۈرنىڭ ئاتا ـ ئانىنى قاي تەرىقىدە ھۆرمەت قىلىشى لازىملىغى قاتارلىقلارنى چوڭقۇر ھىس قىلىمىز. ئەشۇ قەدىمقى زامانلاردىلا، ئاتا ـ ئانا ئۆز بالىسىنى تولا ئەركە ئۆگەتمەي، بەلكى بالىغا قاتتىقراق تەلەپ قويۇپ، ھەم ئىگەللەپ، باشقۇرۇپ، بىلىم ئىگەللىتىشكە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىشنى تەۋسىيە قىلىشقان، يەنە كېلىپ بۇ پىكىرلەر كۆپنى كۆرگەن، يېشى يېتىلگەن ئاتىلار سۆزى ئىكەنلىگى داستاندا ئېنىق ئىپادىلەنگەن. پەيلاسۇپ شائىر بىلىم ئىگەللىگەن كىشى خارلىقتا قالمايدىغانلىغىنى، بىلىم بىلەن ئەل ـ يۇرتنىڭ راۋاج تاپىدىغانلىغىنىمۇ ئېيتىپ ئۆتكەن:

بىلىگلىك① سۆزى يەرگە سۇدەك ئىرۇر،
ئاقىتسا سۇۋۇغ② يەردە نېمەت ئۈنۇر.
(بۇ يەردە ئەسلى نۇسخىسى بېرىلدى)

△ ھازىرقى، ئورۇلۇشى بېرىلمەي، ئەسلىسى قالدۇرۇلدى.

① بىلىملىك. ② سۇنى

دېمەك، بىلىملىك كىشىلەرنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئىش قىلىنسا ئەل - يۇرت گۈللىنىدىغانلىقى، بىلىملىك كىشىلەرنىڭ ئىزىدىن باغۋارانلار ئۈنۈپ، نازۇ - نېمەتلەر ھاسىل بولىدىغانلىقىنى تۇرمۇش ئىسپاتلىغان. ھازىرمۇ زامانە بىلىم بىلەن تەرەققى تاپماقتا.

بىلىمسىزگە كەلسە دولەت بىلەن قۇت،
بۇ دولەت تۇرماس ھىچ ئۇنىڭ بىرلە، يۇت.
ئەقىلدۇر قەدىرى - قىممەتكە كېپىل،
نادانلىق گويا كى چۆل - چۆل لاتابىل.

جاھاندىكى بارلىق ياخشى ئىشلار، موجىزىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىم - ھۈنەر ئىگەللەشتىن مەيدانغا كەلگەنلىگىنى شائىر يۈسۈپ ئۆز داستانىدا ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتكەن. مەسىلەن:

يۇتكۇل ياخشىلىق بىلىم پايدىسى ئۇل،
بىلىم بىلەن مىسال كوككە تاپۇر يول.

مىڭ يىللار ئىلگىرىلا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا بىلىم ئىگىلەپ ئاسمانغا چىقىشقا بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۈگۈن بىز پەن - تېخنىكا بىلەن قوراللانغان ئىنسان بالىسىنىڭ ئاسماندا كومۇش لاچىنلارنى جەۋلان قىلدۇرغانلىقىنى كورمەكتىمىز.
شائىرىمىز «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا بىلىم بىلەن قوراللانغاندىلا، ئادەم بالىسى ھەممە مۇرات، مەقسەتلىرىگە يېتەلەيدىغانلىقىنى بىشارەت قىلغان. مىسال:

قەدىرلىكدۇر بىلىم بىلەن ھەم ئوقۇش،
ئۇنى ئىگەللەپ سەن ئىشلە، كوككە ئۇچ.

كورۇۋمىزكى، ئىنسانىيەت ئالەمگە ئۇچۇشنى ئۆزىنىڭ غايىسى ھىساپلايدۇ. مۇشۇ غايە يو-
لىدا ئاغزىدا ئىلىم سالغان ئۇستازنى كىشى قەدىرلەيدۇ. پەيلاسوپ شائىر يۈسۈپ بۇ ھەقتە ئۆز داستانىدا مۇنداق يازغان:

بىلىملىك بەردى بىلىم بىرلە ئۆگۈت،
دۇرۇس، چىن كىشى بولسا، كۆزۈڭگە سۈرت.
نە ياخشى ياراشۇر ئېقىللىقا قۇت،
ئەي ياخشى قىلىقلىق بىلىملىككە يۇت.

بىلىم - مەرىپەت ئۆگىنىشتە، بولۇپمۇ بالىنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ئەدەپ - ئەخلاقلىق ۋە بىلىملىك قىلىپ تەربىيىلەشتە، كلاسسىكلار بىزگە ئۈلگە كورسىتىپ بەردى. بۇ ھەقتە كوپىنى كورگەن، كوپ بالىلىق كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن بەرگەن سوزلەر بىز ئۈچۈن كوپ پايدىلىق. قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك تەلىمات ھىساپلىنىدۇ. بۈگۈن بىز يۈسۈپخاس ھاجىپ ياشىغان دەۋردىن كوپ ئەۋزەل دەۋردە تۇرماقتىمىز، شۇنداق ئىكەن بىلىم ئىگەللەش بىلەن ئىنسان بالىسىنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالىنىڭ مۇناسىۋىتىنى، ھەر بىر كىشى بۇ مەسىلىگە دۇچ كېلىشنى، قىسقىسى، قانداق قىلغاندا قەدىمقىلار تەلەپ قىلغاندەك ئىقتىساسلىق ئادەم بولغىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ بېقىشىمىز لازىم. بىلىم ئۆگىنىۋاتقان ھەر بىر ياش ئائىلە، مەكتەپ ۋە جەمىيەتتىن ئىبارەت 3 تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئائىلىدىكى شەرت-شارائىت ۋە ئىجابى تەربىيىنىڭ رول ئوينايدىغانلىغىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم.
ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى ۋە مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ ئۆز داستانىدا بۇ جەھەتلەردە بىزنىڭ دىققەت قىلىشىمىزنى كورسىتىپ ئۆتكەن. بىز ياش ئەۋلاتلار شائىر تەلەپ قىلغان بىلىم ئىگىسى ۋە ياخشى خۇلۇق-لۇق كىشىلەردىن بولۇپ چىقىشقا تىرىشىشىمىز لازىم.

# سەلەي چاققان لەتىپىلىرى

## „يامىغى ئۆزىدىن بولسۇن،،

سەلەي چاققان يۈك چەكمەن چاپان تىكىشكە بەكمۇ ئۇستا ئىكەن، بۇنى ئاڭلىغان ئوپالنىڭ بېگى سەلەي چاققاننىڭ يېنىغا بېرىپ، چاپىنىنىڭ يىرتىلىپ كەتكەن ئىككى يېڭىنى ئۇچلاپ بېرىشنى ئوتۇنۇپتۇ ۋە "يامىغى ئۆزىدىن بولسۇن" دەپ تاپىلاپ قايتىپ كەپتۇ.

ئەتىسى سەلەي چاققان چاپاننىڭ بىر پېشىنى كېسىپ، ئىككى يەڭنى ئۇچلاپ، بەگنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپتۇ. بەگ بۇ تون چاپاننى كېيىپ تالاغا چىقسا، جامائەتنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىسىگە قاراپ كۈلگۈدەك. بەگ ئۈستى-بېشىغا قارىسا، چاپىنىنىڭ بىر پېشى ئۇزۇن، بىر پېشى قىسقا تۇرغىدەك، بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن بەگ سەلەي چاققاننى چاقىرىپ كېلىپ:

— سەلەي ئاخۇن، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز، چاپاننىڭ بىر پېشى قېنى؟—دەپ سوراپتۇ.

— تەقسىر، چاپانلىرىنىڭ پېشى ئىككى يەڭلىرىنىڭ ئۇچىدا.— دەپتۇ سەلەي چاققان.

— كىم سىزگە شۇنداق قىل!— دىدى دەپ ئاچچىقلىنىپتۇ بەگ.

— تەقسىر،—دەپتۇ سەلەي چاققان ھېچنېمە بولمىغاندەك قىياپەتتە،— ئۆزلىرى "يامىغى ئۆزىدىن بولسۇن" دىگەن ئەمەسمىدىلە، مەن دىگەنلىرىدەك قىلدىم.

## يۇقمايدىغان كېسەل

سەلەي چاققان تېۋىپلىك قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىدە، مەھەللىسىدىكى باينىڭ دوغىسى:

— سەلەي ئاخۇنكا: مەن كوپ تېۋىپلاردىن سوراپ ئېنىق جاۋاپ ئالالمىدىم. ئۆزلىرى دەپ بەرسىلە، دۇنيادا يۇقمايدىغان كېسەل زادى قايسى؟— دەپ سوراپتۇ.

سەلەي چاققان دوغىنىڭ نىيىتىنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى بايقاپ، ھېچقانداق ئويلىنىپ ئولتۇرماستىنلا:

— يۇقمايدىغان كېسەل سۇنۇق، سىزمۇ ئۆتكەن يىلى بىرودىن تاياق يەپ، قولىڭىز سۇنۇپ كەتكەن ئەمەسمۇ؟— دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. دوغا ئاغزىنى ئاچقىنىچە تۇرۇپ قاپتۇ.

## بىرلا نەرسىنى يەپ باقمىدى

ئامبال كاتتا چاي ئۆتكۈزۈپ، يۇرت بايۋەچچىلىرىنى كۈتۈۋالماقچى بولۇپتۇ. مېھمانلارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ، ئىچ پۇشۇغىنى چىقىرىش ئۈچۈن، سەلەي چاققاننىمۇ تەكلىپ قىپتۇ. دوستىخان ئۈستىدە ئۈلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆمرىدە يىگەن - ئىچكەن نەرسىلىرىنى ماختىشىپ، سەت كىكىرىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. شۇ ئارىدا ئامبال سۆز ئېلىپ:

— مەن بۇ دۇنيادا كۆزۈم كۆرگەن، قۇلىقىم ئاڭلىغان بارلىق نازۇ - نېمەتلەرنى يەپ-ئېچىپ باقتىم، پەقەت بىرلا نەرسىنى ئېخى يەپ باقمىدىم. ئۇ زادى نېمە؟-دەپ سىراپتۇ ئولتۇرغان بايۋەتچىلەردىن.

— راست ئەيتىدۇ،- دەپ ئەتراپىغا قاردۇۋېلىپ سۆز باشلاپتۇ سەلەي چاققان،- تەخسىر بىرلا نەرسىنى يەپ باقمىدى، ئۇ بولسىمۇ ئوت، ئاغزى كۆيمىسە ئوتنىمۇ يەيتتى. بۇ دۇنيادا يېيەلمىسە، ئۇ دۇنياغا بارغاندا راسا تويغىدەك يەيدىغان بولدى- دە!- دەپتۇ سەلەي چاققان.

ئامبالنىڭ رەڭگى تاتىرىپ كېتىپتۇ.

## كاللىنىڭ رولى

بىر كۈنى شەھەر ھاكىملىرىدىن بىرى زىياپەت ئۈستىدە ئولتۇرغان ئىكەن، سەلەي چاققان ئەرزىنى ئېيتىش ئۈچۈن كىرىپ كەپتۇ. بۇ ئىشتىن نارازى بولغان شەھەر ھاكىمى:

— ھەي، سەلەي، ھاكىمنىڭ خانىسىغا كىرگەندە كاللا ئىشلىتىش لازىم. بولمىسا، كاللىنىڭ نېمە كېرىكى؟- دەپ ۋاقىراپتۇ.

— تەقسىر،-دەپتۇ سەلەي چاققان مەنسىتمەسلىك قىياپەتتە،- نېمە كېرىكى بولاتتى؟ تۇماق كەيگىلى.

## چىش بىلەن

سەلەي چاققان بىر قېتىم بىر پىخسىق باي بىلەن دوستانىدا بىللە ئولتۇرۇپ قاپتۇ. باي ئۇنى گەپتىن چۈشۈرمەكچى بولۇپ:

— ھە، سەلەي ئاخۇن، ئويىڭىزدە توخۇ گۆشى يېسىڭىز، ياش - قېرىلىقىنى قانداق پەرقلەندۈرىسىز؟-دەپ سوراپتۇ.

-تەقسىر، ئەلۋەتتە چىش بىلەن پەرقلەندۈرىمەن،- دەپتۇ سەلەي چاققان.

— توخۇنىڭ چىشى يوققۇ؟-دەپ يەنە سوراپتۇ باي.

— مېنىڭ چىشىم باردە، يۇمشاق يېشىقىنى چوجە گۆشى، قاتتىق يېشىقىنى قېرى توخىنىڭكىدە،- دەپتۇ سەلەي چاققان مەنىلىك قاراپ.

## مانتا ئىچىدىن ئادەم چىقتى

شەھەردە بىر مەيدەترەك ئاشخانا بولغان ئىكەن، بىر قېتىم سەلەي چاققان مانتۇ يەۋېتىپ تۇيۇقسىز:

— ھوي جامائەت قاراڭلار، ماۋۇ مانتا ئىچىدىن ئادەم چىقتى،— دەپ ۋاقىراپتۇ.

خېرىدارلار ئەجەبلىنىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپتۇ. ئورۇنسىز داۋراڭدىن خاپا بولغان خوجايىن ئاچچىقلىنىپ:

— سەلەي ئاخۇن، سارالڭ بولۇپ قالدىڭمۇ، مانتۇنىڭ ئىچىگە قانداقمۇ ئادەم پاتسۇن؟— دەپتۇ.

— ئەمىسە، مانتۇنىڭ ئىچىدە ئادەم بولمىسا، بۇ بىر غېرىچ چاچ نەدىن كەلدى؟ — دەپسوئال قويۇپتۇ سەلەي چاققان.

باينىڭ ئاغزى تۇۋاقلىنىپ قاپتۇ.

## ھارام

خان سەلەي چاققاننى ئېلىپ شىكارغا چىقىپتۇ. ئۇ يول ئۈستىدە كوزى چۈشكەن ھايۋانلارنىڭ قايسىسىنىڭ گوشى ھالال، قايسىسىنىڭ گوشى ھارام؟ دەپ سوراپ مېڭىپتۇ. ۋە ئاتقان جانجانىۋارلارنى ئۆزلۈكسىز گىلەم خۇرجۇنلىرىغا تولدۇرۇپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن خان سەلەي چاققاندىن:

— ئادەمنىڭ گوشى ھارامۇ؟ ھالالمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

سەلەي چاققان «ھارام» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. خان يەنە «ئادەم ھەممە ھالال نەرسىلەرنى، تاتلىق، ئېسىل نازۇ — نىمەتلەرنى يېسە يەنە ھارام بولامدۇ؟»—دەپ قايتا سوراپتۇ.

— ئادەمنىڭ گوشى ھالال دىسەم، سىلىنىڭ مېنىمۇ قوشۇپ يەپ قويۇشلىرىدىن قورقتۇم،—دەپتۇ سەلەي چاققان كەسكىن ھالدا.

## يۈز دانە ئاغامچا ۋە يۈز تال قوزۇق

مەھەللىدىكى بىر چوڭ باي سەلەي چاققاننى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ مال — چارۋىلىرىنى بېقىپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ ۋە ئىش تاپىلاپتۇ: — سەلەي چاققان گەپنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، بايغا قاراپ:

— مەن باقىدىغان مال قانچە تۇياق؟ دەپ سوراپتۇ. باي:

— يۈز تۇياق،— دەپتۇ. سەلەي چاققان:

— ئانداق بولسا ماڭا يۈز دانە ئاغامچە ۋە يۈز تال قوزۇق بېرىڭ، ئاندىن مالنى بىخەتەر باقىمەن،— دەپتۇ.

## شەيتان ئازدۇرىدۇ

سەلەي چاققان بازارغا مېڭىش ئالدىدا، خوتۇنى:

— سەلەي ئاخۇن، بازاردىن بۇرۇنراق قايتىپ كەلسىلە، كەچ قالسىلا يولدا شەيتان ئازدۇرۇدۇ،— دەپتۇ.

سەلەي چاققان باش لىڭشىتىپ كېتىپ قاپتۇ. كەچتە خوتۇنى ئۇنى سىناش ئۈچۈن، باشقىچە ياسىنىپ يول ئۈستىدە تۇرۇپتۇ. سەلەي چاققان يېقىن كېلىپ قارىغىدەك بولسا ئۆز خوتۇنى تۇرغىدەك. ئۇ ئىشنىڭ تېگىنى ئۇققان بولسىمۇ، چاندۇرماي ئۆيگە يېنىپ كەپتۇ.

— يولدا شەيتان ئۇچرىدىمۇ؟— دەپ سوراپتۇ خوتۇنى سەلەي چاققاندىن گەپ ئالماقچى بولۇپ.

— ھەئە، ئۇچرىدى. بەكمۇ سەت بىر شەيتان ئۇچرىدى،— دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئۇ.

## كېسەلىم بار

بىر كۈنى تويدا ئىككى ياپى سەلەي چاققانغا مەي ئىچكۈزۈپ، ئوسال قىلىش ئۈچۈن، كاتتا سورۇن تۈزەپتۇ. سەلەي چاققان سورۇندىكى گوش، كاۋاپلارنى ئىشتىھا بىلەن يەپ، يەۋىلىپ، مەي ئىچكىلى ئۇنىماپتۇ. بۇنىڭدىن خاپا بولغان پىيەنچۈك:

— سىلە نېمە ئۈچۈن مەي ئىچمەيلا؟— دەپ سوراپتۇ.

— مەن بىرەر- ئىككى كىلو گوش ياكى ئاش يېسەممۇ مەس بولمايمەن،— دەپتۇ سەلەي چاققان،— بىراق، مەيدىن ئازراق ئىچسەم، مەس بولۇپ قالىدىغان كېسەلىم بار.

## چىگىپ قويسىلا

بىر كۈنى تويدا ئەل- جامائەت سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرغىنىدا، يوغان سەرپۇش تۇماقنى كوزىگە كىيىۋالغان بىر سوپى سەلەي چاققاننى زاڭلىق قىلماقچى بولۇپ، بېشىدىكى تۇمىقىنى كۆرسىتىپ:

— سەلەي ئاخۇنكا، بېشىمدىكى تۇمىقىم دائىم كوزۈمگە چۈشۈۋالىدۇ. قانداق قىلسام بېشىمدا تۇرار؟— دەپ سوراپتۇ.

— بۇنىڭ ئۈچۈن سىلە تۇماقلىرىنىڭ ئارقىسىنى يىپتا باغلاپ، چاپانلىرىنىڭ ياقىسىغا تارتىپ چىگىپ قويسىلا،— دەپتۇ سەلەي چاققان.

جامائەت قاقاھلاپ كۈلۈپ سوپىنى زاڭلىق قىپتۇ.

## بىزنىڭ ئۆي ئىشىك ئالدىدا

سەلەي چاققان بىر ئىش بىلەن بولۇپ، ئۆيگە بېرىشقا چولىسى تەگمەپتۇ. شۇڭا بايىنىڭ ئوي- ناپ يۈرگەن بىر بالىسىنى چاقىرىپ، ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنى خوتۇنىغا ئاپىرىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. لېكىن، ئۇ بالا ھورۇنلۇق قىلىپ:

— سەلەيكا، سىلىنىڭ ئۆيى نەدە؟— دەپ سوراپتۇ. سەلەي چاققان:
— بىزنىڭ ئۆي، بىزنىڭ ئىشىك ئالدىدا،— دەپتۇ.

## كوزۇم كورمەيدۇ

بىر كۈنى كەچتە سەلەي چاققان تويدىن يېنىۋىتىپ، بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپچۇشۇپتۇ. بۇنى كورگەن باي كۈلۈپ كېتىپ:
— سەلەي ئاخۇن، كوزلىرى كورمەمدۇ نىمە؟— دەپتۇ. سەلەي چاققان:
— ھەئە، كوزۇم كۈندۈزدىكىدەك كورمەيدۇ، — دەپتۇ مەنىلىك قىلىپ.

## پۇتۇن خىيالىم پۇلدا بولۇپ كېتىپ...

سەلەي چاققان سەتىراچىلىق قىلىپ يۈرگىنىدە، مەھەللىسىدىكى بىر باينىڭ چېچىنى ئېلىۋېتىپ، بېشىنى كېسىپ ساپتۇ. شۇ ۋەجىدىن سوراققا تارتىلىپتۇ. قازى سوراق قىلىپ:
— سەلەي ئاخۇن، نىمە ئۈچۈن بۇ يۇرت موتىۋەرىنىڭ بېشىنى مۇنچىۋالا كېسىۋەتتىڭ؟— دەپتۇ. سەلەي چاققان:
— پۇتۇن خىيالىم بۇ خىرىدارنىڭ ماڭا نەچچە تەڭگە پۇل بېرىشىدە بولۇپ كېتىپ كېسىپ ساپتىمەن،— دەپتۇ.
قازى ۋە باي ئۈجۇقۇپ كېتىپتۇ.

## ئۇقۇشماسلىق بولمىسۇن

بىر يىلى دوتەي يۇرتقا كەپتۇ. كېتەر ۋاقتىدا يۇرتتىكى باي، ئاقساقاللار ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىش ئۈچۈن، باغدا راسا پىشىپ يېتىلگەن نەشپۈت، ئامۇتلارنى سوۋەت - سوۋەتلەرگە تېرىشكە باشلاپتۇ. سەلەي چاققان بۇ ئامۇتلارنى ئوزىنىڭ سىۋىتىگە توشقۇزۇپ، ئوزىنىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ. بۇنى كورگەن بىر دوغا ئەجەپلىنىپ:
— سەلەيكا، سىلە سوۋەتلىرىدىكى ئامۇتلارنى كىمگە تەرگەن؟— دەپ سوراپتۇ.
— مەن دوتەيگە تەرگەن، ئۇقۇشماسلىق بولمىسۇن،— دەپتۇ سەلەي چاققان ئۆيى تەرەپكە قاراپ مېڭىپ، — مەن ئاپىرىپ بېرەي.

## سوۋەتنى كوتىرىشىپ بەر

سەلەي چاققان بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ بازارغا بېرىپتۇ. قايتىشىدا سوۋىتىگە سەي ئېلىپ كوتىرەلمەي كېلىۋاتسا، بالىسى يىغلاپ:

— دادا، ھېرىپ قالدىم، مېنىمۇ كوتىرىۋال،— دەپتۇ.
سەلەي چاققان:
— ھېرىپ قالغان بولساڭ، ماۋۇ سىۋەتنى كوتىرىشىپ بەرگىن،—دەپتۇ.

## قوغۇن ئېلىپ بېرەيچۇ؟

سەلەي چاققان قىشنىڭ تازا سوغاق بىر كۈنى بولاقسۇنىڭ بازىرىغا بېرىپتۇ. بالىسى:
— دادا، توڭۇپ كەتتىم،— دەپ يىغلاپتۇ. بۇنى كورگەن سەلەي چاققان:
— توڭلىغان بولساڭ قوغۇن ئېلىپ بېرەيمۇ؟— دەپتۇ.

## ئۈرۈق تىگىشىش

سەلەي چاققان ئىجارە ئالغان يېرىنى بۇغداي تېرىپ، ھەسسىلەپ ئاش ئاپتۇ. يەنە بىر جازانىخور باي زىيان تارتىپتۇ ھەمدە گۈنانى ئۈرۈقتىن كورۇپ، سەلەي چاققاندىن ئوتۇنۇپتۇ:
— سەلەي ئاخۇن، ماڭا بۇ يىلقى بۇغداي ئۈرۈقلىرىدىن بىر ئاز ئالماشتۇرۇپ بەرسىلە،— دەپتۇ. سەلەي چاققان:
— گۈنا ئۈرۈقتا ئەمەس، بەلكى ئوزلىرىدە، شۇڭا بۇغداي ئۈرۈغىغا ئەمەس، مېنىڭ ئۈرىقىمغا تېگىشسىلە،— دەپتۇ.

## يېزىپ-يازساق كېلىپ چىقتى

سەلەي چاققان مۇدەررىسلىك قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىنىڭ بىرىدە دوسكىغا بىر مىسالنى يېزىپلا، ئارقىسىغا جاۋابىنى چىقىرىپ قويۇپتۇ.
بۇنى چۈشەنمىگەن بىر ئوقۇغۇچى:
—ۋاي بۇ مىسالنىڭ جاۋابى قانداق كېلىپ چىقتى، ئالدىرىماي ئىشلەپ كورسۇتۇپ بەرسىلە؟—دەپتۇ.
سەلەي چاققان:
— دوسكىغا قارا، بۇنىڭ جاۋابى يېزىپ يازساق كېلىپ چىقتى،— دەپتۇ.

( بۇ لەتىپىلەرنى ئۈچقۇنجان ئومەر، مومىن قادىر، ئىزىز ھەسەنلەر توپلاپ رەتلىگەن )

# خىسلەتلىك گۈل

( چوچەك )

ئوتكەن زاماندا قىسمەت دىگەن بىر دىخان بار ئىكەن، ئۆزى تەنها ئىكەن، ھەركۈنى تاققا بېرىپ دىخانچىلىق قىلىدىكەن. بىر يىلى ياز ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق كەپتۇ. قوياش نۇرى تاغنى ئوتتەك قىزىتىۋېتىپتۇ. قىسمەتنىڭ پۈتۈن ئەزالىرىدىن سۇ توكۈلگەندەك تەر ئېقىپتۇ، بۇنىڭ تېرى ئېقىپ چۈشكەن يېرىدىن بىر دانە لەيلىگۈل ئۈنۈپ چىقىپتۇ. گۈل ۋالىلداپ نۇرچېچىپ تۇرۇپتۇ ۋە: " يالغۇزغا ھەمرايىڭ بولاي، سەن بىلەن دايىم بىرگە تۇراي، ناخشا ئېيتىپ، غەزەل ئوقۇپ ئىچ پۇشىغىڭنى ئالاي " دىگەن ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. قىسمەت بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ قاپتۇ. شۇندىن كېيىن قىسمەتنىڭ بىردىن- بىر ھەمرىيى گۈل بولۇپ قاپتۇ. گۈلنىڭ يېقىملىق ناخشىسى قىسمەتكە چەكسىز كۈچ بېغىشلاپتۇ، ئىشلەپ ھارمايدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى بىر توشقان گۈلنىڭ يېنىدىن سەكرەپ كېتىۋېتىپ، گۈلنى سىڭايان قىلىۋېتىپتۇ. بۇنى كورگەن قىسمەتنىڭ يۈرىگى مۇجۇلۇپ كەتكەندەك بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن گۈلنى ئويىگە قايتۇرۇپ كېلىپ، تەشتەككە ئېلىپ دېرىزىگە تىزىپقويۇپتۇ. قىسمەت ھەركۈنى كەچ ئويىگە قايتىپ كەلگەندە، بۇ گۈل خۇشپۇراق چېچىپ، يېقىملىق ناخشا ئېيتىپ بېرىپتۇ.

بىر ئايەم كۈنى ئاخشىمى سۈتتەك ئايدىڭ بوپتۇ، ئاينىڭ شولىسى ئـويىگە چۈشۈپ قىسمەتنىڭ كوڭلىنى يورۇتىۋەتكەندەك بوپتۇ. قىسمەت چىراق تۈۋىدە كوڭلىگىنى ياماپ ئولتۇرۇپـتۇ. ئوزىچە چىراقنىڭ پىلىگى بىر قىزىلـگۈلغا ئايلىـنىپ قاپتۇ. قىزىلگـۈل بارا - بارا پورەكلـەپ ئېچىلىپتۇ. گۈل ئىچىدە بىر پەرىزات پەيدا بوپتۇ ۋە: " قىزىلگۈل ئېچىلدى، خۇش پۇراق چاچتى. گۈل ئىچىدىن پـەرىزات كەلدى، ھـو - ھو " دەپ ناخشا ئېيتىپتۇ. قىسمەت بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ تۇرۇشىغا، پەرىزات سەكرەپ چۈشۈپتۇ. قىسمەتكە سالام بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دېرىزىدىكى گۈل غايىپ بوپتۇ. قىسمەت ئورنـىدىن تۇرۇپ پەرىزاتقا ئېگىلىپ سالام بېرىپتۇ. پەرىزات كېلىپلا قىسمەتنىڭ قولىدىن كوڭلەكنى ئېلىپ ياماشقا باشلاپـتۇ. بۇلار بىـر - بىرىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىپتۇ. پەرىزات بىلەن قىسمەت ئاينى گۇۋاچـى قىلىپ بىر جۈپ ئەر - خوتۇن بولۇشۇپتۇ.

شۇندىن كېيىن قىسمەت بىلەن پەرىزات ھەركۈنى تاقـقا بىرگە بېرىپ كويۇپ - پىشىپ دىخانچىلىق قىپتۇ. ئاخشىمى ئويىگە قايتىپ كەلگەندە پەرىزات چىراق تۈۋىدە كەشتە تىكىپتۇ. قىسمەت سىۋەت توقۇپتۇ. ئاي ئوتۇپتۇ، يىل ئوتۇپتۇ. بۇلار جاپالىق ئىشلەپ نۇرغۇن ئاشلىققا ئىگە بوپتۇ. يەنە قوي بېقىپتۇ، توخۇ بېقىپتۇ، تۇرمۇشى پاراۋان بوپتۇ.

قىسمەت مۇنچىلىك بايلىققا ئېرىشكەندىن كېيىن ئاينىپتۇ. ئىـش خوشىيا قىلمايدىغان بوپتۇ، بىر قەپـەز كوتۇردۇۋېلىپ بېشى قايغان جايلارغا كىتىپ قۇچقاچ ئويناپ بىكار يۈرۈيدىغان بوپتۇ. پەرىزات بۇنىڭغا خاپا بولۇپ قىسمەتكە نەسىھەت قىپتۇ. ئۇ نەسىھەتنى ئاڭلىماپتۇ.

بىركۈنى پەرىزات قىسمەتكە ئىككى چارەك ئاشلىقنى، ئىشلىگەن كەشتىلىرىنى بېرىپ، بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، پۇلىغا گوش، نان ۋە كەشتە توقۇشقا يىپ، يەنە بىر دانە كەتمەن، 2 دانە ئوتۇغۇچ، 2 دانە ئوغاق ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ ۋە بازارغا يولغا سالىپتۇ.

قىسمەت بۇ نەرسىلەرنى بازارغا ئاپىرىپ، ئېلىشقا سېتىپ، ساتقان پۇلىغا چوڭ يەپ-چوڭ ئىچىپتۇ، مەي ئىچكۈچىلەر بىلەن ئۈلپەت بولۇپ مەي ئىچىپتۇ. پەرىزاتنىڭ بۇيرىغان سودىلىرىنى ئورۇنلاپ كەلمەپتۇ. پەرىزاتنى خاپا قىپتۇ. شۇندىن كېيىن قىسمەت ھەر كۈنى بازارغا چىقىپ، چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىپ، ئىش قىلماي بىكار تەلەپ بولۇپ يۈرۈپ تاپقان - تەرگەننى يەپ بولغىلى قىپتۇ.

پەرىزات قىسمەتنىڭ ھورۇنلۇشۇپ كەتكەنلىكىدىن خاپا بولۇپ ئۇنىڭغا: "بۇنداق بىكار تەلەپ بولۇپ يۈرىۋەرسەڭ، كۆنىمىز تەسلىككە قالىدۇ، ھورۇنلۇقنى تاشلا، تاقىقا بېرىپ دىخانچىلىقىڭنى قىل" دەپ نەسىھەت قىپتۇ. ئەمما قىسمەت بۇ نەسىھەتنى ئاڭلىماپتۇ." تاققا بارای دىسەم پۇتۇم ئاغرىيدۇ" دەپتۇ. ئەمىسە، سەۋەتتوقۇ دىسە، قولۇم ئاغرىيدۇ، دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، پەرىزاتنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي بىكار تەلەپ بولۇپ يۈرۈۋېرىپتۇ. پەرىزات قىسمەتنى گەپكە كىرگۈزەلمەي غەمگە چۆمۈپتۇ. مۇندىن كېيىن تۇرمۇشنى قانداق ئوتكۈزۈش ھەققىدە بېشى قېتىپتۇ. بۇ يىلى دىخانچىلىقتىن ھېچ بىر ھوسۇل ئالالماپتۇ.

پەرىزات بىر كۈنى كېچىدە غەمگە پېتىپ چىراق يورۇقىدا كەشتە تىكىپ ئولتۇرسا، ئۇشتۇمتۇت چىراق پىلىگى گۈلگە ئايلىنىپتۇ. گۈل ئىچىدىن قاناتلىرى رەڭگا - رەڭ، ئاجايىپ چىرايلىق بىر توز قۇشى پەيدا بوپتۇ ۋە: "قىزىل گۈل يەنە ئېچىلدى، ئوز ھوسنىنى كورسەتتى، قىسمەت ھورۇن بولۇپ كەتتى، ئەمدى بۇ يەردە تۇرمايلى، ئوز جايىمىزغا كېتەيلى" دەپ ناخشا ئېيتىپتۇدە، توز سەكرەپ چۈشۈپ پەرىزاتنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ. پەرىزات غايىپ بوپتۇ. توز ئۇچۇپتۇ، قىسمەت توزغا ئېسىلىۋاپتۇ، توزنىڭ بىر تال پېيى يۇلۇنۇپ، قىسمەتنىڭ قولىدا قاپتۇ. توز دېرىزىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىسمەت داڭ قېتىپ قاپتۇ.

پەرىزات ئۇچۇپ كەتكەندىن كېيىن، قىسمەت ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ ئويدە يالغۇز قاپتۇ. ئىش - ئوقەت قىلماپتۇ، كۈن ئوتۇپتۇ، ئاي ئوتۇپتۇ، ئويدىكى بارلىق نەرسىلەر تۈگەپتۇ. ئويدە پەقەت ئوزى ياتقان بىر پارچە كىگىزلا قاپتۇ. قىسمەت ئەمدى بۇ كىگىزنىمۇ ئېلىپ چىقىپ ساتماقچى بوپتۇ. كىگىزنى كوتۇرۇشى بىلەنلا، كىگىز ئاستىدىن پەرىزات ئىشلىگەن بىر دانە گۈللۈك كەشتە چىقىپتۇ. قىسمەت كەشتىنى كورۇپلا قولىغا ئېلىپ باغرىغا تېڭىپ، پەرىزات بار چاغدىكى كوڭۈللۈك، ھالاۋەتلىك كۈنلىرىنى ئويلاپ، ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپتۇ. پەرىزاتنىڭ نەسىھەت گەپ - سوزلىرى ئەمدى ئالدىغا كەپتۇ. مىڭ بىر پۇشايمانلارنى قىپتۇ. ئەمدى نائىلاج كەتمەننى كوتۇرۈپ تاققا بېرىپ دىخانچىلىق قىپتۇ. ئاخشىمى ئويگە قايتىپ كېلىپ سەۋەت توقۇپتۇ.

پەرىزات كەتكەندىن كېيىن قىسمەت ھېلىقى قولىدا يۇلۇنۇپ قالغان توز قۇشىنىڭ بىر تال پېيىنى دېرىزىدىكى تەشتەككە سانچىپ قويۇپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى پەرىزاتنى يادلىغاندا، دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ نالە قىلىپ يىغلايدىكەن. قىسمەتنىڭ يىغلىغان ياش تامچىلىرى تەشتەكتىكى توز

(ئاخىرى 91 - بەتتە)

# تۇتاش قەلبلەر

(داستان)

ئابلىمىت ھاجى

قەدىم ئالتۇن ئارتۇشتا مەن تۇغۇلدۇم، چوڭ بولدۇم .
ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتىپ ئېقىل تاپتىم. ئوڭ بولدۇم،
تالاي يىللار، نى ئىشلار ئۆتتى بۇ يۇرت ئىچىدە،
ئايدىڭ بولۇپ ئۇن بېشى، ئۇن بېشى تۈن كېچىدە،
ئۈچسا بىراۋ بېشىدا ئامەت قۇشى ۋىچىرلاپ،
پېقىرلىقنىڭ ئىلكىدە، قالدى بىراۋ پىتىرلاپ .
قايسى بىرى بىرسىنىڭ ياڭاق چاقسا بېشىدا،
قايسى بىرى يەنچىلىپ ئۆتتى زۇلمەت تېشىدا.
بەزىلىرى خـوشلۇقتىن توي ئويىنىسا ھەر كۈنى ،
دەردۇ ـ ئەلەم خۇن قىلدى بەزىلەرنىڭ قەلبىنى.
ئالۋاڭ ـ ياساق، سەيسىدىن بولسا بىرىخاكىسار،
ئۇخلاپ يېتىپ قان شوراپ بولدى بىرى بەختىيار.
قىلسا بىرى گۈلۈستان جاپـا چېكىپ بۇ يۇرتنى،
بۇلاپ ـ تالاپ بىرلىرى ياغدۇردى جۇت بولۇتنى.
ئەگەر بۇندا بىر بۇلبۇل قىلسا ئەگەر خوش ناۋا،
كورمىدى ئۇ زاماندىن قىلچە خوۋلۇق ھەم ۋاپا.
بۇ قىسمەتنى، تارىخنى بايان قىلاي مەن بۈگۈن،
بولۇپ ئايان قۇرلاردا يېشىلسۇن بۇ سىر ـ تۈگۈن.
شۇ مەقسەتتە، ئارزۇدا بۇ داستاننى باشلىدىم،
ماڭا مەدەت بەرگۈچى ـ ياخشىلارنى ياقلىدىم.
گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا مودۇنجاڭنىڭ سارىيى ①

---

① مودۇنجاڭنىڭ سارىيى ـ ھازىرقى ياۋاغ كىنوخانىنىڭ ئارقىسىدا ئىدى.

شىپاخانا بولغانتى، ئىسمى "ھىلال ئەھمەرى"①
بولغانتى ھەم كىيىنچە گومىنداڭنىڭ تۈرمىسى،
بىر توپ غالجىر، قان ئىچەر گېزەندىلەر ئۇۋىسى.
ئوتەر بولساڭ ئالدىدىن كويىقاپتەك تۇراتتى،
قىيا - چىيا، زارلىنىش... ئادەم گۆشى پۇرايتتى.
تەنلىرىڭمۇ جىزىلداپ ئەيمىنەتتىڭ ئۇ يەردىن،
قان قاچاتتى يۈزۈڭدىن بىزار بولۇپ كۆرەردىن.
قۇياش يۈزىن كورەلمەي بۇ سارايدا زارلىنىپ،
مىڭلاپ ۋىجدان چەيلەنگەن ئازاپ چېكىپ، خارلىنىپ.
قانچە - قانچە باتۇرلار بۇندا ئولگەن - تۈگىگەن،
شۇ سەۋەپتىن قەشقەرلىق: "ۋەيلىن دوزاق بۇ" دىگەن.
ئىسمىم ئىدى دۇباۋجۇڭ، كەلگەن ئىدىم يەنئەندىن،
گۈزەل قەشقەر جاي بەرگەن ئەتىۋالاپ سىفەندىن.
ھەجەپ جەسۇر ياش ئىدىم ئەل بەختىگە كۆيۈنگەن،
شۇ ئەل بەرگەن بەلۋاغدا بىلىم مەھكەم چىگىلگەن.
ۋەھشى جاللات گومىنداڭ بىزگە قىلىپ خىيانەت،
بۇزدى ئون بىر بېتىمنى، باشقا چۈشتى مالامەت.
ئىس - ئىسچىلار ھەر ياندا ماراپ-پايلاپ يۈرۈشتى،
كىم ئادالەت ئىستەركەن، شۇنى دەرھال تۇتۇشتى،
ئىيۇل ئىدى، تۈن كېچە شامال ھۇشتەك چالاتتى،
تۇتەك باسقان ئاسماندىن سىم-سىم يامغۇر ياغاتتى.
كونا، ئەبجەق بىــرشىرە توشۇك تامان قويۇلغان،
ھىساپ، تارىخ، تەبىئەت، تىل كىتاۋى تىزىلغان.
كۆيەر ئىدى جىن چىراق خىرە - شىرە نۇر چېچىپ،
بىر دىلگەنتىم كىتاپقا ھەۋەسلىنىپ، قىزىقىپ.
ياغار ئىدى يامغۇرمۇ بارغانسېرى ئەۋدەپ،
كەلدى ئىشكىم ئالدىغا ئاللا كىملەر ھەمدەپ.
قوپقىن! - دىدىم ئەنسىرەپ، - بىر شەپە بار ئانىسى،
تاشقىرىدىن ئاڭلاندى ئادىمزات تاۋۇشى.
ئارقىسىدىن تاكىلداپ ئۇينىڭ ئىشىگى قېقىلدى،
تاڭ - تاڭ قىلىپ ساماغا ئىككى پاي ئوق ئېتىلدى.
— چىرىڭ بەد بەخ، دىدىم - دە، غەزەپتولدى دىلىمغا،
تەييارلىنىپ كۆرەشكە پالتا ئالدىم قولۇمغا.
قەتئىي كۆرەش قىلاتتىم مەھكەم تۇتۇپ پالتىنى،

① ھىلال ئەھمەر — قىزىل يېرىم ئاي شىپاخانىسى

زورلۇق قىلىپ ئۇلارمۇ چاقتى ئۇينىڭ ئىشىگىنى.
نىمە بولسام بولاي دەپ باشنى تۈگۈپ قولتۇققا،
چىرىكلەرگە تەڭ تۇردۇم پىسەن قىلماي مىلتىققا.
«تويغان بولساڭ جېنىڭدىن كىرىش قېنى بۇ ياققا،
كوتا خيال ئەيلەشمە، پالتا يەيسەن قۇلاققا»—
دەپ قۇتۇلماق يولىنى ئىزلەيتتىم ھەم ئويلايتتىم،
ئەركىنلىكنى، ھۆرلۈكنى، ئۆز بەختىمنى قوغدايتتىم.
يىغلىشاتتى قورقۇشۇپ بالىلىرىم دەھشەتتىن،
خوتۇنۇم ئاھ چېكەتتى بۇ مۈشكۈلدىن، كۈلپەتتىن.
ئۇتۇپ كەتتى بىر مەھەل، مىختەك تۇرۇپ تىركەشتىم،
زوراۋانلىق ئالدىدا مەرتلىكىمنى كورسەتتىم.
قارار قىلدى چىرىكلەر دەردىزىنى چىقىشقا،
ئىككى ياندىن قورشاپلا مېنى باغلاپ ئېلىشقا.
چۆل - چۆل قىلىپ، پاچاقلاپ دىرىزىنى چىقىشتى،
ئۆزلىرىنى ئۆيۈمگە ئاچ بورىدەك ئېتىشتى.
تارتىپ قالدىم يالغۇزلۇق شۇ ياغۇرلۇق كېچىدە،
ئىككى ياندىن چىرىكلەر قورشىۋالدى زىچچىدە.
باش كېسەرلەر باغلىشىپ مېنى سالدى ئالدىغا،
رەھىم، شەپقەت قىلمىدى باللىرىمنىڭ ھالىغا.
ئادەم يىگۈر قۇشخانا تۈرمىسىغا قاماشتى،
بۇ ئەلەملىك پىراقتىن قەلبىمگە ئوت تۇتاشتى.

مۇزدەك سۇغاق كامىردا، ياتار ئىدىم خىيالدا،
بولۇپ قاتتىق بىتاقەت ھەسرەت چېكىپ يىغاندا.
ئاڭلىناتتى بۇلۇڭدىن بىر يىگىتنىڭ نالىسى،
بىلىنەتتى سوزىدىن: ئۇنىڭ ئىستەك ـ غايىسى.
دەيتتى: دەرتلىك يىتىممەن، بىر يىگىتمەن ناتاۋان،
زۇلۇم ـ كۈلپەت دەستىدىن خازان بولۇپ نالىغان ...
ئېغىر ـ ئېغىر تىناتتى ... گاھى بولۇپ جىممىدە،
" مەرھۇم ئاتام، جان ئانام " دەپ قوياتتى گېپىدە.
تېپىۋالدىم بۇ يەردىن كۈلپەت تارتقان بىر قاياش،
زومىگەرنىڭ زۇلمىدىن زارلىناتتى ئۇ يولداش.
دەھشەت ئازاپ دەستىدىن ھالسىزلىنىپ، سارغىيىپ،
بەدەنلىرى تاياقتىن زىدە بولغان قاپىرىپ.
— ئاھ، بىچارە يىتىم! ـ دەپ يولىۋىدىم بېشىنى،
— سىز كىم؟ ـ دىدى ئېقىتىپ تارام ـ تارام يېشىنى.

— بايان ئەيلە زارىڭنى هالىڭ ئىچۈك ئەي يىتىم؟
ئەلگە بەخت ئىستىگەن مەن بىر قەيسەر مۇئەللىم.
يىتىم ئېچىپ كوزىنى بىر «پاسىبان» تاپقاندەك،
ئەيتىپ بەردى شۇ كېچە هاياتىدىن بىر چوچەك...

ئاتۇشۇمىنىڭ جەنۇبى — قۇمالتاغىنىڭ قېشىدا،
ياتار كىچىك بىر يېزا كۇلپەت ئۈچۈپ بېشىدا.
ئىسمى ئۈنىڭ قۇم سېغىز، گىرداۋى چول — قاقاسلىق،
تېرىقچىلىق يەرلىرى شىۋاق بىلەن يانتاغلىق.
قىرىق كۈندە بىر قېتىم كىلىدۇ سۇ نوۋىتى،
ئىچىشكىمۇ يەتمەيدۇ يوقسۇللارنىڭ قۇربىتى.
قۇدۇقلاردىن سۇ ئېچىپ قالساق بەزگەك بولىمىز،
چامغۇر، پىياز تېرىساق شۇ سۇ بىلەن قىلىمىز.
قاخشال بولۇپ دەرەخلەر، تۈكۈپ باغلار يوپۇرماق،
مۇشكۇل بولدى كىشىگە قۇم سېغىزدا ياشىماق.
چىقساق ئىشىك ئالدىغا شورلۇق ياتار بىزدىرىپ،
يۇرۇشىدۇ ئۇستىدە مىڭلىغان جان گېزدىرىپ.
ئېغىر تىنىپ كىشىلەر قايغۇ — هەسرەت چېكىدۇ.
هەمرا بولۇپ قايغۇغا ئاسمان يېشىن توكۇدۇ.
سەهەر تۇرۇپ نەچچىسى خوجۇن يۇدۇپ كېتىدۇ،
يات ئىشىكىگە دوقۇلداپ قىيلىنىدۇ، ئولىدۇ.
هەم قانچىسى هەر كۇنى چىقىپ كېتەر سايلارغا،
ئېشىگىنى هەيدىشىپ ئالدىرايدۇ تاغلارغا.
ئۇيان — بۇيان چېپىشىپ يىغىشىدۇ ئوت — خەشەك،
زاغزاق، يانتاق، چاكاندا، قالاش ئۈچۈن هەم تىزەك.
ئېشىگىگە ئارتىشىپ سەرسان بولۇپ يۇرتمۇ — يۇرت،
كوچا — كوچا يۇرۇيدۇ نالە قىلىپ، قايغۇرۇپ.
سېتىلغاندا ئىككى نان ئېلىپ كىلەر ئويىگە،
ئالۋاك ئۈچۈن ئالتە پۇل توگۇپ كىلەر بىلىگە.
ئاللا قانچە كىشىلەر بولۇپ موزدۇز — سەتىراچ،
ئوتكۇزۇدۇ كۇنىنى ياماق ياماپ، ئېلىپ چاچ.
توزچىلارمۇ توز ئېلىپ سەهەر كىتەر نىشانىسىز،
لىۋى قۇرۇپ، ئېچىقاپ كەچتە كىلەر دەرمانىسىز.
شۇنداق قايغۇ — كۇلپەتتە ئوتۇپ بىزنىڭ كۇنىمىز،
تەگسىزلىكنىڭ غارىدا ئۇپراپ كىتەر جېنىمىز.
تەركى دۇنيا بولۇپ بىز يۇرۇپ مازار ئارىلاپ،
تاپىنىمىز تىشلەر نەزرە — چىراغ مارىلاپ.

(داۋامى بار)



↑ يولداش ۋاكئېنماۋ

قەشقەردە

سۈرەتنى لى جۈتمك تارتقان.




جۇڭگوچە رەسىم

توي خېتى ئېلىش ←

لوبۇل ھېكىم سىزغان

ئورسۇن ھوشۇر سۈرەتكە ئالغان

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى




## قەشقەر ئەدەبىياتى (13 - يىل نەشرى)

1984- يىل 2- سان (ئىككى ئايدا بىر چىقىدۇ)

---

نەشرى: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت ئىشخانىسى

تۈزگۈچى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

«قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى ۋاكالىتەن ساتىدۇ

فورماتى: 1092 × 787 م م، 1/16، 8 تاۋاق

پارچە سېتىلىش باھاسى: 35 فۇڭ، ژۇرنال نومۇرى 62—58

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىياتچىلىق

ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تىزىم نومۇرى: 041

---

## 《喀什噶尔文学》（双月刊）

1984 年 第 二 期

编辑：《喀什噶尔文学》编辑部
喀什地区文艺创作办公室

印刷：《喀什日报》印刷厂

订阅：全国各地邮电局（所）

代售：各地邮电局及新华书店

开本：1092×787MM1/16，8 印张

代号：58—62　单价：0.35 元

新疆维吾尔自治区期刊登证 041 号